ميرسۇلتان ئوسمانوۋ

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى

تەھرىرى: ئەنسەردىن مۇسا
مەسئۇل تەھرىرى: ئوسمان نادىر

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

1990 - يىل، ئۈرۈمچى

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى

*

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9 - قورۇ)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168 × 850 مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 8.875
1989 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
1990 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 7—5371—0423—9/H·4
سانى: 1 — 1.700
باھاسى: 2.00 يۈەن

# نەشرىياتتىن

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» ناملىق بۇ ئەسەرنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى مىرسۇلتان ئوسمانوۋ يازغان. بۇ ئەسەر مەملىكىتىمىزدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى مەسىلىلىرى سىستېمىلىق، ئەتراپلىق بايان قىلىنغان تۇنجى ئىلمىي ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر ئاپتورنىڭ نەچچە ئون يىللار داۋامىدا شەخسەن ئۆزى قاتناشقان كۆپ قېتىملىق تىل تەكشۈرۈش، دىئالېكت تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېرىشكەن بىرىنچى قول مول ماتېرىياللار ئاساسىدا ھەمدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەسىپداشلارنىڭ ئالاقىدار ماتېرىياللىرىنى توپلاش، رەتلەش، تەھلىل قىلىش ئاساسىدا يېزىلغان. بۇ ئەسەر ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان نەچچە ئون يىللىق ئىلمىي تەكشۈرۈش، ئىلمىي تەتقىقاتىنىڭ بىر زور نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئەسەردە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى بۆلۈشنىڭ توغرا ئۆلچىمى، شۇ ئۆلچەم بويىچە ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنىڭ بۆلۈنۈشى (جۈملىدىن ئاساسىي جۇغراپىيىلىك چەك - چېگرىسى)، ھەربىر دىئالېكتنىڭ، خۇسۇسەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسىي دىئالېكتى

بولغان مەركىزىي دىئالېكتنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي تىل بىلەن بولغان ئىچكى باغلىنىشى، ھەربىر دىئالېكتقا تەۋە شېۋىلەر ۋە باشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر جانلىق، ئىپىك ماتېرىياللار بىلەن بىرقەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

بۇ ئەسەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتولوگىيىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈن مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

بىز بۇ ئەسەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتى دائىرىسىدە يەنىمۇ ئومۇملاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش جەھەتتە، ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى مەسىلىلىرىنى توغرا تەتقىق قىلىش ۋە توغرا ھەل قىلىش جەھەتتە بەلگىلىك نەزەرىيىۋى ھەم ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ ھېسابلايمىز.

## مۇندەرىجە


گىرىش سۆز ........................................ 1

1. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى ۋە ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى بۆلۈش توغرىسىدىكى قاراشلار ............... 8

2. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى ئايرىش ئۆلچىمى ۋە ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنىڭ بۆلۈنۈشى ............................. 25

3. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى .......... 56

1. مەركىزىي دىئالېكت ................................ 56

1) ئۈرۈمچى شېۋىسى ............................. 58

2) ئىلى شېۋىسى ................................. 60

3) تۇرپان شېۋىسى .............................. 61

4) قەشقەر شېۋىسى .............................. 76

5) ئاتۇش شېۋىسى ............................... 81

6) قۇمۇل شېۋىسى ................................ 85

7) دولان ئۇيغۇرلىرى ۋە تارىم شېۋىسى ......... 98

A. دولان ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا .......................

B. تارىم شېۋىسى ................................ 115

8) مۇغال شېۋىسى ............................... 132

9) گۇما شېۋىسى ........................................ 147

2. خوتەن دىئالېكتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى...... 157

3. لوپنۇر دىئالېكتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى...... 174

4. كەلپىن شېۋىسى ................................ 190

5. ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىغا ئائىت تېكىستلار
توغرىسىدا ........................................ 217

لوپنۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن پارچىلار ............ 231

خوتەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن پارچىلار ............ 249

پايدىلىنىلغان ئەسەرلەر ................................ 274

# كىرىش سۆز

مەملىكىتىمىزدە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات نىسبەتەن كېيىنرەك قولغا ئېلىندى. 1955 - يىلى ۋە 1956 — 1957 - يىللىرى ئاپتونوم رايونىمىزدا هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئومۇمىيۈزلۈك تىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىز هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان مەركىزىي دىئالېكتنى ۋە هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۆلچەملىك تەلەپپۇزى — ئۈرۈمچى تەلەپپۇزىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدۇق.

شۇندىن بۇيان، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ئۈستىدە بولغان تەتقىقاتىمىزنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى يېزىق شەكلى ۋە جانلىق تىل شەكلى بويىچە قېلىپلاشتۇرۇپ، مۇقىملىققا ئىگە قىلىش يۈزىسىدىن هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى، ئىملا لۇغىتى، تەلەپپۇز قائىدىسى ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى قاتارلىق تەتقىقات نەتىجىلىرى مەيدانغا چىقتى. بۇنىڭ بىلەن هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىستېمالىدىكى بىر قىسىم مۇهىم نەزەرىيىۋى هەم ئەمەلىي مەسىلىلەر هەل قىلىندى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئۇيغۇر تىلى دىئالېكىتلىرىغا نىسبەتەن، جۈملىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇھىم ئاساس بولغان مەركىزىي دىئالېكتقا نىسبەتەن يۈكسەك ئابرويغا ئىگە بولۇپ تۇرماقتا ۋە ئۇلارغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتمەكتە.

لېكىن، يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇيغۇر خەلقى ياشاپ كەلگەن جۇغراپىيىۋى مۇھىتتا، ئۇزاق دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ شەكىللەنگەن دىئالېكتلىق پەرقلەر (گەرچە بەزى تىللارنىڭ دىئالېكتلىق پەرقلىرىدەك ئۆزئارا ئۇقۇشۇشقا توسالغۇ بولارلىق دەرىجىدە چوڭ بولمىسىمۇ)تا ھازىرغىچە مەلۇم دەرىجىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بىرىنچىدىن، بۇ دىئالېكتلىق پەرقلەرنىڭ تۈگەپ كېتىشى ئۈچۈن مەلۇم جەريان كېرەك بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئەڭ مۇھىمى، دىئالېكتلار مەيلى لېكسىكىلىق جەھەتتە، مەيلى گراماتىكىلىق جەھەتتە مىللىي ئەدەبىي تىلىمىزنى بېيىتىدىغان مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي تىلىمىزنى بېيىتىش ۋە ئۇنى تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى تەتقىقاتىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

مەسىلەن: لېكسىكىلىق نۇقتىدىن ئالغاندا، ئەدەبىي تىلىمىزدا
قوللىنىلىۋاتقان «p'ort'utʃk'a — رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان
سۆز»، «p'oza — خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز»،
«q'aq syji»، «seriq' ɛt jeriq'i» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ
ئورنىغا دىئالېكتلاردا «ɦawadan <ɦawa + dan»، «jajʁu<
«jaj + ʁu»، «tʃ'yllɛ»، «tʃ'iq'uq'» سۆزلىرى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ

گېپىنىكى سۆزلەر ئەدەبىي تىلىمىزغا يات تۇيۇلمايلا قالماستىن، بەلكى ئالدىنقىلىرىغا نىسبەتەن ئىخچام، چۈشىنىشلىك ۋە قوللىنىشقا ئەپلىك. دىئالېكتلاردىكى مۇشۇنداق خاراكتېردىكى سۆزلەردىن ئەدەبىي تىلىمىزغا قوبۇل قىلىنىپ ئومۇملىشىپ كەتكەنلىرى ئاز ئەمەس. گراماتىكىلىق نۇقتىدىن ئالغاندا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خوتەن دىئالېكتىغا خاس بولغان پېئىللارنىڭ زۆرۈرىيەت رايى فورمىسىنىڭ ئەدەبىي تىلىمىزدا خېلى كەڭ قوللىنىلىشى بىلەن ئەدەبىي تىلىمىزنىڭ پېئىللار سىستېمىسىدا بىر يېڭى گراماتىكىلىق مەنە ۋە گراماتىكىلىق فورما ھاسىل قىلىنغان بولدى.

ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتولوگىيىسى ساھەسىدە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى لۇغىتىنى، خەرىتىسىنى ئىشلەش نۆۋەتتىكى مۇھىم خىزمەتلىرىمىزنىڭ بىرى دەپ قارالماقتا. بۇ خىزمەتمۇ بىزنىڭ دىئالېكتلار تەتقىقاتى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىشىمىزغا مۇھتاج.

ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى تەتقىقاتى يالغۇز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىستېمالىدىكى مەسىلىلەر ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخى، جۈملىدىن تۈركىي تىللار تەتقىقاتىدىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ تۇرماقتا.

مەن ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى مەسىلىلىرى بويىچە 1955 - يىلى قەشقەر شەھەر ئىچىدە، ئوپال رايونىدا، پەيزىۋات ناھىيىسىدە، 1956 — 1957 - يىللىرى خوتەن ۋىلايىتى (گۇما، قارىقاش، ئىلچى، لوپ، چىرا، نىيە، كېرىيە ناھىيىلىرى) دە، 1961 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ مىرسالى، كۆز-

لەك، تىكەنلىك، يېڭىسۇ يېزىلىرىدا، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ مىرەن يېزىسىدا، 1959 — 1960 - يىللىرى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇزى مەسىلىسىنى نۇقتا قىلغان ھالدا تۇرپان ئاستانىدا، ئۈرۈمچى شەھىرىدە، ئۈرۈمچى دىئوپو رايونىدا، 1965 - يىلى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتىنى تۈزۈشكە ئائىت بەزى مەسىلىلەرنى ئېنىقلاش يۈزىسىدىن قەشقەر شەھەر ئىچىدە ۋە خوتەن ئېلچىدا تىل تەكشۈرۈشكە قاتناشتىم. 1980 - يىلى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى بەزى لېكسىكىلىق مەسىلىلەرنى ئېنىقلاش يۈزىسىدىن قەشقەر ئاتۇشتا، يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ سۆگەت يېزىسىدا، 1986 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ داشۆ ۋە مەركىزىي مىللەتلەر شۆبىيىدىن ئىبارەت تۆت ئورۇننىڭ ھەمكارلىقى بىلەن تەشكىللەنگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسۋىرىي گراماتىكىسىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى» نىڭ ھاۋالە قىلىشى بىلەن ئايرىم شېۋىلەر ① نى ۋە دىئالېكتلار چېگرىسىنى نۇقتا قىلغان ھالدا ئاتۇش، يەكەن، قاغىلىق، مەكىت، يوپۇرغا، مارالبېشى، كەلپىن، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق ناھىيىلەردە ئېلىپ بېرىلغان تىل تەكشۈرۈشلەرگە ئۇستازىمىز ئىبراھىم مۇتىئى بىلەن بىللە قاتناشتىم.

مەن كىتابخانلار ئالدىغا قويۇلۇۋاتقان بۇ ئەمگىكىمدە ئالدى بىلەن ئۆزۈم ئىشتىراك قىلغان ئەمەلىي تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق ئىگىلىگەن ماتېرىياللار ۋە ئۇنىدىن قالسا، دۆلەت

---

① مەن «شېۋە» سۆزىنى «گوۋور» ئورنىدا ئىشلەتتىم.

ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەسپداشلارنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق ئېلان قىلغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزمەكچى، ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى بۆلۈش ئۆلچىمى ۋە ئۇلارنىڭ چېگرىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتمەكچى.

يېقىندىن بېرى پىكىرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ تۇرۇشى ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇردۇ، بۇ ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنىڭ ھازىرقى ۋە تارىخىي ئەھۋالىنى يورۇتۇشقا، تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا پايدىلىق.

ئاخىردا بۇ ئەمگىكىمدە ماڭا ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرى بىلەن ياردەمدە بولغان ئۇستازىمىز تەتقىقاتچى ئىبراھىم مۇتىئى، كەسپداشلىرىمىز پروفېسسور خەمىت تۆمۈر ۋە مۇئاۋىن تەتقىقاتچى ئامىنە غاپپار خانىم قاتارلىق يولداشلارغا ئۇلارنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرى ئۈچۈن ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ئەمگەكنى كەڭ كىتابخانلارنىڭ تۈزىتىپ، تولۇقلىشىغا ۋە ھەتتا تەنقىد قىلىشلىرىغا موھتاج دەپ تونۇيمەن.

دىئالېكتولوگىيە تەتقىقاتىدا دىئالېكت ماتېرىياللىرىنى توغرا خاتىرىلەش ۋە توغرا تەلەپپۇز قىلىش ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇشۇ ئېھتىياج تۈپەيلىدىن كىتابىمىزدا خەلقئارا ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى قوللىنىلدى. قوللىنىلغان خەلقئارا ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرىنىڭ ھازىرقى يېزىقىمىزدىكى ھەرپ بەلگىلىرى بىلەن سېلىشتۇرمىسى تۆۋەندىكىدەك:

| خەلقئارا ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى | هازىرقى يېزىقىمىزدىكى ھەرپ بەلگىلىرى | چۈشەندۈرۈلۈشى |
|---|---|---|
| *a* | ئا | |
| ɛ | ئە | |
| o | ئو | |
| ɸ | ئۆ | |
| u | ئۇ | |
| y | ئۈ | |
| e | ئې | |
| ɨ | ئى | تىل ئوتتۇرا، ئېگىز سوزۇق تاۋۇش |
| i | ئى | |
| I | | [i] دىن پەسرەك، [e] دىن ئېگىزرەك، تىل ئالدى، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش |
| E | | [e] دىن پەسرەك، [ɛ] دىن ئېگىزرەك، تىل ئالدى، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش. |
| b | ب | |
| p‘ | پ | |
| t‘ | ت | |
| dʑ | ج | |
| tʃ‘ | چ | |
| χ | خ | |
| d | د | |
| r | ر | |
| z | ز | |
| ʑ | ژ | |
| s | س | |
| ʃ | ش | |

داۋامی

| | | |
|---|---|---|
| ʁ | غ | |
| f | ف | |
| q‘ | ق | |
| k‘ | ك | |
| g | گ | |
| l | ل | |
| m | م | |
| n | ن | |
| ɦ | ه | |
| w | ۋ | |
| j | ي | |
| ŋ | ڭ | |
| _h | — | جىددىي سوزۇق تاۋۇش بەلگىسى (سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇست تەرىپىگە قويۇلىدۇ) |
| ʔ | — | بوغۇز تاۋۇشى |
| ɖ | — | |
| τ | — | تىل قايرىلىپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان تاۋۇش. |

بۇلاردىن باشقا، سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشلار ئۈچۈن سوزۇق تاۋۇش بەلگىسىنىڭ ئۈستىگە سىزىقچە «ـ» قويۇلىدى، جاراڭسىزلاشقان سوزۇق تاۋۇش ئۈچۈن سوزۇق تاۋۇش بەلگىسىنىڭ ئۈستىگە «°» ئالامىتى قويۇلدى. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ دىماغلىششىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن سوزۇق تاۋۇش بەلگىسىنىڭ ئۈستىگە «~» ئالامىتى قويۇلدى. پارتىلىغۇچى تاۋۇش «k‘» نىڭ سىيرىلاڭغۇلاشقانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۈستىگە «ₒ» بەلگىسى قويۇلدى.

# 1. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى ۋە ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى بۆلۈش توغرىسىدىكى قاراشلار

ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن ئېتىبارەن تەكشۈرۈلۈشكە ۋە تەتقىق قىلىنىشقا باشلانغان بولۇپ، بۇ خىزمەتنىڭ پېشۋاسى رۇس ئالىمى ن. ئى. ئىلمىنىسكىيدۇر. ن. ئى. ئىلمىنىسكىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان دەۋر ئومۇمەن ئالغاندا ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ۋە شېۋىلىرى ئالدىنقى دەۋرلەرگە نىسبەتەن ئۆزئارا بىرقەدەر يېقىنلىشىۋاتقان دەۋر بولۇپ، بۇ دەۋرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش ھارپىسى دەپ ھېسابلاش مۇمكىن. ن. ئى. ئىلمىنىسكىيدىن كېيىن، يەنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى شەكىللىنىشكە باشلىغان دەۋرلەردىن تا ھازىرغىچە رۇس ۋە باشقا ياۋروپا ئالىملىرىدىن ن. ف. كاتانوۋ، ن. پانتۇسوۋ، ئا. لېكوك، س. يې. مالوۋ، گ. راكۆيتتى، گ. ياررىڭ، ئە. ر. تېنىشېۋ، غ. سەدۋاقاسوۋ قاتارلىقلار ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى بىۋاستە تەكشۈرگەن، تەتقىق قىلغان ۋە ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت

لىرىغا، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت ماتېرىياللارنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

بۇ ساھەدە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردىن غ. سەدۋاققاسوۋنىڭ «فەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى» (1976 - يىل، ئالمۇتا) دېگەن ئەسىرى سوۋېت ئۆزبېكىستانى فەرغانە ۋادىسىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ شېۋە ئالاھىدىلىكلىرىگە بېغىشلانغان بولۇپ، قالغان كۆپلىگەن ئەسەرلەر شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىغا تەئەللۇق. بۇلارنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەر:

س. يې. مالوۋ — «قۇمۇل شېۋىسى» (1954 - يىل، موسكۋا — لېنىنگراد)، «لوپنۇر دىئالېكتى» (1956 - يىل، فرونزى)، «شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» (1961 - يىل، موسكۋا).

گ. ياررىڭ — «ئۇيغۇرچە - ئىنگلىزچە لۇغەت» (1964 - يىل، لوند) (بۇ لۇغەت گ. ياررىڭنىڭ قەشقەر، تاشمىلىق، يەكەن، گۇما، كۇچا، خوتەن قاتارلىق جايلاردا بىۋاسىتە ئېلىپ بارغان ياكى شۇ يەرلىك كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىشى ئارقىلىق ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرى ئاساسىدا تۈزۈلگەن).

ئە. ر. تېنىشېۋ — «شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» («سوۋېت تۈركولوگىيە تەتقىقاتى»، 1963 - يىل)

«ئۇيغۇرچە تېكىستلار» (1984 - يىل، موسكۋا).

«دولانلار ۋە ئۇلارنىڭ تىلى» (1965 - يىل، «ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى»).

بۇلاردىن ئە. ر. تېنىشېۋنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» دېگەن ماقالىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ھەققىدە ئۆزىگە قەدەر بولغان تەتقىقات ۋە كۆز قاراشلارنى يىغىنچاقلاش، ئۇلار ئۈستىدە ئومۇمىي تەھلىل يۈر-

گۈزۈش ۋە ئۆزىنىڭ 1956 — 1957 - يىللىرى شىنجاڭدا ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت ۋە شېۋىلىرى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئومۇمىيۈزلۈك تىل تەكشۈرۈشكە قاتنىشىشى ئارقىسىدا ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراشلىرى (بۇ كۆز قاراشلار بىزنىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى هەققىدىكى كۆز قاراشلىرىمىز بىلەن ئاساسەن ئوخشاش) بىلەن ئالاهىدە ئەهمىيەتكە ئىگە.

مەملىكىتىمىز دائىرىسىدىن ئالغاندا، ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى 1955 - يىلىدىن باشلاپ دەسلەپكى قەدەمدە، 1956 — 1957 - يىللىرى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئايرىم تېمىلار بويىچە بەزى شېۋىلەر نۇقتىلىق هالدا تەكشۈرۈلۈپ تۇرغان. مەملىكىتىمىز دائىرىسىدە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى هەققىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرنىڭ مۇهىملىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ:

ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى — «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئۇنىڭ ئاتالغۇلىرىنى ئىشلەش» (1956 - يىل 10 - ئاۋغۇست، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىق ئىلمىي يىغىنىغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ تاپشۇرۇشى بويىچە بېرىلگەن دوكلات).

ئامىنە غاپپار خانىم — «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ۋە مىللىي ئەدەبىي تىلىمىزنىڭ ئاساسىي دىئالېكتى هەم نورمال تەلەپپۇزى» («民族语文» ژۇرنىلى، 1980 - يىل 2 - سان).

لى سېڭ ئەپەندى — «ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىئالېكتى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، قوشۇمچە: هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسىي دىئالېكتى» («中国民族语言论文集»، 1986 - يىل، سىچۇەن مىللەتلەر نەشرىياتى).

چېن زۇڭجېن ئەپەندى — «ئۇيغۇر تىلى چەرچەن شىۋىسىدىكى شىۋىگە خاس سۆزلەر» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1985 - يىل 1 - سان)

جېن شاگيى خانىم — «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى كېرىيە شىۋىسىنىڭ تەلەپپۇزى توغرىسىدا» («شىنجاڭ سانائەت شۆيۈەنى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1984 - يىل).

ئارسلان ئابدۇللا — «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇمۇل شىۋىسى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1985 - يىللىق مەخسۇس سان).

گاۋ شىجيې ئەپەندى — «لوپنۇر دىئالېكتىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1985 - يىللىق مەخسۇس سان).

«ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى بۆلۈش مەسىلىسى توغرىسىدا» (تۈركىي تىللار ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 1985 - يىلى ئېچىلغان 4 - قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا سۇنۇلغان ماقالە).

مەمەتئىبرەھىم سايىت ئەپەندى — «خوتەن دىئالېكتىدىكى زۆرۈرىيەت رايى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1986 - يىل 6 - سان).

ئابلەھەت مامۇت ئەپەندى — «كەلپىن شىۋىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1985 - يىل 1 - سان).

لى جىڭۋېي ئەپەندى — «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت سۆزلىرىنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭ دىئالېكتلارنى ئايرىشتىكى ئەھمىيىتى» (شىنجاڭ سانائەت شۆيۈەنى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلەردىن تەرجىمىلەر توپلىمى» 1985 - يىل).

مۇھەببەت قاسىم — «مۇرتۇق شېۋىسى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1985 - يىللىق مەخسۇس سان).

رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا ئەپەندى — «تۇرپان شېۋىسى توغرىسىدا»، («شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987 - يىل 2 - سان).

مىرسۇلتان ئوسمانوۋ — «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىئالېكتى (قىسقىچە تونۇشتۇرۇش)» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى تەتقىقاتى»، 1982 - يىل 2 - سان).

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسىي دىئالېكتى ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك توختالغانلىقى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، يۇقىرىقى ئەمگەكلەردىن ئامىنە غاپپار خانىم، لى سېڭ ئەپەندى ۋە گاۋ شىجيې ئەپەندىلەرنىڭ ماقالىلىرىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىنى ئايرىش ئۆلچەملىرى توغرىسىدا كەسپداشلىرىمىزنىڭ كۆز قاراشلىرى بىر خىل ئەمەس. شۇڭا بۇ توغرىدا چىقىرىلغان ئىلمىي خۇلاسىلەردىمۇ بەزى ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت. تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى قاراشلارنىڭ مۇھىملىرىدىن بىرقانچىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتەيلى:

ن. ئى. ئىلمىنسكىي «پۈتۈن شىنجاڭدا (ئۇيغۇر تىلى بويىچە ئالغاندا — ئاپتور) پەقەت بىرلا تىل بار، ئۇنىڭ پەرقلىرى ئانچە چوڭ بولماسلىقى مۇمكىن» ① دەيدۇ.

س. يې. مالوۋ ئىلمىنسكىينىڭ بۇ قاراشلىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، لېكىن لوپنۇر دىئالېكتىنى ئايرىم كۆرسىتىدۇ.

---

① ئە. ر. تېنىشېۋ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى»، خەنزۇچە تەرجىمىسى، «قەشقەر سىفەن شۆيۈەن ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1983 - يىل 1 - سان، 17 - بەت.

گ. ياررىڭ ئىنفىسىزلىقنى بىلدۈرگۈچى ʃmi فورمىسىنى ئۆلچەم قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى مۇنداق ئىككىگە بۆلىدۇ:

a. جەنۇبىي دىئالېكت (ئاقسۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

b. شىمالىي دىئالېكت (كۇچا شۇنىڭ ئىچىدە).

ن. ئا. باسكاكوۋ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى ئومۇمىي ئۆلچەم بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەرقايسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا (پەقەت بىرىنچى گۇرۇپپا بىلەن ئىككىنچى گۇرۇپپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا [i] بىلەن [ɨ] نىڭ ئايرىم فونېما ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى، ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئوتتۇرىسىدا [q‘]، [k‘] تاۋۇشلىرىنىڭ مۇقىملىقى ياكى مۇقىم ئەمەسلىكىنى يەنى جاراڭلىقلىشىشنى ئورتاق ئۆلچەم قىلغان ھالدا) تۆۋەندىكىدەك تۆت گۇرۇپپىغا بۆلىدۇ:

بىرىنچى گۇرۇپپا — جەنۇبىي دىئالېكتلار:

a. قەشقەر – يەكەن دىئالېكتى بىلەن يېڭىسار شېۋىسى.

b. خوتەن – كېرىيە دىئالېكتى بىلەن چەرچەن شېۋىسى.

c. ئاقسۇ دىئالېكتى.

ئىككىنچى گۇرۇپپا — شىمالىي دىئالېكتلار:

a. كۇچا – تۇرپان دىئالېكتى (قاراشەھەر، كۇچا، تۇرپان، قۇمۇل ۋە باشقا شېۋىلەر).

b. ئىلى (غۇلجا) دىئالېكتى (سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ مۇشۇ دىئالېكتتا).

ئۈچىنچى گۇرۇپپا — لوپنۇر دىئالېكتى.

تۆتىنچى گۇرۇپپا — گەنسۇ دىئالېكتلىرى: سالار ۋە سېرىق ئۇيغۇر دىئالېكتلىرى①.

---

① ن. ئا. باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللار»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، 332 — 333 - بەتلەر، 1986 - يىل، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى.

ئە. ر. تېنىشېۋ شىمالىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا mil — فورمىسى قوللىنىلىدىغانلىقى ئۈچۈن گ. ياررىڭنىڭ بۇ فورمىنى ئۆلچەم قىلىشقا قوشۇلمايدۇ ۋە ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ھەققىدىكى ئوخشاشمىغان كۆز قاراشلارنى بىر قۇر يەكۈنلەپ:

a. [i] ۋە ئۇنىڭ ۋارىئانتى [ɨ] نىڭ قوللىنىلىشى.

b. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئوڭ ماسلىشىشى (مەسىلەن، barɨp‘ — بېرىپ، joldoʃ — يولداش).

c. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەتۈر ماسلىشىشى (مەسىلەن، t‘omur — تومۇر، berip‘ — بېرىپ)*

d. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلاتسىيىسى (مەسىلەن، q‘ɨzzar — قىزلار، t‘ϕjjaʃ — تۆت ياش).

e. ھازىرقى - كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ بىرىنچى شەخس فورمىسى (مەسىلەن، barɨdimɛn ~ barɨt‘mɛn ~ barɨmɛn — بارىمەن).

f. ھازىرقى - كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئۈچىنچى شەخس فورمىسى (مەسىلەن، k‘elit‘u ~ k‘elidu — كېلىدۇ، barɨt‘u ~ barɨdu — بارىدۇ) دىن ئىبارەت ئالتە خىل ئۆلچەم بويىچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى تۆۋەندىكى ئۈچ قىسىمغا بۆلىدۇ:

بىرىنچى: غەربىي - شىمالىي دىئالېكت (ياكى مەركىزىي دىئالېكت) — تۇرپان شېۋىسى، كۇچا شېۋىسى، ئاقسۇ شېۋىسى، قەشقەر شېۋىسى، يەكەن شېۋىسى ۋە بۇلاردىن باشقا ئىلى،

---

* بىرىنچى ئىككىنچى ماددىدىكى «barɨp‘» سۆزىنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى پەس سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە ئاجىزلاشماسلىقىغا، ئۈچىنچى ماددىدىكى «t‘omur، berip‘» لار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە ئاجىزلىشىشىغا مىسال بولىدۇ.

قۇمۇل، قاراشەھەر، كورلا شىۋىلىرى مۇشۇنىڭ ئىچىدە بولۇپ، چېگرىسى: چوڭكۆل (لوپنۇر رايونىدا) دىن گۈمىشىچە.

ئىككىنچى: جەنۇبىي دىئالېكت يەنى خوتەن دىئالېكتى، چېگرىسى گۇمىدىن تارتىپ چاقىلىقىچە.

ئۈچىنچى: شەرقىي دىئالېكت يەنى، لوپنۇر دىئالېكتى، چېگرىسى: جەنۇبتا چاقىلىقتىن شىمالدا چوڭكۆلگىچە.①

ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى شۇ دوكلاتتا ئومۇمىي ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ۋە ئۇلارنى ئايرىش ھەققىدىكى ئۆلچەملەر توغرىسىدا سۆزلىمەيدۇ، بەلكى دوكلاتنىڭ تېما چەكلىمىسىدىن بولسا كېرەك، پەقەت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىلى، تۇرپان، قەشقەر — ئۈچ شىۋىنى ئاساس قىلغانلىقىغا دائىر بىر قىسىم فونېتىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق ئاساسلارنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ.

ئامىنە غاپپار خانىم ئۆز ماقالىسىدە mil - فورمىسىنىڭ دىئالېكت ۋە شىۋىلەرنى ئايرىش ئۆلچىمى بولۇشىغا قوشۇلمايدۇ ۋە ماقالىسىدە دىئالېكتلارنى ئايرىش ھەققىدىكى ئورتاق ئۆلچەملەرنى ئوتتۇرىغا قويمىسىمۇ، ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى ئە. ر. تېنىشېۋقا ئوخشاش ئۈچكە بۆلىدۇ ۋە يەكەن، قاغىلىق شىۋىلىرىنى قەشقەر شىۋىسىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزىدۇ.

لى سېڭ ئەپەندىنىڭ ئۆز ماقالىسىدە دىئالېكتلارنى بۆلۈش ھەققىدىكى ئۆلچەملەرنى ئوتتۇرىغا قويمىغانلىقى ماقالە تېمىسىنىڭ چەكلىمىسىدىن بولسا كېرەك. ئاما، لى سېڭ ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدە يەكەن شىۋىسى ن. ئا. باسكاكوۋ، ئە. ر. تېنىشېۋ ۋە ئامىنە غاپپارلارنىڭ ئەكسىچە خوتەن دىئالېكتىغا قوشۇۋېتىلگەن.

ئامېرىكىلىق كەسپداشلاردىن ف. خەن (Reinhard f .Hahn)

---

① ئە. ر. تېنىشېۋ، يۇقىرىقى ماقالە.

ئەپەندى ئۆزىنىڭ «تۆت تۈرلۈك يېزىقى تەتقىقاتقا باھا» دېگەن ماقالىسىدە ئامىنە غاپپارنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسى ئۈستىدە توختىلىپ، ئامىنە غاپپارنىڭ ئو. پىرىتساكنىڭ ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى ئۈچ جەنۇبىي دىئالېكت، ئىككى شىمالىي دىئالېكت ۋە بۇلاردىن باشقا بىر قانچە نىسپىي مۇستەقىل دىئالېكت — سالار دىئالېكتى، يۇغۇر (سېرىق ئۇيغۇر) دىئالېكتى، لوپنۇر دىئالېكتى ۋە خوتەن دىئالېكتى دېيىلگەن دىئالېكتلارغا بۆلگەنلىكىنى تىلغا ئالمىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ جەنۇبىي دىئالېكتلارنى ئاساس قىلغانلىقىنى رەت قىلغانلىقىنى، خوتەن دىئالېكتىنىڭ رولىنى تەكىتلىمىگەنلىكىنى ۋە باشقا ئالىملار تەرىپىدىن ھېس قىلىنغان، بەزى مۇستەقىل دىئالېكتلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئۆزئارا ئوخشاش فورمىلارنى (بۇ فورمىلارنى ف. خەن ئۆز ماقالىسىدە كۆرسەتمىگەن) كۆرسىتىپ ئۆتمىگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ.① سۆزنىڭ ئۇرانىدىن قارىغاندا، ف. خەن ۋە ئو. پىرىتساكنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىنى ن. ئا. باسكاكوۋ بىلەن ئوخشاش دېگىلى بولىدۇ.

گاۋ شىجيې ئەپەندىنىڭ دىئالېكت ھەققىدىكى چۈشەنچىسى مەملىكىتىمىزنىڭ مەشھۇر تىلشۇناسلىرىدىن گاۋ مىڭكەي ۋە شى ئەنشى ئەپەندىلەرگە تامامەن ئوخشاش. گاۋ شىجيې ئەپەندىمۇ ماقالىسىدە ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى ئايرىشتا سىستېمىلىق تىل ھادىسىلىرى ئاساسىدىكى، ھەممە دىئالېكتلارغا سالغىلى بولىدىغان ئۆلچەمنى ئوتتۇرىغا قويمايدۇ، ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىدىكى پەرقلەرنى كۆپىنچە فونېتىكا ۋە لېكسىكىدا ئىپادىلىنىدۇ،

---

① ف. خەن، «تۆت تۈرلۈك يېزىقى تەتقىقاتقا باھا» نىڭ «دىئالېكتشۇناسلىق قىسمى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا ژۇرنىلى «central Asiatic journal» 1986 - يىل 1 — 2 - سان.

گراماتىكىدىمۇ پەرق بار، دېگەن تونۇشتا بولىدۇ. گاۋ شىجيې ئەپەندى ئۆز ماقالىسىدە 1959 - يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرلىرى ۋاڭ لىبىڭ ۋە فۇ ماۋجى ئەپەندىلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كېيىن ئە. ر. تېنىشېۋ ۋە ئامىنە غاپپار خانىم قاتارلىق كەسىپداشلىرىمىز تەرىپىدىن كەڭ ئىزاھلىنىپ كەلگەن «ئۈچ دىئالېكت» قارىشىغا قوشۇلىدۇ ھەم بۇ ئۈچ دىئالېكتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى شەرھلەيدۇ.

بۇلاردىن باشقا مېنىڭدە 60 - يىللاردا «غەربىي - جەنۇبىي دىئالېكت» دەپ ئايرىش ئۇرۇنۇشىمۇ بولغان. مۇنداق ئۇرۇنۇشقا قەشقەر شېۋىسى بىلەن خوتەن دىئالېكتى ئوتتۇرىسىدىكى بەزى ئوخشاشلىقلار (مەسىلەن، فونېتىكىلىق جەھەتتە لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار ئاھاڭداشلىقىنىڭ ئاجىزلىقى، ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئوتتۇرىسىدىكى [q‘]، [k‘]، [p‘] تاۋۇشلىرىنىڭ مۇقىملىقى) نىلا كۆرۈش، قەشقەر شېۋىسى بىلەن خوتەن دىئالېكتىنىڭ تارىخىي جەھەتتىكى مۇناسىۋىتىگە ئارتۇقچە ئەھمىيەت بېرىپ، قەشقەر شېۋىسىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى شەكىللەندۈرۈشتە ئوينىغان رولىغا سەل قارىغانلىق سەۋەب بولغان، دېيىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىقىلارنى خۇلاسىلىگەندە، ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ئۈستىدە ئاساسەن ئىككى خىل كۆزقاراش مەۋجۇت. بىرى «ئۈچ دىئالېكت» قارىشى، يەنە بىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دائىرىسىدىن ھالقىغان ھالدا سېرىق ئۇيغۇر ۋە سالار تىللىرىنى ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى قاتارىدا ھېسابلايدىغان قاراش.

ئومۇمەن ئالغاندا، «ئۈچ دىئالېكت» قارىشىدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا ئىختىلاپلىرى ئانچە چوڭ ئەمەس. بۇلارنىڭ ئۆزئارا ئىختىلاپلىرى ياكى يېتىشسىزلىكلىرى كۆپىنچە كونكرېت ئۆلچەم-

لەر، دىئالېكتلار چېگرىسى، بەزى شېۋىلەرنىڭ تەۋەلىكى قاتارلىق مەسىلىلەردە بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئومۇمەن ئۇيغۇن. كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بۇ مەسىلىلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ جەنۇبىي شېۋىلىرىدىن ئاقسۇ شېۋىسى (بىرىنچە تارىم شېۋىسى)، يەكەن (جۇملىدىن پوسكام) ۋە قاغىلىق شېۋىلىرىنىڭ تەۋەلىكى ھەققىدىكى ئىختىلاپلار، يەكەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغا قاراپ ماڭغان ئېقىنى بويىدىكى مەكىت ناھىيىسى (ئاساسەن غازكۆل يېزىسى، يانتاق يېزىسى قاتارلىق جايلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ)، يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى دەريا بويىلاپ جايلاشقان بىر قىسىم يېزىلار (مەسىلەن، موغال تېرىم، سېرىقبۇيا، چۇقۇرچاق، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ يېزىلىرى)، مارالبېشى ناھىيىسى (ئاساسەن ئەتراپ يېزىلىرىدىن ئاقساقمارال، چارباغ، تۇمشۇق) قاتارلىق جايلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ شېۋىسى، ئاتۇش شېۋىسى، كەلپىن شېۋىسى قاتارلىق شېۋىلەر ھەققىدە مەلۇماتنىڭ يوقلۇقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئۈچ دىئالېكتتىن سىرت، ئومۇمەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دائىرىسىدىن ھالقىغان كۆز قاراشلار بىرىدە مەيلى مىللەت نۇقتىسىدىن، مەيلى تىلدىكى پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىكلەر نۇقتىسىدىن بولسۇن كەسپداشلىرىمىز قوبۇل قىلالمايدىغان كېلىشۋاتقان بىر مەسىلە بولۇپ قالماقتا.

ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ئۈستىدىكى مۇنداق ئوخشاشمىغان قاراشلار بىزنىڭ ئورتاق مىللىي تىل ۋە دىئالېكت ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمىزنىڭ بىرخىل بولماسلىقى ۋە مۇشۇنداق ھەر خىل تونۇش ئاساسىدا ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى ئايرىشتا قوللانغان ئۇسۇل ۋە ئۆلچەمنىڭ ھەر خىل بولۇشىدىن كېلىپ چىققان دېيىشكە بولىدۇ.

گاۋ مىڭكەي ۋە شى ئەنشى ئەپەندىلەر دىئالېكت ۋە دىئالېكت بىلەن ئورتاق تىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «دىئالېكت ئورتاق تىلنىڭ تارمىقى، يەنى ئورتاق تىلنىڭ يەرلىك ۋارىيانتى.»①

بۇ يەردە ئېيتىلغان «ئورتاق» تىل مەلۇم بىر ئىجتىمائىي كوللېكتىپقا، يەنى مەلۇم بىر خەلق ياكى مىللەتكە ئومۇمىي ئالاقە قورالى بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان تىلغا قارىتىلغان. مۇنداق ئورتاق تىل مەيلى تارىختا، مەيلى دەۋرىمىزدە شۇ خەلق ياكى شۇ مىللەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ تۇرغان رايوندىكى دىئالېكتنى ئاساس قىلغان ھالدا شەكىللەنگەن بولىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئالساق، ئۇ مەركىزىي دىئالېكت ئاساسىدا ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ تۇرغان ئۈرۈمچى تەلەپپۇزىنى ئۆلچەم قىلغان ھالدا يېزىق شەكلى ۋە جانلىق تىل شەكلى جەھەتتىن خېلى دەرىجىدە قېلىپلاشتۇرۇلغان ئەدەبىي تىلدۇر، دەۋرىمىزدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئورتاق ئالاقە قورالى بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقانلىقى نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئورتاق مىللىي تىلدۇر.

ما شۆلياڭ ئەپەندى دىئالېكت ئۇستىدە توختالغىنىدا «بىر تىلنىڭ تۈرلۈك رايونلاردا قوللىنىلىدىغان، ئۆزئارا مەلۇم پەرقلەرگە ئىگە بولغان ‹يەرلىك شېۋىسى› ‹دىئالېكت› دېيىلىدۇ»② دەيدۇ.

---

① گاۋ مىڭكەي، شى ئەنشى: «تىلشۇناسلىق مۇقەددىمىسى»، 1979 - يىل بېيجىڭ. 4 - نەشرى، خەنزۇچە، 221 - بەت.

② ما شۆلياڭ: «تىلشۇناسلىق مۇقەددىمىسى» 189 - بەت، 1981 - يىل.

بۇ تەبىرلەردىن شۇ نەرسە مەلۇمكى، ئورتاق تىل (مىللىي تىللار نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئورتاق مىللىي تىل) بىلەن دىئالېكتلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئومۇملۇق بىلەن ئايرىملىقنىڭ، ئاساسىي ئېقىم بىلەن تارماق ئېقىمنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، دىئالېكت چۈشەنچىسى بىر تىلنىڭ تىل ھادىسىلىرىدە ئۇنى باشقا تىللاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان سۈپەت پەرقلىرى ئاساسىدىكى چۈشەنچە بولماي، بىر تىلنىڭ ئىچىدىكى يەرلىك تارماقلىرىنى ئۆزئارا پەرقلەندۈرىدىغان سان پەرقى ئاساسىدىكى چۈشەنچىدۇر.

ف. د. سوششور «پەقەت يېنىك دەرىجىدىكى پەرقلىرى بولغان تىللا ‹دىئالېكت› دېيىلىدۇ»① دېگىنىدە بۇ چۈشەنچىنىڭ تىلدىكى سان پەرقلىرى ئاساسىغا قۇيۇلغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.

بىر ئورتاق مىللىي تىل بىلەن ئىككىنچى بىر ئورتاق مىللىي تىل ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر بولسا تۈپكى پەرقلەر بولۇپ، سۈپەت پەرقىگە ياتىدۇ.

بۇ پەرقلەر ھەرقايسى كونكرېت تىللارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ھەر خىل دەرىجىدە بولۇشى مۇمكىن. لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، دىئالېكت ياكى شېۋە چۈشەنچىسى ئورتاق مىللىي تىل دائىرىسىدىكى چۈشەنچىدۇر. ئورتاق مىللىي تىلدىن ھالقىغان دىئالېكت ياكى شېۋە كاتېگورىيىسى مەۋجۇت ئەمەس.

تىل ھادىسىلىرىدىكى سان پەرقى بىلەن سۈپەت پەرقىنى يالغۇز ئۆزئارا چۈشىنىش دەرىجىسى دەپلا قارىماسلىق كېرەك. ئەمەلىيەتتە، ھەرقايسى ئورتاق مىللىي تىللارنىڭ دىئالېكتلىرى

---

① ف. د. سوششۇر: «ئومۇمىي تىلشۇناسلىق دەرسلىكى»، 1980 - يىل، بېيجىڭ، خەنزۇچە نەشرى، 269 - بەت.

**ئارا ئۇقۇشۇش دەرىجىسى ئوخشاش بولماسلىقى تامامەن مۇمكىن. مەسىلەن: هازىرقى زامان خەنزۇ تىلىنىڭ جەنۇبىي دىئالېكتلىرى بىلەن شىمالىي دىئالېكتلىرى ئارىسىدىكى ئۇقۇشۇش** دەرىجىسى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكتلىرى ئارا بولغان ئۇقۇشۇش دەرىجىسىدىن كۆپ تۆۋەن. ھەتتا بەزى دىئالېكتلىرى ئارا جانلىق تىلدا تەرجىمان ئىشلىتىلمىسە، ئۆزئارا ئۇقۇشۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇلار هازىرقى زامان خەنزۇ تىلىنىڭ بىر دىئالېكتى هېسابلىنىدۇ ۋە هازىرقى زامان خەنزۇ تىلىنىڭ باشقۇرۇشى، تەسىرى ئاستىدا تۇرىدۇ. ئەكسىچە، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى دىئالېكتلىرى ئارا ئۇقۇشۇش دەرىجىسى، ھەتتا تۇغقان تىللاردىن ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تۈرك تىللىرى قاتارلىق تىللارنىڭ ئۆزئارا ئۇقۇشۇش دەرىجىسى خەنزۇ تىلى دىئالېكتلىرىغا نىسبەتەن كۆپ يۇقىرى، لېكىن بۇ تىللارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا مۇشۇ مىللەتلەرنىڭ ئالاقە قورالى بولۇپ، بىرى يەنە بىرىنىڭ باشقۇرۇشى، تەسىرى ئاستىدا تۇرمايدۇ، بەلكى ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس تەرەققىيات يۆنىلىشى بويىچە تەرەققىي قىلىپ كېتىۋاتقان مىللىي تىللار هېسابلىنىدۇ.

بۇ تىللاردىن ئۆزئارا نىسبەتەن يېقىن بولغان ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك تىللىرىنى ئالساق، فونېتىكىلىق جەھەتتىن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالتە ياكى سەككىز بولۇشى، سوزۇق تاۋۇشلاردىن [a]،[ɛ] لەرنىڭ ئۇچۇق بوغۇم هالىتىدە ئاجىزلىشىشىنىڭ كۈچلۈك ياكى كۈچسىزلىكى، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئاھاڭداشلىقىنىڭ كۈچلۈك ياكى كۈچسىزلىكى، لېكسىكىلىق جەھەتتە ئەرەب - پارس تىلى سۆزلىرىنىڭ، سوۋېت - ئىنتېرناتسىئونال سۆزلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، ئەرەب - پارس تىلى

قوشۇمچىلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، پارسىي سىستېمىدىكى جۈملە شەكىللىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى... قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر بۇ ئىككى تىلنىڭ سۈپەت پەرقلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ھەممىدىن مۇھىمى بۇ ئىككى مىللىي تىلنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا بىر ئىجتىمائىي كوللېكتىپقا ئالاقە قورالى بولۇپ، ئۆز ئالدىغا، ئۆزىگە خاس تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ئىگە بولۇپ تۇرغانلىقىدۇر، يەنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى ۋە تاشقى تەرەققىيات ئامىللىرى بولغانلىقىدۇر. مانا بۇ پەرق ئۇلارنىڭ سۈپەت پەرقلىرىنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمى دەپ قارىلىدۇ.

ئەكسىچە، دەۋرىمىزدىكى مىللىي تىللارنىڭ دىئالېكتلىرى ئارا، دىئالېكت بىلەن ئورتاق مىللىي تىل ئارا بولغان پەرقلەر قانچىلىك چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت سان پەرقىلا ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بىر ئورتاق مىللىي تىلنىڭ ھەرقايسى دىئالېكتلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا (يەنى ئورتاق مىللىي تىلدىن ئايرىلغان ھالدا) تەرەققىيات يۆنىلىشى بولمايدۇ، بەلكى شۇ ئورتاق مىللىي تىلنىڭ تەرەققىياتىنى دەۋر قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلىدۇ، ئاخىر بېرىپ ئورتاق مىللىي تىل ئىچىدە سىڭىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىغا نىسبەتەن گۇاڭدۇڭ شېۋىسى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن لوپنۇر دىئالېكتى مانا مۇشۇنداق شارائىتتا تۇرىدۇ. شۇڭا دىئالېكت ۋە ئورتاق تىلنى پەرقلەندۈرۈشتە يالغۇز ئۇقۇشۇش دەرىجىسىنى ئۆلچەم قىلىشقا بولمايدۇ، شۇنىڭدەك ھەممىلا مىللىي تىللارنىڭ دىئالېكتلىرىغا ئوخشاش ئۆلچەم قويۇشقا بولمايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

ھازىرقى زاماندا تەرەققىي قىلىپ ئۆز ئالدىغا بىردىن مىللىي تىل بولۇپ شەكىللەنگەن، ئۆز ئالدىغا بىردىن ئىجتىمائىي گەۋدە ھېسابلىنىدىغان خەلققە ياكى مىللەتكە ئالاقە قورالى بولۇۋاتقان تىللارنى بىر - بىرىنىڭ دىئالېكتى دەپ قارايدىغان ئەھۋال دىئالېكتلار تەتقىقاتىدا مانا شۇنداق سان ۋە سۈپەت پەرقىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىك ياكى تىللارنىڭ تارىخىي تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىگە قاراپ ھۆكۈم قىلغانلىقتىن يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ھازىرقى مىللىي تىللارغا ئۇلارنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىنلا قارالسا، تىلدىكى سۈپەت پەرقى نۇقتىسىدىن قارالمىسا، يەنى ئۇلارنىڭ ھەرقايسىنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەققىيات يۆنىلىشى ھېسابقا ئېلىنمىسا، ئۇ چاغدا مەلۇم بىر تىل گورۇپپىسىغا، مەلۇم بىر تىل تارمىقىغا مەنسۇپ تىللارلا ئەمەس، ھەتتا مەلۇم بىر تىل سىستېمىسىغا تەئەللۇق تىللارمۇ بىر تىل ھېسابلىنىپ قالىدۇ. بۇ تىللارنى قوللىنىۋاتقان ھازىرقى مىللەتلەرنىمۇ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىگە قاراپ، بىزنىڭ تارىختىن بىلەلىگەن نۇقتىمىزغىچە يىغىپ - يۆگەپ بىرلا ئىسىم بىلەن ئاتاش لازىم بولىدۇ. ھالبۇكى، مۇنداق خۇلاسىنى شۇ مىللىي تىللارنىڭ ھەقدارلىرى قوبۇل قىلالمايدۇ.

ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ئۈستىدىكى ئىختىلاپلار ئىچىدە يەنە ئايرىم بىر شېۋە رايونى قىلىپ ئايرىشقا بولمايدىغان بەزى رايونلارنى شېۋە رايونى قىلىپ ئايرىپ كۆرسىتىش ئەھۋاللىرىمۇ بار. مەسىلەن: كورلا شېۋىسى، قاراشەھەر شېۋىسى، يېڭىسار شېۋىسى ... دېگەندەك. ئەگەر مۇشۇنداق ئايرىش توغرا كېلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بۇلاردىن باشقا يەنە پوسكام شېۋىسى، مەكىت شېۋىسى، توقسۇن شېۋىسى ... قاتارلىق خېلى جىق شېۋىلەرنى بەرپا قىلىش مۇمكىن، لېكىن مۇنداق قىلىش ئۇيغۇر

تىلى شېۋىلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا تۇيغۇن كەلمەيدۇ. توغرا، كۆپ ھاللاردا دىئالېكتلار ۋە شېۋىلەرنىڭ نامى جۇغرا- پىيىۋى نام بىلەن زىچ باغلانغان، ئەمما بۇنى مۇتلەقلەشتۈر- مەسلىك كېرەك. جۇغراپىيىۋى مۇھىت گەرچە دىئالېكتلارنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئامىل بولسىمۇ، لېكىن دىئالېكتلارنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئورۇن - جاي ئامىلىدىنلا ئىبارەت. دىئالېكتلار- نىڭ شەكىللىنىشىدە ئاساسلىق ئامىل يەنىلا زامان ئامىلىدۇر. دىئالېكت مەلۇم بىر ئورتاق تىل (ياكى بىر خىل ئورتاق مىللىي تىل) نىڭ زامان ئامىلى سەۋەبىدىن مەلۇم بىر رايوندا نىسپىي مۇقىملىققا ئىگە بولغان تارمىقىدۇر. بىزنىڭ دىئالېكت ۋە شېۋىلەرنىڭ نامىنى ئومۇمەن جۇغراپىيىۋى نام بىلەن ئاتىشىمىز چوقۇم قانچە رايون بولسا، شۇنچە دىئالېكت ياكى شۇنچە شېۋە بولۇشى لازىملىقىدىن ئەمەس. ف. د. سوششورنىڭ تىللارنىڭ بۆلۈنۈشى توغرىسىدا توختالغىنىدا «زامان ئامىلىنى كىشىلەر ئاسان ئۇنتۇپ قالىدۇ ... جۇغراپىيىۋى پەرقنى زامان پەرقى دەپ چۈشىنىش كېرەك»① دېگىنىنى دىئالېكتلار ئەھۋالىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

---

① ف. د. سوششور: «ئومۇمىي تىلشۇناسلىق دەرسلىكى»، 1980 - يىل، بېيجىڭ، خەنزۇچە نەشرى، 277 - بەت.

## 2. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى ئايرىش ئۆلچىمى ۋە ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنىڭ بۆلۈنۈشى

ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت ۋە شېۋىلىرى بىلەن ئەدەبىي تىل ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئۆزئارا ئۇقۇشالمىغۇدەك دەرىجىدە ئەمەس. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، يەرلىك شېۋىلەردە سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇرلار بىر ناھىيە بىلەن بىر ناھىيىنىڭلا ئەمەس، ھەتتا بىر يېزا بىلەن بىر يېزىنىڭ تىل جەھەتتىكى نازۇك پەرقلىرىگىمۇ سەزگۈرلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزىنىڭ ۋە ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ تىلىنى تونۇشتۇرىدىغان بولسا، «پالانچى مەھەللە (ياكى پالانچىلار) مۇنداق دەيدۇ، بىز مۇنداق دەيمىز» دەپ، تىلدىكى بەزى ئىنچىكە پەرقلەرنى، ھەتتا ئىنتوناتسىيە جەھەتتىكى پەرقلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. لېكىن، دىئالېكت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بۇ پەرقلەرنىڭ ھەممىسىنى نەزەردە تۇتۇپ كېتەلمەيدۇ، ئۇلار ئۇچۇن ئەڭ مۇھىمى شۇ دىئالېكت ياكى شېۋىنى باشقا دىئالېكت ياكى شېۋىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئەڭ گەۋدىلىك سىستېمىلىق ئالاھىدىلىكلەر بولۇشى كېرەك.

ئە. ر. تېنىشېۋ بۇ ھەقتە توختالغىنىدا مۇنداق دەيدۇ: «پەقەت سىستېمىلىق بەلگىلەرلا ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى ئايرىشنىڭ ئاساسى بولالايدۇ.»①

گاۋ شىجيې ئەپەندىمۇ دىئالېكتلارنى ئايرىغاندا ھەرقايسى يەرلىك شېۋىلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ئومۇمىي ئەھۋالدىن ئايرىلغان ھالدا مەلۇم بىر تىل ھادىسىسىنى دىئالېكتلارنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلماسلىقنى تەكىتلەيدۇ ۋە ھەرقانداق تىلدا كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان ئايرىم تىل ھادىسىلىرىنىڭ بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بىز دىئالېكتلارنى بۆلۈش ئۆلچەملىرى توغرىسىدىكى مۇنداق قاراشقا قوشۇلىمىز. بۇ قاراشنى بىرەر دىئالېكت ياكى شېۋە نۇقتىسىدىن ئالغاندا، تاسادىپىي ھالدا ياكى ئايرىم شەخسلەردىلا، ئايرىم قالدۇق ھالىتىدىلا (مەسىلەن، كۇچا شېۋىسىدە «kiz — كىرگىن» دىن باشقا z~s/r نۆۋەتلىشىشى بولمىغىنىدەك، «ak‘itʃ‘a — ئاكا» دىن باشقا ئورۇندا tʃ‘a — فورمىسى قوللىنىلمىغىنىدەك) كۆرۈلىدىغان تىل ھادىسىلىرى ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى بولالمايدۇ، بەلكى، بۇنىڭ ئەكسىچە، شۇ دىئالېكت ياكى شېۋە رايونىدا نەچچە ئەۋلادتىن بۇيان ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن، شۇ رايوننىڭ تىل ۋەكىلى ھېسابلىنالايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ھادىسىلىرى، يەنى ئايرىم كىشىگىلا ئەمەس، شۇ رايوندىكى مۇتلەق كۆپچىلىك ئۇيغۇرلارغا ئومۇمىي بولغان، ئايرىم قالدۇق ھالىتىدە ئەمەس، بەلكى سىستېمىلىق رەۋىشتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تىل ھادىسىلىرىدىن ئەڭ گەۋدىلىكلىرى ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى بولالايدۇ، دەپ ئىزاھلاشقا

---

① ئە. ر. تېنىشېۋ، يۇقىرىقى ماقالە.

بولىدۇ. ئاۋۋال دىئالېكت ۋە شېۋىلەرنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلىۋې-لىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تونۇۋۇپ قويۇشقا بولمايدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى سۈپىتىدە تىلنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى — فونېتىكا، لېكسىكا، گراماتىكا جەھەتتىكى پەرقلەردىن پايدىلىنىشتىمۇ بەزى ئوخشاشماسلىقلار مەۋجۇت.

تىل تاۋۇشلىرىنىڭ تىلنىڭ ماددىي پوستى ئىكەنلىكىدىن ئېيتقاندا، تىلدىكى ھەممە لېكسىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق ھادىسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئۆزگىرىشى تىل تاۋۇشلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، شۇڭا دىئالېكتلىق پەرقلەر دائىم ئالدى بىلەن فونېتىكىدا ئىپادىلىنىدۇ.① لېكىن بۇنىڭدىن دىئالېكتتىكى ھەممىلا پەرقلەرنى فونېتىكىغا ھاۋالە قىلىپ قويۇش لازىم، دېگەن مەنە چىقماسلىقى كېرەك، چۈنكى، تىل تاۋۇشلىرى تىلنى ئىپادە قىلغۇچى بىر ۋاستە، ئۇنىڭ تىلنىڭ باشقا تەركىبىي قىسىملىرى — لېكسىكا ۋە گراماتىكا بىلەن ئەسلىدە ئىچكى باغلىنىشى يوق. شۇڭا ھەرقانداق تىلدا سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق جەھەتتىكى ۋە مەنە جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلىرى ھەرقاچان بىر-بىرىگە ئۇيغۇن كېلىپ بەرمەيدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەردىكى تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر — «t'iḷ» نىڭ «tʃ'iḷ» قا ئۆزگىرىشى، ھازىرقى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر — «bar-» نىڭ «berip'» بولۇشى، «t'aʁq'a» نىڭ تەلەپپۇزدا «t'aqq'a» بولۇشى بۇ سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان ئەمەس.

يەنە مىسال ئالساق، خوتەن دىئالېكتىدىكى «sɛg'»

① گاۋ مىڭكەي، شى ئەنشى: «تىلشۇناسلىق مۇقەددىمىسى»، 1979 - يىل، بېيجىڭ، ؟ - نەشرى، خەنزۇچە 223 - بەت.

«zɛ̄(r)dɛk‘» سۆزلىرىنىڭ ئورنىغا باشقا دىئالېكت ياكى شېۋىلەردە «iʃt‘~it‘» «sɛwzɛ» سۆزلىرىنىڭ قوللىنىلىشىنى، خوتەن دىئالېكتىدىكى «q‘uluq‘//ʁuluq‘» فورمىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان زۆرۈرىيەت رايىنىڭ باشقا دىئالېكت ۋە شېۋىلەردە «ʃ» لىق ئىسىمداشتىن كېيىن «k‘erɛk‘، lazim» سۆزلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىشىنى، خوتەن دىئالېكتىدا «iglig//iʁliʁ» فورمىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان سۈپەتداشنىڭ باشقا دىئالېكتلاردا يوقلۇقىنى بۇ دىئالېكتلارنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ.

دىئالېكتلار سېلىشتۇرۇلغاندا، «sɛg» نىڭ ئورنىغا «iʃt‘~it‘» نى قوللىنىش، «sɛlgɛʃt‘» نىڭ ئورنىغا «jil at‘lap‘» نى قوللىنىش، «k‘irp‘ɛ» نىڭ ئورنىغا «dʐara» نى قوللىنىش، «jaʁatʃtʃ‘i» نىڭ ئورنىغا «mudʐaŋ» نى قوللىنىش پەقەت مۇشۇ دىئالېكتلارنىڭ چەت تىل سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئېلىشى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. يەنى مۇنداق سۆزلەر شۇ دىئالېكت ياكى شېۋىدە شۇ تىلنىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىغا ئۇيغۇن ھالدا ئۆزلەشكەن بولسا، بۇ فونېتىكىلىق مەسىلە ھېسابلانمايدۇ. ئەكسىچە، مەسىلەن، پارس تىلىدىكى «gul»، «goʃ»، «gor» قاتارلىق سۆزلەر بىر دىئالېكتتا «gyl»، «gϕʃ»، «gϕr» تەرزىدە، يەنە بىر دىئالېكتتا پارس تىلىدىكى تەلەپپۇزى بويىچە ئۆزلەشكەن بولسا، بۇ چەت تىل سۆزلىرىنىڭ ھەرقايسى دىئالېكتلاردا شۇ تىلنىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىسىغا ئۇيغۇنلىشىشى بىلەن ئۇيغۇنلاشماسلىقى بولۇپ، فونېتىكىغا دائىر مەسىلە كىرىدۇ. لېكىن، دىئالېكت ۋە شېۋىلەردە كونكرېت ۋە ئابستراكت چۈشەنچىلەرنى ئىپادە قىلىدىغان ئالاھىدە سۆز ۋە ئالاھىدە گراماتىكىلىق فورمىلارنىڭ بار ياكى يوقلۇقى فونېتىكىغا دائىر مەسىلە كىرمەيدۇ. شۇڭا دىئالېكتلار-

دىكى پەرقلەرنى ئالدى بىلەن فونېتىكىدا ئىپادىلىنىدۇ، دەپ قاراش پەقەت مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى، يەنى تىل تاۋۇشلىرىنىڭ تىلنىڭ ماددىي پوستى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەنلىك. تىل تاۋۇشلىرىنىڭ بۇ رولىنى تەكىتلىگەندە، ئىپادە قىلىنغۇچىنى ئىپادە قىلىنغۇچى ئورنىغا قويۇپ قويۇشقا ياكى ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشقا بولمايدۇ.

تەپسىلىيرەك ئېيتقاندا، مەلۇم تىل تاۋۇشلىرىنىڭ مەلۇم تىل ياكى دىئالېكتنى ئىپادىلەشتىكى سىستېمىچانلىقىدا ئىپادىلەنگەن ئالاھىدىلىكلەر، ياكى باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىدا باشقا تىل ياكى دىئالېكتلارغا نىسبەتەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىكلەر دىئالېكتلارنى ئايرىشنىڭ بىر ئۆلچىمى سۈپىتىدە تونۇلغىنى مۇۋاپىق. بىز دەۋاتقان بۇ ئالاھىدىلىكلەر سۆزلەرنى، گىراماتىكىلىق فورمىلارنى تەشكىل قىلىشتا تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشى، ماسلىشىشى، تەسىر قىلىشى، ئۆزگىرىشى ... قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى ئايرىشتا تىلنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىدىن قايسىدا بولسۇن، ئومۇمىي بولغان، سىستېمىلىق بولغان پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىكلەر ئۆلچەم قىلىنسا بولىدۇ. ئەگەر مۇنداق ئالاھىدىلىكلەر فونېتىكا، لېكسىكا، گىراماتىكىدىن ئىبارەت ھەر ئۈچىلا تەركىبىي قىسىمدىن تېپىلسا تېخى ياخشى، ئەڭ بولمىغاندىمۇ بۇلارنىڭ بىرىدە مەۋجۇت بولسا، شۇنى ئاساس قىلىپ، قالغانلىرى (يەنى ئومۇمىي بولمىغان، سىستېمىلىق بولمىغانلىرى) نى قوشۇمچە ئۆلچەم قاتارىدا قوللىنىش مۇۋاپىق. چوقۇم تىلنىڭ ھەر ئۈچىلا تەركىبىي قىسمىدىن سىستېمىلىق بولغان پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىكلەرنى تېپىپ شۇ بويىچە ئايرىيمەن، دېيىش ھاجەتسىز.

دىئالېكتلارنى ئايرىش ئۆلچىمىنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سىستې-مىلىق ئالاھىدىلىكلەر بولۇشى لازىملىقى نۇقتىسىدىن، ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتشۇناسلىرى بۇ كەمچىلىكنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىۋاتقان ئۆلچەملەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ كۆرىمىز.

## 1. فونېتىكىلىق جەھەتتىن ئالغاندا

1) [i]، [ɨ] فونېمىسى توغرىسىدا

① [i]، [ɨ] تاۋۇشلىرىنىڭ بىر ياكى ئىككى فونېمىلىقى مەسىلىسى.

بۇ ئىككى سوزۇق تاۋۇش گەرچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ، مەيلى شىمالىي شېۋىلەردە بولسۇن، مەيلى جەنۇبىي شېۋىلەردە بولسۇن، ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ئىككى فونېما بولۇپ شەكىللەنگەن ئەمەس، ئۇلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى دىئالېكتلىرىدا پەقەت بىر فونېمىنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىنى تولۇقلاپ كېلىدىغان شەرتلىك ۋارىيانتلىرىدىن ئىبارەت. بۇ ئىككى تاۋۇشنىڭ ئۇيغۇر تىلى تارىخىدا ئىككى فونېما بولغانلىقى توغرىسىدا ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدىمۇ ئاساس يوق. ئورخۇن ئۇيغۇر يېزىقىدا بۇ ئىككى تاۋۇش بىرلا «ا» ھەرپى بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ ھەرپ ھەتتا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن قوشۇلۇش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئىككى خىل شەكىلدە كېلىدىغان ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرىگىمۇ قوشۇلىۋەرگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىمۇ بۇ ئىككى تاۋۇشنىڭ شۇ دەۋر تىلىدا ئىككى فونېما بولغانلىقى توغرىسىدا يېتەرلىك پاكىتلار يوق. پەقەت «il- — ئىلىش، ئىلماق» ۋە «ɨn- ~ ɨl- — تۆۋەن چۈشۈش، ئېگىز ئورۇندىن پەسكە چۈشۈش» دېگەن ئىككىلا سۆز [i] ۋە

### [ɨ] تاۋۇشلىرى تۈپەيلىدىن لېكسىكىلىق مەنىدە پەرقلەندۈرۈپ كۆرسىتىلگەن. ①

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا [i] (ياكى [ɨ]) بىلەن قۇرۇلغان مەيلى بىر بوغۇملۇق سۆزلەر بولسۇن، مەيلى كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر بولسۇن، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ھەم تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتلىرى بار ياسىغۇچى ۋە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنى قوبۇل قىلىشى جەھەتتىن ھېچ قايسى دىئالېكتتا ئىستېمىللىق پەرقنى شەكىللەندۈرمەيدۇ. يەنى ئۇيغۇر تىلىدىكى [i] فونېمىسىنىڭ [ɨ] ۋارىيانتى ھەممىلا شېۋىلەردە بار.

مەسىلەن: «is»، «it‘»، «k‘im»، «bil-»، «p‘iʃ-»، «siz-»، «q‘il-» قاتارلىق سۆزلەرنى ئالساق، بۇلاردىن تۇرغۇن سۆز بولغانلىرى ھەممىلا دىئالېكتتا يۆنىلىش كېلىشتە «isq‘a»، «itq‘a»، «k‘imgɛ» شەكلىدە تۈرلىنىدۇ؛ پېئىل تۈركۈمىگە تەۋەلىرى ھەممىلا دىئالېكتتا سۈپەتداش فورمىسىدا «bilgɛn»، «p‘iʃq‘an»، «sizʁan» «q‘ilʁan» شەكلىدە تۈرلىنىدۇ. بۇ مىساللاردىكى سۆزلەرنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ياكى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلارنى ياكى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلارنىلا قوبۇل قىلىشىنىڭ ھەممىلا دىئالېكتلاردا بىر خىل بولغانلىقىنى زورغا ئۇلارنىڭ فونېمىلىقىنى گراماتىكىلىق نۇقتىدىن ئىسپاتلاشنىڭ ئاساسى قىلىپ كۆرسىتەلەيدۇ، «iʃ»، «tʃ‘iʃ»، «iz»، «il-» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ھەممىلا دىئالېكتلار (جۈملىدىن ئەدەبىي تىلىمىز) دا جۈپلۈك ۋارىيانتلىرى بولغان قوشۇمچىلار ئارقىلىق بىردە ئۇنداق، بىردە مۇنداق تۈرلىنىش ياكى ياسىلىشلىرىنى فونېما

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 228 - بەت.

ئۆقتىسىدىن چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ تۈرلەنگۈچى ۋە ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوبۇل قىلىشى مۇنداق بولىدۇ:

| سۆزلەر | سۆز تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلاردا | سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردا |
|---|---|---|
| iʃ | iʃq‘a, iʃt‘a, iʃlar | iʃliq‘<br>iʃlɛ- |
| tʃ‘iʃ | tʃ‘iʃq‘a, tʃ‘iʃt‘a, tʃ‘iʃlar | tʃ‘iʃliq‘<br>tʃ‘iʃlɛ- |
| iz | izʁa, izda, izlar | izliq‘<br>izlɛ- |
| il- | ilʁan, ilsa, ildur- | ilʁur<br>ilgɛk‘<br>ilmɵk‘ |

شۇڭا ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېما رولىدىكى سوزۇق تاۋۇشلىرىنى مەيلى ئەدەبىي تىل نۇقتىسىدىن بولسۇن، مەيلى مەلۇم دىئالېكتلار نۇقتىسىدىن بولسۇن توققۇز دېيىشكە بولمايدۇ ۋە بۇنى دىئالېكتلارنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىپ **ئۇيغۇر تىلى** دىئالېكتلىرىنى [i] لىق دىئالېكتلار ۋە [ɨ] لىق دىئالېكتلار دەپ، ياكى [ɨ] ۋارىيانتى بار دىئالېكتلار ۋە [ɨ] ۋارىيانتى يوق دىئالېكتلار دەپ سىستېمىلىق ھالدا ئىككىگە ئايرىشقا بولمايدۇ.

[i] تاۋۇشى ئۆزىنىڭ شارائىتىغا قاراپ بەزىدە [i]، بەزىدە [ɨ] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئەدەبىي تىلدا، شۇنىڭدەك ھەممىلا دىئالېكتلاردا بۇ ئىككى تاۋۇش بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ئەمەس.

ئۇيغۇر تىلىدىكى [i] فونېمىسى ۋە ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرى توغرىسىدا جاڭ خۇكيى ۋە مىن داگېڭ ئەپەندىلەرنىڭ ماقالىسى ① ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن بەزى ئىنكاسلار قوزغالدى. بىزنىڭ قارىشىمىزچە بۇ ماقالە [i] فونېمىسىنى، ئۇنىڭ ۋارى- يانتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بىر تۈرتكىلىك رولغا ئىگە. بىزدە ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېملار ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىيانتلىرىنىڭ ھەقىقىي فونېتىكىلىق مىقدارى توغرىسىدا ئاكۇستىكىلىق تەتقىقات ئەمدى باشلىنىۋاتىدۇ. بۇنداق تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسى ئاڭلاش ئەزالىرىمىزغا تايىنىپ سېزىپ بىلىش ئارقىلىق چىقى- رىلغان يەكۈنلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئىشەنچلىك بولىدۇ.

2) [i] فونېمىسىنىڭ جاراڭسىزلاشقان ۋارىيانتى [i°] مەسىلىسى.

بۇمۇ نورمال تەلەپپۇز شارائىتىدا ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا يالغۇز بۇ تاۋۇشلا ئەمەس، بەلكى [u]، [y] لەرمۇ [ɦ] دىن باشقا پارتلىغۇچى ۋە پارتلىغۇچى ـ سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئوتتۇرىسىدا تامامەن جاراڭسىزلىشىدۇ. ئايرىم شېۋىلەردە بۇ تاۋۇشلارنىڭ بەزى سۆزلەردىلا (سىستېمىلىق تۈردە ئەمەس) جاراڭسىزلاشقاندىن كېيىنكى سىيرىلاڭغۇلۇقى كۈچلۈكرەك بولۇپ، بىر ئۆتكۈنچى [ʃ] تاۋۇشى كۆپىيىدۇ. مەسىلەن:

① جاڭ خۇكيى، مىن داگېڭ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇش فونېمىسى [i] ۋە ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرى توغرىسىدا». «民族语文» ژۇرنىلى، 1982 - يىل 5 - سان.

| ئەدەبىي جانلىق تىل ۋە دىئالېكتلاردىكى تەلەپپۇزى | ئەدەبىي تىلدا يېزىلىشى |
|---|---|
| i°ʃt‘ (i°ʃit‘ بەزى دىئالېكتلاردا) | it‘ |
| i°ʃt‘ɛr- | ittɛr- |
| i̥ʃkk‘i | ikk‘i |
| u°‘ka | uk‘a |
| y°t‘lɛ- | yt‘lɛ- |
| sy°t‘lɛ- | syt‘lɛ- |
| y°tʃ‘ | ytʃ‘ |
| u°tʃ‘- | utʃ‘- |
| p‘i°ʃt‘ | p‘it‘ |

شۇڭا بۇ فونېتىكىلىق ھادىسىنىمۇ دىئالېكتلارنى بۆلۈشنىڭ ئۆلچىمى قىلغىلى بولمايدۇ.

2) بوغۇم ئاخىرىدا ئېگىز سوزۇق تاۋۇش [i] دىن كېيىن كەلگەن [r] تاۋۇشىنىڭ [z]، [j] ياكى [ɪ] بىلەن نۆۋەتلىشىشى.

بۇ مەسىلىگە كۆپىنچە مىسال ئېلىنىۋاتقان سۆزلەر «k‘ir — كىر، كىر نەرسە»، «bir — بىر»، «q‘ir — قىر، قىرغاق» «q‘ir- - قىرىش، قىرماق»، «girdɛ»، «k‘irp‘ɛ» قاتارلىق سۆزلەر بولۇپ، بىرىنچىدىن، مۇشۇ ئالتە سۆزدىكى [r] تاۋۇشنىڭ مەلۇم بىر دىئالېكتتا (شېۋىدە ئەمەس) [z]، [j] ياكى [ɪ] بىلەن نۆۋەتلىشىشى سىستېمىلىق ئەمەس. مەسىلەن: مەركىزىي دىئالېكتنى ئالساق، قەشقەر شېۋىسىدە [z] بىلەن، تۇرپان، قۇمۇل شېۋىلىرىدە [ɪ] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. ئىلى شېۋىسىدە، تارىم شېۋىسىدە، كۇچا شېۋىسىدە ئەينەن يەنى [r] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، [z] بىلەن نۆۋەتلىشىدىغان قەشقەر شېۋىسىنىڭ ئۆزىدىمۇ مۇشۇنداق قۇرۇلمى-

دىكى «sɪr»، «sɪrkʻɛ»، «jɪr- — يىرىش، يىرماق»، «ʃɪr— هايۋان»، «k·ɪr — كىرمەك، كىرىش»، «jɪrgɛn — يىرگىنىش، يىرگەنمەك» سۆزلىرىدىكى [r] تاۋۇشى [z] غا نۆۋەتلەشتۈرۈلمەيدۇ.

شۇڭا، ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى ئايرىشتا بۇ ئۆلچەمنى قوللىنىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى (هازىرقى هالىتىدىمۇ، تارىخىي جەهەتتىنمۇ بىر-بىرىگە يېقىن كەلمىگەنلىكىگە قارىماي، زورلاپ) تۆۋەندىكى تۆت قىسىمغا بۆلۈش مۇمكىن.

a. ئېنىق [r] تەلەپپۇزىدىكىلەر:

تارىم، موغال، كۇچا، ئىلى، كەلپىن شېۋىلىرى ۋە لوپنۇر دىئالېكتى.

b. بەزىدە [z] لىشىدىغان، بەزىدە [r] چۈشۈپ قالىدىغان تەلەپپۇزدىكىلەر:

قەشقەر، ئاتۇش شېۋىلىرى (يېڭىسار، يوپۇرغا، پەيزىۋات ناهىيىلىرىمۇ مۇشۇ قاتارغا كىرىدۇ).

c. كۆپىنچە [j] ياكى [ɪ] بىلەن، بەزىدە [ɛ] بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەلەپپۇز قىلىدىغانلار:

ئىلچى، قارىقاش، لوپ، گۇما، قاغىلىق، يەكەن شېۋىلىرى (ئەسكەرتىش: چىرىيىدىن شەرقتىكى ناهىيىلەردە يا [j] بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈلىدۇ ياكى [r] ئەينەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ).

d. ئىزچىل [ɪ] بىلەن نۆۋەتلەشتۈرىدىغانلار: قۇمۇل، تۇرپان شېۋىلىرى.

3) tʃʻ//tʻ نۆۋەتلىشىشى.

بۇ بىر تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش بولۇپ، ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن، [ʃ] بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق «tʻɪʃ»، «tʻyʃ- — چۈشۈش، چۈشمەك»، «tʻyʃ—

چۈش ۋاقتى»، «tʻɑʃ — تۇش، ئۇدۇل»، «tʻyʃ — چۈش»
قاتارلىق سۆزلەردىكى [tʻ] نىڭ ھازىر [tʃʻ] غا نۆۋەتلىشىش -
نۆۋەتلەشمەسلىكىگە قارىتىلغان.

مۇنداق نۆۋەتلىشىش يالغۇز جەنۇبىي شېۋىلەرنىڭلا خۇسۇ-
سىيىتى ئەمەس، شىمالىي شېۋىلەردىن ئىلى، تۇرپان قاتارلىق
شېۋىلەردىمۇ [tʃʻ] لىشىش ھادىسىسى بار. بەزى جايلاردا
مەسىلەن، مەكىتتە (تارىم شېۋىسى دائىرىسى) كۆپىنچە [tʃʻ]
بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈلسىمۇ، بەزىدە [tʻ] تەلەپپۇز قىلىش ئەھ-
ۋالىمۇ ئۇچرايدۇ، يەنى مەكىتتە [tʃʻ] لىشىش جەريانى تېخى
ئاياغلاشمىغان.

بۇ ئۆلچەم بويىچە ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى ئىككىگە
ئايرىش مۇمكىن:

a. [tʻ] تەلەپپۇز قىلىدىغان دىئالېكتلار — لوپنۇر
دىئالېكتى، قۇمۇل، كۇچا شېۋىلىرى.

b. [tʃʻ] تەلەپپۇز قىلىدىغان دىئالېكتلار — قالغان
دىئالېكت ۋە شېۋىلەر.

4) tʃʻ//s نۆۋەتلىشىشى.

بۇمۇ بىر تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش بولۇپ، بىرىن-
چى بوغۇمى [tʃʻ] بىلەن ئاخىرلاشقان بەزى سۆزلەرنىڭ
بېشىدىكى [s] تاۋۇشنىڭ ھازىر [tʃʻ] بىلەن نۆۋەتلىشىشىگە
قارىتىلغان. مەسىلەن:

tʃʻatʃʻ<satʃʻ — چاچ، tʃʻatʃʻ-<satʃʻ- — چاچ-
tʃʻaʃqʻan <satʃqʻan — tʃʻatʃʻra-<satʃʻra-
tʻytʃʻykʻ<sytʃʻykʻ — چۈچۈك، tʃʻitʃʻ-<sitʃʻ- — چىچ-

مۇنداق نۆۋەتلىشىش جەريانى دىئالېكتلاردا بىر خىلدا
ئەمەس. مەسىلەن: ئىلى، قۇمۇل، تۇرپان شېۋىلىرىدە [tʃʻ] غا
نۆۋەتلىشىش جەريانى ئاياغلاشقان بولسىمۇ، لېكىن قەشقەر،

كەلپىن شېۋىلىرىدە، خوتەن دىئالېكتىدا «چاشقان» سۆزى تېخى satʃq‘an دېيىلىدۇ، يەنى مۇنداق نۆۋەتلىشىش كۆرۈلمەيدۇ. لوپنۇر دىئالېكتىدا «چاچرا -» سۆزى «satʃ‘ra∼tʃ‘atʃ‘ira -» شەكلىدە ئىككى خىل، «چاشقان» سۆزى «satʃq‘an∼tʃ‘iʃq‘an» شەكلىدە ئىككى خىل قوللىنىلىدۇ. پۈتۈن تارىم شېۋىسىدە (جۈملىدىن كۇچا شېۋىسىدىمۇ) «چاشقان» سۆزى «ʃaʃq‘an» شەكلىدە قوللىنىلىدۇ.

بۇ ئۆلچەم بويىچە تېخى [tʃ‘] غا نۆۋەتلىشىش جەريانى ئۈزۈل - كېسىل ئاياغلاشمىغان قەشقەر، كەلپىن، تارىم (جۈملىدىن كۇچا) شېۋىلىرىنى، خوتەن دىئالېكتىنى، لوپنۇر دىئالېكتىنى يىغىشتۇرۇپ بىر دىئالېكت ھېسابلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلىش ئەلۋەتتە ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

5) g//w نۆۋەتلىشىشى.

بۇ فونېتىكىلىق ھادىسىنىڭ شەرتى ۋە سەۋەبلىرى بىزگە تېخى مەلۇم ئەمەس. شۇنىڭدەك [w] لاشتۇرىدىغان بەزى شېۋىلەردە بىرەر - بىرەر [g] لاشتۇرۇش، [g] لاشتۇرىدىغان بەزى شېۋىلەردە ئاندا - ساندا [w] لاشتۇرۇش ھادىسىسى ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۇ فونېتىكىلىق ئۆلچەمنى «ئومۇمەن» بىلەن «قىسمەنلىك» نۇقتىسىدىن ئىشلىتىش مۇۋاپىق.

بۇ ئۆلچەم بويىچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى ئىككىلا تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن.

a. ئومۇمەن [g] لىشىدىغان دىئالېكت ۋە شېۋىلەر:

لوپنۇر دىئالېكتى، قۇمۇل، تۇرپان، ئىلى، تارىم (جۈملىدىن كۇچا)، كەلپىن شېۋىلىرى.

b. ئومۇمەن [w] لىشىدىغان دىئالېكت ۋە شېۋىلەر:

قەشقەر، ئاتۇش شېۋىلىرى، يەكەن، قاغىلىق شېۋىلىرى، گۇمىدىن چارقىلىققىچە بولغان پۈتۈن خوتەن دىئالېكتى.

مۇنداق بۆلگەندە، ئاساسىي پەرقلەرگە ئېتىبار قىلىنمىغان ھالدا خوتەن دىئالېكتى قەشقەر شېۋىسىگە، لوپنۇر دىئالېكتى شىمالىي شېۋىلەرگە قوشۇۋېتىلگەن بولىدۇ.

6) سۆز بېشىدا ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلار ئالدىدىكى [j] نىڭ [z] بىلەن نۆۋەتلىشىشى ياكى چۈشۈپ قېلىشى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا سۆز بېشىدا [j] تاۋۇشىنىڭ بولۇش - بولماسلىقى خاقانىيە تىلى بىلەن ئوغۇز تىللىرىنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ فونېتىكىلىق ھادىسە «دىۋان» دەۋرىدىكىدەك ئېنىق ئىككى قۇتۇپ ھالىتىدە كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن: ئۆز دەۋرىدە خاقانىيە تىلى ئۈچۈن ۋەكىل قىلىپ ئېلىنغان، [j] لىشىدىغان قەشقەر تىلىدا ھازىر سۆز بېشىدا ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدىكى [j] تامامەن [z] بىلەن نۆۋەتلىشىدىغان بولدى، خوتەن دىئالېكتى (گۇما شېۋىسىنى مۇستەسنا قىلغاندا) ۋە قۇمۇل، تۇرپان شېۋىلىرىدە بولسا، ئومۇمەن [j] ئەينەن ساقلىنىپ قالغان، پەقەت بەزى سۆزلەردىلا [ʒ] بىلەن نۆۋەتلىشىدىغان ياكى چۈشۈپ قالىدىغان (ئوغۇزچىغا ئوخشاش) بولغان. لوپنۇر دىئالېكتىدا بولسا بۇ [j] نىڭ [z] بىلەن نۆۋەتلىشىشىنى زادى كۆرگىلى بولمايدۇ، بەزىدە [j] چۈشۈپ قالىدۇ. ئىلى شېۋىسىدە [z] لىشىش كۆپ، ئايرىم سۆزلەردىلا [j] ئەينەن ساقلىنىدۇ ياكى چۈشۈپ قالىدۇ.

بۇ ئۆلچەم بويىچە بۆلگەندە، تۆۋەندىكى ئۈچ دىئالېكتنى شەكىللەندۈرۈش مۇمكىن:

a. [z] بىلەن نۆۋەتلىشىدىغان ياكى ئومۇمەن نۆۋەتلاشمىدىغان دىئالېكت — ئىلى، قەشقەر، ئاتۇش، تارىم (ئاساسەن)، كۇچا، موغال، يەكەن، قاغىلىق، گۇما شېۋىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

b. [z] بىلەن نۆۋەتلەشمەيدىغان دىئالېكت — خوتەن دىئالېكتى (گۇما شېۋىسى مۇستەسنا)، قۇمۇل، تۇرپان، كەلپىن شېۋىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

c. [z] بىلەن نۆۋەتلەشمەيدىغان، بەزىدە [j] چۈشۈپ قالىدىغان دىئالېكت — لوپنۇر دىئالېكتى.

(j//z نۆۋەتلىشىشى كۆرۈلىدىغان سۆزلەر ئايرىم جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى).

# سۆز بېشىدا ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا z//j نۆۋەتلىشىش ئەھۋالى

| | | ئىلى | قۇمۇل - تۇرپان | | تارىم شىۋىسى | | | | | | قەشقەر | | خوتەن | | | يەكەن* | قاغىلىق | لوپنۇر | كەلپىن | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | تۇرپان | قۇمۇل | مەكىت | ئاقساقمارال | ئاقسۇ قارىتال | ئاقسۇ قۇمباش | موغال | كۇچا* | قەشقەر* | ئاتۇش | خوتەن* | كېرىيە* | گۇما | | | | | |
| 1 | jigirmɛ | z | j | j | z | z | z | | z | | z | z | j | j | z | | z | j | j | كۇچا* — كۇچا، باي، شايار، توقسۇ قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. |
| 2 | jigit | z | j | j | z | j/z | z | | z | | z | z | j | j | z | | | j | j | |
| 3 | jik | z | j | j | i | | z | z | | z | z | z | j | ʃ | z | | | i | j | |
| 4 | jilik | i | i | i | z | i | i | i | z | i | z | z | j | | z | z | z | i | j | قەشقەر* — قەشقەر، يېڭىسار، پەيزىۋات يوپۇرغا قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. |
| 5 | jil | z | j | j | z | j | j | z | z | z | z | z | j | j | j/z | z | z | i | j | |
| 6 | jilan | i | i | i | z | i | i | i | z | i | z | z | j | j | | z | | i | j | |

| | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 7 | jildam | i | u | | z | i | i | i | z | i | z | z | j | j | | z | z | i | | يەكەن* — يەكەن، پوسكامنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. |
| 8 | jilt'iz | j | j | | z | j | j/z | z | z | j | z | z | | | | z | z | i | j | |
| 9 | jilman | i | i | | z | i/z | i | i | z | i | z | z | | | | z | z | i | j | |
| 10 | jilp'iz | i/j | | | | | | | | j | z | | | | | z | | j | | خوتەن* — ئېلچى، قارىقاش، لوپ قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. |
| 11 | jin (قويننىڭ يىنى) | z | i | i | z | z | z | z | z | z | z | z | | | | z | z | i | j | |
| 12 | jiŋnɛ | z | j | j | | j/z | z | z | z | z | z | z | j | | | z | z | i | j | |
| 13 | jip' | z | j | j | z | j | z | z | z | z | z | z | j | ʃ | j/z | z | z | i | ʃ | كېرىيە* — كېرىيە، چىرىيە، نىيە، چەرچەن، چارقىلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. |
| 14 | jip'ɛk' | : | j | | z | j/z | z | | z | z | z | z | | | | | | i | | |
| 15 | jir - | z | j | j | z | z | z | z | z | z | z | z | | | | z | z | i | j | |
| 16 | jiraq' | z | j | n | z | | z | z | | | z | z | | | | z | z | i | | |
| 17 | jirik' | z | j | | | | | | | | z | z | | | | | | i | j | |

| | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 18 | jiriŋ | ʐ | j | | ʐ | ʐ | ʐ | ʐ | ʐ | ʐ | ʐ | ʐ | | | | ʐ | ʐ | i | j |
| 19 | jilɛŋgy | g | g | i | | i | i | | i | | | ʐ | | | | | ʐ | | j |
| 20 | jirt‘ - | ʐ | j | j | ʐ | j | ʐ | ʐ | | ʐ | ʐ | | j | | ʐ | | | ı | j |
| 21 | jit‘ - (يوقملمش) | ʐ | j | y | ʐ | ʐ | i | ʐ | ʐ | ʐ | ʐ | ʐ | j | ʃ | | ʐ | ʐ | i | i |
| 22 | jirgɛn - | ʐ | j | | | | | | | | | | | | | | | | |
| 23 | jet‘im | ʐ | j | | | | | | | ʐ | ʐ | | j | | | | | j | |
| 24 | jiʁ - | ʐ | j | | ʐ | ʐ | ʐ | ʐ | ʐ | ʐ | ʐ | | j | | | | | j | j |
| 25 | jiʁla - | ʐ | j | j | ʐ | ʐ | j/ʐ | ʐ | ʐ | ʐ | ʐ | ʐ | j | j | ʐ | ʐ | ʐ | j | j |
| 26 | jiq‘il - | ʐ | j | j | ʐ | ʐ | ʐ | ʐ | ʐ | ʐ | ʐ | | j | ʃ | j/ʐ | ʐ | ʐ | j | i/ʃ |
| 27 | jygyr - | ʐ | j | | | | ʐ | ʐ | j | ʐ | dʐ/ʐ | ʐ | j | j | ʐ | | | j | |
| 28 | jygɛn | ʐ | j | | | | | ʐ | | ʐ | ʐ | | | j | | | | j | j |

| | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 29 | jyk' | z | j | | | | | z | | z | z | | | | | | | j | j |
| 30 | jyk'yn - | z | j | | | | | | | | z | | | | | | | j | |
| 31 | jyr - | z | j | j | z | j | j/z | | z | z | dz/z | | j | j | j | z | z | j | j |
| 32 | jyrɛk' | z | j | j | z | z | z | z | z | | z | z | j | j | z | z | z | y | j |
| 33 | jydy - | — | — | | z | j/z | | | z | | z | z | j | | | z | | | |
| 34 | ju - | z | j | j | z | z | z | | z | z | z | z | j | j | z | z | z | j | j |
| 35 | jul - | z | j | j | z | z | j/z | z | z | z | z | | | | | z | | j | |
| 36 | jult'uz | j | j | | z | j/z | j | | z | j | z | | | j | | z | z | j | j |
| 37 | julun | z | j | | | | | | | | z | | | | | | | j | j |
| 38 | julʁun | z | j | j | z | z | z | z | z | z | z | | j | j | | | | j | j |
| 39 | jum - | z | j | | z | z | z | z | z | z | z | | | | | | z | j | j |
| 40 | jumʃa - | z | j | | | j | j | | j | j | | | | | | | | j | j |
| 41 | juŋ | z | j | j | z | z | z | z | z | z | z | | | | | z | z | j | j |

| | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 42 | jupq‘a | — | j | j | | | | | z | | | z | | | | | | j | |
| 43 | jurt‘ | z | j | j | z | z | j/z | | z | z | z | z | j | j | z | z | z | j | j |
| 44 | jut‘ - | z | j | | z | j/z | z | z | z | z | z | | | | | z | z | j | j |
| 45 | juʁur - | z | j | | | z | j/z | z | z | z | z | | j | | | | | j | j |
| 46 | juq‘ - | z | j | j | | z | z | z | z | | z | | | | | | | j | s |
| 47 | jɯq‘uri | z | j | j | z | z | j | | z | | z | | j | ʃ | j | z | z | j | |
| 48 | jumula - | z | j | j | z | j | | z | z | | | | | | | z | | | j |
| | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
| | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
| | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
| | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
| | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى ئاي-
رىشتا ئۆلچەم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان فونېتىكىلىق ھا-
دىسىلەردىن لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار ئاھاڭداشلىقىنىڭ كۈچ-
لۈك - كۈچسىزلىكى (مەسىلەن، بەزى تۆپ سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى
بوغۇمىدا [o]، [ϕ] سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ كېلىشى ياكى ئۇنىڭ
ئورنىغا [a]، [ɛ] تاۋۇشلىرىنىڭ كېلىشى — «mozaj ~ mozoj»،
،«k‘ϕsɛj ~ k‘ϕsϕj» ،«bϕdzɛn ~ bϕdzϕn» ،«oŋaj ~ oŋoj»
«osal ~ osol» قاتارلىقلار؛ لەۋلەشكەن سوزۇق تا-
ۋۇش [o]، [ϕ] لەر بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەردە
مەزكۇر سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ كېيىنكى بوغۇمدا كېلىدىغان سوزۇق
تاۋۇشلارنىڭ ئۆزىگە ماسلىشىشىنى تەلەپ قىلىشى — ~ ormo»
،«k‘ϕrsɛ ~ k‘ϕrsϕ» ،«q‘ojma ~ q‘ojmo» ،«orma
،«q‘ollar ~ q‘ollor» ،«k‘ϕrgɛn ~ k‘ϕrgϕn»
~ syzzy» ،«t‘urdi ~ t‘urdu» ،«q‘ojtʃ‘i ~ q‘ojtʃ‘u»
«syzdi قاتارلىقلار؛ u — o، y — ϕ قۇرۇلمىسىدىكى بىر
قىسىم سۆزلەرنىڭ a — o، ɛ — ϕ قۇرۇلمىسىدا قوللىنىلىشى —
«bojun ~ bojan»، «ϕt‘yk‘ ~ ϕt‘ɛk‘» ۋە بۇ ھادىسى-
نىڭ سۆز تۈرلىنىشى، سۆز ياسىلىشىدىمۇ ئىزچىللىقى — ~bolap‘»
،«q‘olum ~ q‘olam» ،«k‘ϕryp‘ ~ k‘ϕrɛp‘» ،«bolup‘
؛«t‘oʃuq‘~t‘oʃaq‘» ،«ϕlyk‘~ϕlɛk‘» ،«k‘ϕzym~k‘ϕzɛm»
سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [a]، [ɛ] تاۋۇشلىرىنىڭ ئوچۇق
بوغۇم ھالىتىدە ئاجىزلىشىش - ئاجىزلاشماسلىقى (مەسىلەن،
~ k‘ɛlip‘» ،«at‘isi ~ at‘asi» ،«berip‘ ~ barip‘»
(«k‘ilip‘ ~ k‘elip‘؛ كۆپىنچە چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىن-
غان سۆزلەردىكى [k‘]، [g] تاۋۇشلىرىنىڭ سوزۇق تاۋۇشلار
بىلەن بىرىكىشىدە ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىلىق قائىدىلىرىگە ئۇي-
غۇنلىشىش - ئۇيغۇنلاشماسلىق مەسىلىسى (مەسىلەن، «gyl ~ gul»،

«gør ~ gor»، «gøʃ ~ goʃ»، «tʃ'øk'ɛn ~ tʃ'ok'an»)؛ ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەر ئاخىرىدا قەدىمكى تۈركىي تىللارنىڭ خۇسۇسىيىتى بويىچە [ʁ]، [g] تاۋۇشلىرىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ياكى يېڭى تۈركىي تىللارنىڭ خۇسۇسىيىتى بويىچە بۇ تاۋۇشلارنىڭ [q']، [k'] گە ئايلانغان بولۇشى (مەسىلەن، «ajaq' ~ ajaʁ»، «ulaq' ~ ulaʁ»، «ølyk' ~ ølyg»)؛ ئالاھىدە تاۋۇشلار مەسىلىسى (مەسىلەن، كەلپىن شېۋىسىدىكى جىددىي سوزۇق تاۋۇشلار؛ خوتەن دىئالېكتىدا [t'] تاۋۇشىنىڭ شەرتلىك ۋارىيانتى بولغان بوغۇز تاۋۇشى [ʔ] قاتارلىقلار)؛ تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى (مەسىلەن، «ئوغلاق — olʁoq'»، «تاتلىق — t'alt'iʁ»، «ئاتلاپ — alt'ap'»، «ئىبراھىم — irwajim»، «قىبلە — q'ilwɛ»، «ئايغىر — arʁij» قاتارلىقلار)؛ ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئوك ئاسسىمىلياتسىيىسى (مەسىلەن، «قىزلار — q'izzar»، «يولنىڭ، يولنى — jollu»، «توستى — t'ossu») قاتارلىق مەسىلىلەر بار.

بۇ ئۆلچەملەر بىلەن ئايرىغاندىمۇ، ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ئىككىگىلا ئايرىلىدۇ. مۇنداق ئايرىش ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭا بۇ ئۆلچەملەرنىمۇ ئاساسىي ئۆلچەم قىلىپ قوللىنىشقا بولمايدۇ.

## 2. گرامماتىكىلىق جەھەتتىن ئالغاندا

1) ئىگىلىك ۋە چۈشۈم كېلىش ئۈچۈن بىرلا ni - فورمىسى (بۇنىڭ ئۈزۈك ۋە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئوك ئاسسىمىلياتسىيىسى سەۋەبىدىن لوپنۇر دىئالېكتىدا 28 ۋارىيانتى بار)نى قوللىنىش — بۇ لوپنۇر دىئالېكتى بىلەن قۇمۇل شېۋىسىنىڭ

ئالاھىدىلىكى، شۇڭا بۇ پەقەت لوپنۇر دىئالېكتى ۋە قۇمۇل شېۋىسى بىلەن باشقا دىئالېكتلارنىلا ئايرىش ئۆلچىمى بولالايدۇ.

2) mi∫ - فورمىسى.

بۇ فورما ئارقىلىق گ. ياررىڭ ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى شىمالىي دىئالېكتلار ۋە جەنۇبىي دىئالېكتلار دېگەن ئىككى گۇرۇپپىغىلا بۆلىدۇ. بىزمۇ بۇ فورمىنىڭ ئۆلچەم قىلىنىشىغا قوشۇلالمايمىز. بىزنىڭ قوشۇلالمايدىغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبى، بۇنىڭ يالغۇز ئۆلچەم بولغانلىقىدىن ئەمەس، شۇنىڭدەك ئە. ر. تېنىشېۋ ئېيتقاندەك بۇ فورمىنىڭ ئەدەبىي تىلىمىزدا بولغانلىقىدىنمۇ ئەمەس، بەلكى بۇ فورما بويىچە بۆلگەندە، لوپنۇر دىئالېكتىدەك ئالاھىدە بىر دىئالېكت شىمالىي شېۋىلەرنىڭ دائىرىسىگە كىرىپ قالىدۇ، قەشقەر شېۋىسى ھازىرقى مەركىزىي دىئالېكت تەركىبىدىن چىقىپ جەنۇبىي دىئالېكتلارغا قوشۇلۇپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا بۇ فورمىنىڭ قوللىنىلىشى قەشقەر شېۋىسىنىڭ ئەدەبىي تىلنى تەشكىل قىلغۇچى بىر شېۋە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەدەبىي تىلغا تەسىر قىلغانلىقىدىن بولۇپ، كۇچادىن شىمالدا بۇ فورما خەلق جانلىق تىلىدا قوللىنىلمايدۇ.

3) پېئىللارنىڭ ئىمكانىيەت تۈسى.

بۇ جەھەتتە دىئالېكتلار ئارا ئىككى خىل ئوخشاشماسلىق بار. بىرى، ئىمكانىيەت تۈسىنى ئىپادىلىگۈچى فورما - al نىڭ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا ئۇيغۇنلىشىپ - al ۋە - εl شەكلىدە ئىككىگە ئايرىلىشى. بۇ نۇقتىدا ئومۇمەن قۇمۇل، تۇرپان، تارىم (ئاقسۇ قارىتال)، كۇچا شېۋىلىرى، لوپنۇر دىئالېكتى بىر خىلدا ماڭىدۇ، يەنى بۇلاردا بۇ فورما ئىككىگە ئايرىلماي ھەرقانداق ئەھۋالدا «al-» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ.

مەسىلەن:

ئالالاي ـ alalajdimɛn ~ alalimɛn ~ alalajmɛn
مەن، k‘ɸralajdimɛn ~ k‘ɸralimɛn ~ k‘ɸralajmɛn —
كۆرەلەيمەن. قالغان شېۋە ۋە دىئالېكتلاردا سوزۇق تاۋۇشلار-
نىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا ئۇيغۇنلىشىپ «‎-al، ‎-ɛl» «ɛl» شەكلىدە
كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: alalajmɛn، k‘ɸrɛlɛjmɛn.
يەنە بىرى، سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللار-
نىڭ ئاخىرىدىكى رەۋىشداش قوشۇمچىسى «‎-j» نىڭ چۈشۈپ
قېلىش ـ قالماسلىقى. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ئىلى، قومۇل، تۇر-
پان شېۋىلىرىدىن باشقا ھەممە شېۋە ۋە دىئالېكتلاردا «‎-j»نى
چۈشۈرۈپ قويمايدۇ، مەسىلەن، ئالدىنقىلاردا «jasalajmɛn —
ياسيالايمەن» بولسا، كېيىنكىلىرىدە «jasijalajmɛn» بولىدۇ.
4) ئالاھىدە گراماتىكىلىق فورمىلار.
ئالاھىدە گراماتىكىلىق فورمىلار بولۇپمۇ خوتەن ۋە لوپ-
نۇر دىئالېكتلىرىدا كۆپ. مەسىلەن: خوتەن دىئالېكتىدىكى زۆرۈ-
رىيەت رايى فورمىسى «‎-ʁuluq‘ ~ ‎-q‘uluq‘ ~ ‎-gylyk‘ ~
‎-k‘ylyk‘»، سۈپەتداش فورمىلىرى «‎-ʁaq‘ ~ ‎-q‘aq‘ ~
‎-gɛk‘ ~ ‎-k‘ɛk‘»، «‎-ʁliʁ، ‎-glig»، «‎-ŋʁu، ‎-ŋgy» لەر،
لوپنۇر دىئالېكتىدىكى سۈپەتداش فورمىسى «atʃ‘i، ‎-ɛtʃ‘i»،
«‎-ʁuluq‘، ‎-q‘uluq‘» فورمىسىدىن كېيىن يەنە «sɛn، siz»
قاتارلىق شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇپ قوللىنىش، «ʁu، q‘u»
ئىسىمداشلىرىدىن كېيىن «tʃ‘ɛ» ۋە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنى
قوشۇپ قوللىنىش، «‎-ʁan، ‎-q‘an» سۈپەتداشلىرىدىن كېيىن
«‎-daq‘i، ‎-dɛk‘i» لەرنى قوشۇپ قوللىنىش، تارىم ۋە موغال
شېۋىلىرىدە «q‘il» ياردەمچى پېئىلى ئورنىغا «ɛt‘» نى قوللىنىش
قاتارلىقلار مۇشۇ شېۋە ۋە دىئالېكتلارنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى
ھېسابلانسىمۇ، ئۇنى ئومۇمىي ئۇيغۇر شېۋە ۋە دىئالېكتلىرىنى
ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى سۈپىتىدە قوللىنىشقا بولمايدۇ.

## 3. لېكسىكىلىق جەھەتتىن ئالغاندا

هەرقايسى دىئالېكت ۋە شېۋىلەردە لېكسىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەر بار. ئەدەبىي تىلدا ياكى باشقا دىئالېكت ۋە شېۋىلەردە بولمىغان ياكى قوللىنىلمايدىغان شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنىڭ بولۇشى، مەسىلەن، «soq‘maq‘ — خوتەن دىئالېكتىدا كىشمىش، ياڭاق مېغىزى ۋە پۇراقلىق دورا-دەرمانلارنى سوقۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدىغان يېمەكلىك»، «bφgεtʃ‘ — خوتەن دىئالېكتىدا ئېرىقتىكى سۇنى توسۇش ئۈچۈن ئېرىققا تاشلىنىدىغان شاخ-شۇمبا»، «bφk‘εl — تارىم شېۋىسىدە سورۇنلاردا كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىسىگە قاراپ گۆش ئۈلەشتۈرۈپ بەرگۈچى ئادەم»، «mandzar — لوپنۇر دىئالېكتىدا دەريانىڭ كىچىكرەك ئېقىنلىرىدا بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن تالدىن توقۇلغان مەخسۇس سېۋەت» قاتارلىقلار؛ قۇرۇلمىسى ئوخشاش بولسىمۇ، باشقا مەنىدە قوللىنىلىدىغان سۆزلەرنىڭ بولۇشى، مەسىلەن، «tʃ‘iraʁ — تارىم ۋە موغال شېۋىلىرىدە — نەزىر»، «tʃ‘iwin — لوپنۇر دىئالېكتىدا — پاشا»، «sapt‘iq‘ — لوپنۇر دىئالېكتىدا — قوشۇق» قاتارلىقلار؛ ئوخشاش بىر ئۇقۇم ياكى چۈشەنچىنى ئەدەبىي تىلغا ياكى ئۆزىدىن باشقا دىئالېكت ياكى شېۋىلەرگە ئوخشىمايدىغان سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەش، مەسىلەن، «tʃ‘iraʁ εt‘mεk‘ — تارىم ۋە موغال شېۋىلىرىدە — نەزىر قىلماق»، «χarεt‘ — خوتەن دىئالېكتىدا — ياغاچچى»، «zε(r)dεk‘ — خوتەن دىئالېكتىدا — سەۋزە»، «miʃ — كېرىيە شېۋىسىدە — مۈشۈك»، «sεg —

خوتەن دىئالېكتىدا — «ئىت»، t'oχʃorʁutʃ' — لوپنۇر دىئا-لېكتىدا — «كۆسەي»، usq'aʁ — لوپنۇر دىئالېكتىدا — «ساپ-لىق»، t'oroʃɛn — لوپنۇر دىئالېكتىدا، t'ariʃan — ئاقسۇ قارىتالدا — «چوشقىنىڭ كىچىكى»، tʃ'yp'ɛ — مەكىتتە، tʃ'yrp'ɛ — ئاقسا قىمارالدا — «چوشقىنىڭ كىچىكى»، q'ulaj — لوپنۇر دىئالېكتىدا — «يىڭناغۇچ»، sɛlgɛʃt' — قاغىلىق شېۋىسىدە — «يىل ئاتلاپ» قاتارلىقلار دىئالېكت ۋە شېۋىلەرنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ھېسابلىنىدۇ.

نەزەرىيە جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى ئايرىشتا لېكسىكىمۇ ئۆلچەم قىلىنىشى كېرەك. بۇ ھەقتە لى جىڭۋېي ئەپەندىنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭ دىئالېكتلارنى ئايرىشتىكى ئەھمىيىتى» دېگەن ماقالىسىنى مۇشۇ تېمىدا قىلىنغان جاپالىق ئەمگەكلەر-نىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

بىراق، يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، تىلنىڭ لېكسىكا قىسمىدا كۈچلۈك سىستېمىچانلىق بولمايدۇ. ئۇنىڭدا فونېتىكا ۋە گراماتىكا قىسمىدا بولغاندەك ئۇنداق بىر يۈرۈش قائىدە - قانۇنلار سىستېمىسى بولمايدۇ. لېكسىكا بىر يىغىندى نەرسە، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ ئالدىنقى ئىككى تەركىبىگە نىسبەتەن تېزرەك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەلۇم بىر سۆزنى قوللىنىدىغانلار بىلەن قوللانمايدىغانلارنىڭ چېگرىسى ئالدىنقى ئىككى تەركىبكە تەئەللۇق ئالاھىدىلىكلەرنى قوللىنىدىغانلار بىلەن قوللانمايدى-غانلارنىڭ چېگرىسىغا قارىغاندا تۇتۇقراق بولىدۇ. مەسىلەن: ئەدەبىي تىل ۋە باشقا دىئالېكتلاردا ئوخشاتما كېلىش قوشۇم-چىسى «-t'ɛk'، -dɛk'» پەقەت خوتەن دىئالېكتىدىلا «-t'ɛj، -dɛj» ياكى «t'ɛg، -dɛg» شەكلىدە قوللىنىلىدۇ، لېكىن باشقا دىئالېكتلاردىكى «iʃt'~it'» سۆزىنى خوتەندە

قوللانماسلىقى ناتايىن. مەسىلەن: خوتەندە sɛg (ئىت) سۆزى بىلەن بىللە «ئىت ئوينىغۇچى» شەخسنى بىلدۈرىدىغان «iʃt'awaz»، «iʃt'atʃ'i» دېگەن سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە «it'» سۆزى ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرىمىز. شۇنىڭدەك، «t'yŋyl-» سۆزى لوپنۇردا «ئايرىلىش، ئۈمىد ئۈزۈش» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. ① بۇ سۆز بىزگە گەرچە باشقا دىئالېكت رايونلىرىدا ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، لېكىن تارىم شېۋىسىدە (مەسىلەن، ئاقسۇ قارىتالدا) خېلى ئىشلىتىلىدىكەن (مەسىلەن، balini ɛmtʃ'ɛkt'in t'yŋyldyrdyk' بالىنى ئەمچەكتىن ئايرىدۇق). شۇڭا بىز لېكسىكىلىق پەرقلەر دىئالېكتلارنى ئايرىشتا ياردەمچى ۋاستە سۈپىتىدە قارالسا ۋە شۇنداق قوللىنىلسا بولامدىكىن، دەپ قارايمىز.

ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا يارىشا ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان ئۆلچەم ئۇنى ئاساسىي جەھەتتىن (مەلۇم بىر دىئالېكت رايونى بىلەن يەنە بىر دىئالېكت رايونىنىڭ تۇتاشقان ئورنىنى يەنى بىرەر شېۋە رايونىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان ھالدا) ئايرىپ بېرەلەيدىغان بولۇشى شۇنىڭدەك ئۆلچەم قىلىپ ئېلىنغان تىل ئالاھىدىلىكلىرى ھەرقايسى دىئالېكتلارنىڭ ئاساسىي قىسمى (ياكى كۆپچىلىك قىسمى) نىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. مانا مۇشۇنداق ئاساسىي ئۆلچەمنى دەۋر قىلغان ھالدا قالغان قوشۇمچە ئۆلچەملەرنى قوللىنىش بۇ مەسىلىنىڭ ئوڭۇشلۇق يېشىلىشىنى ئالغا سۈرىدۇ.

---

① بۇ سۆزنىڭ مەنىسى توغرىسىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە I توم 102 - بەت، III توم 539 - بەتكە قاراڭ. بۇ سۆزنىڭ ترانسكرىپسىيىسى «دىۋان» نىڭ تۈركچە تەرجىمىسىدە «tφŋyl» دەپ بېرىلگەن بولسىمۇ، بىز ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىدىكى ئەمەلىي تەلەپپۇزى بويىچە «t'yŋyl-» دەپ بەرگەن.

1955 ـ يىلىدىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان ئومۇمىيۈزلۈك دىئالېكت تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بىزچە پەقەت تۆۋەندىكى ئۆلچەملا هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى ئەمەلىي پەرقلەندۈرىدىغان، ئۇلارنىڭ چېگرىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئوبيېكتىپ ئۆلچەم هېسابلىنىدۇ.

1) پېئىللارنىڭ هازىرقى ـ كەلگۈسى زامان فورمىسى.

2) پۈتمىگەن سۈپەتداش.

پېئىللارنىڭ هازىرقى ـ كەلگۈسى زامانى «دىۋان»دا «r ـ» فورمىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ فورما كەلگۈسى زامانغا ئېنىقسىزلىق مەنىسىنى قوشۇپ ئىپادىلەيدىغان بولۇپ قالدى. مەسىلەن:

alsa alar ئالسا ئالار.

k'ɛlsɛm k'elɛrmɛn كەلسەم كېلەرمەن.

هازىرقى ـ كەلگۈسى زامان پېئىلى هازىر «a ـ، ɛ ـ» لىك رەۋىشداشتىن كېيىن «t'urur» ياردەمچى پېئىلى ۋە ئۇنىڭ قىسقارغان شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان بولدى.

«t'urur» پېئىلى «دىۋان»دا ئۆتكەن زامان شەكلى ۋە مەستىرى بولمىغان كەلگۈسى زامان پېئىلى، دەپ ئىزاهلانغان. بىز «دىۋان» دا بۇ پېئىلنىڭ ياردەمچى پېئىللىق رولدا «a ـ، ɛ ـ» بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلاردىن كېيىن كېلىپ بۇ دەۋرلەردە قوللىنىلغانلىقىنى مەنە بەرگەنلىكىنىمۇ كۆرىمىز. مەسىلەن:

ɛt'il sɐwi aq'a t'urur

q‘aja t‘ybi q‘aq‘a t‘urur

ئېدىل سۈيى ئېقىۋاتىدۇ،

قىيالارنىڭ تۈۋىگە ئۇرۇۋاتىدۇ.①

دېگەن مىساللاردا «t‘urur» ياردەمچى پېئىلى ھەرىكەتنىڭ داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

كېيىنكى دەۋرلەردىكى خەلق قوشاقلىرىدا بۇ فورما سەل قىسقىراپ، مەنە جەھەتتىن تۈسلۈك مەنىسىنى يوقىتىپ، زامان مەنىسىنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن:

baradurmiz، janadurmiz

jaχʃi q‘eliŋla(r)

egiz dawan aʃadurmiz

ʃot‘a seliŋla(r).

دېگەن خەلق قوشىقىدا «baradurmiz»، «janadurmiz»، «aʃadurmiz» سۆزلىرىدە كۆرۈلگەن «-dur<t‘urur» فورمىسى تۈسلۈك مەنە ئەمەس، زامان مەنىسىنى ئىپادىلىمەكتە.

ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان بىرىنچى ئۆلچەم، يەنى ئۇيغۇر تىلى تارىخىدا تۈسلۈك مەنىدىن پېئىللارنىڭ ھازىرقى-كەلگۈسى زامان مەنىسىنى بىلدۈرۈشكە ئۆتكەن «dur<t‘urur» فورمىسى بىرىنچى شەخس (بىرلىك، كۆپلۈك) تە دېئالېكتلاردا ئۈچ تۈرلۈك ئەھۋالدا ئۇچرايدۇ:

1) بۇ فورما «t‘urur>dur>di» شەكلىدە قىسقارغان. مەسىلەن:

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، I توم، 100- بەت.

k'elɛdimɛn کېلىمەن

baradimɛn بارىمەن

t'osadimɛn توسىمەن

bilmɛjdimɛn بىلمەيمەن

2) بۇ فورما «t'urur>dur>t(ʔ)» شەكلىدە قىسقارغان.

مەسىلەن: كېلىمەن k'e(li)tmɛ(n)

بارىمەن barïtmɛ(n)~bajitmɛ(n)

توسىمەن t'osutmɛ(n)

بىلمەيمەن bilmɛjtmɛ(n)~bilmɛjʔmɛ(n)~

bilmijtmɛ(n)

3) بۇ فورما نۆل فورمىغا ئايلانغان، يەنى «t'urur>dur>o» شەكلىدە پۈتۈنلەي يوقالغان بولۇپ، هازىرقى ـ كەلگۈسى زامان پېئىلى «a ـ، ɛ ـ» بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلار ئاخىرىغا شەخس قوشۇمچىلىرى بىۋاستە ئۇلىنىش بىلەن ئىپادە قىلىنغان.

مەسىلەن:

k'elimɛn كېلىمەن

barimɛn بارىمەن

t'osimɛn توسىمەن

bilmɛjmɛn بىلمەيمەن

ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان ئىككىنچى ئۇلچەم — پۈتمىگەن سۈپەتداش فورمىسىدىمۇ مۇشۇنداق ئۈچ خىل ئەھۋال بار:

1) «t‘urur>dur>du(r)+ʁan» شەكلىدە. مەسىلەن:

baraduʁan. — باريدىغان

k‘eleduʁan. — كېلىدىغان

2) «t‘urur>dur>t‘+ʁan» شەكلىدە:

مەسىلەن:

baritq‘an~bajitq‘an — باريدىغان

k‘ē(li)tq‘an — كېلىدىغان

3) «t‘urur>dur>di+ʁan» شەكلىدە.

مەسىلەن:

baridiʁan — باريدىغان

k‘elidiʁan — كېلىدىغان

مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى پىشقەدەم كەسپداشلىرىمىز بۆلگەندەك تۆۋەندىكى ئۈچ دىئالېكتقا بۆلۈش مۇمكىن:

بىرىنچى خىل ئەھۋالغا ياتىدىغىنى — لوپنۇر دىئالېكتى.
ئىككىنچى " " " — خوتەن دىئالېكتى.
ئۈچىنچى " " " — مەركىزىي دىئالېكت.

هەرقايسى دىئالېكتلارغا تەۋە بولۇپ تۇرغان شېۋىلەر (قۇمۇل شېۋىسى، تارىم شېۋىسى، خوتەن دىئالېكتىنىڭ گۇما شېۋىسى قىسمەن مۇستەسنا) مۇشۇ ئاساسىي ئۆلچەملەردە شۇ دىئالېكت دائىرىسىدە ئۆزئارا پەرقلەنمەيدۇ.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ۋە ئۇلارغا تەۋە بولۇپ تۇرغان شېۋىلەرنىڭ ئومۇمىي سىخېمىسى مۇنداق بولىدۇ:

**هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ۋە ئۇلارغا تەۋە بولغان شېۋىلەر:**




ئەسكەرتىش: ① خوتەن دىئالېكتىنىڭ شېۋە پەرقلىرى ئېنىق تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىلمىدى، بۇ يەردە تەخمىنەن ئېلىپ تۇردۇق. بەلكىم خوتەن دىئالېكتى گۇما شېۋىسى، ئىلچى - قارىقاش - لوپ شېۋىسى، چىرىيە - كېرىيە - نىيە - چەرچەن شېۋىسى قاتارلىق ئۈچ چوڭ شېۋىدىن تەركىب تېپىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

② كۇچا شېۋىسى ۋە موغال شېۋىسى تارىم شېۋىسى بىلەن بىرلىكتە تارىم شېۋىسىنى تەشكىل قىلىدىغان تەرزدە كۆرسىتىلدى.

## 3. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى

### 1. مەركىزىي دىئالېكت

مەركىزىي دىئالېكت ــ شەرقتە قۇمۇلدىن تارتىپ، غەربىي جەنۇبتا يەكەنگىچە بولغان كەڭ رايوندا قوللىنىلىدىغان، هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئاساس بولغان دىئالېكتتۇر.

مەركىزىي دىئالېكت شەرقتە لوپنۇر دىئالېكتى بىلەن، غەربىي جەنۇبتا خوتەن دىئالېكتى بىلەن تۇتىشىدۇ.

مەركىزىي دىئالېكت ئېلىمىزنىڭ تىل خادىملىرى تەرىپىدىن 1955 - يىلى ھەم 1956 — 1957 - يىللىرى بولۇپ، ئىككى قېتىم تەپسىلىي تەكشۈرۈلگەن ۋە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئاساسەن ئەدەبىي تىلىمىزنىڭ ئاساسىي دىئالېكتى ئىكەنلىكى مۇقىملاشتۇرۇلغان.

بىرىنچى، ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ئىككى مەدەنىيەت بويىچە، مەركىزىي دىئالېكت رايونى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدا، شۇنىڭدەك كېيىنكى دەۋرلەردە مەركەز بولۇپ كەلگەن قەشقەر، تۇرپان، ئىلى، ئۈرۈمچى قاتار-

لىق مەدەنىيەت مەركەزلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايون؛ ئۇنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى باشقا دىئالېكت رايونلىرىغا نىسبەتەن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۇقىرى.

ئىككىنچى، بۇ دىئالېكت رايونى كەڭ، بۇ دىئالېكتتا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ نوپۇسى مۇتلەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇچۇقراق ئېيتقاندا، بۇ دىئالېكت رايونى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۇيغۇرلار ياشايدىغان رايونلارنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ؛ بۇ دىئالېكتتا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇرلار- نىڭ سانى باشقا ئىككى دىئالېكتتا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىدىنمۇ تەخمىنەن بەش ھەسسە ئارتۇق.

ئۈچىنچى، مەركىزىي دىئالېكتنىڭ ئەدەبىي تىلىمىزغا يېقىنلىق دەرىجىسى باشقا دىئالېكتلارغا نىسبەتەن ئۈستۈن، يەنى بۇ دىئالېكت (جۈملىدىن ئۇنىڭ ھەرقايسى شېۋىلىرى) يالغۇز بىز كۆرسەتكەن دىئالېكتلارنى پەرقلەندۈرۈش ئۆلچىمى نۇقتىسىدىلا ئەمەس، بەلكى تىل تاۋۇشلىرى سىستېمىسى، لۇغەت بايلىقى سىستېمىسى ۋە گراماتىكىلىق قۇرۇلما سىستېمىسىنىڭ ھەممە مۇھىم نۇقتىلىرى بويىچىمۇ ئەدەبىي تىلىمىزغا ئىنتايىن يېقىن تۇرىدۇ.

ئە. ر. تېنىشېۋ بۇ مەركىزىي دىئالېكتنىڭ تەركىبىگە تۇرپان شېۋىسى، كۇچا شېۋىسى، ئاقسۇ شېۋىسى، قەشقەر شېۋىسى، يەكەن شېۋىسى قاتارلىق بەش شېۋىنى كىرگۈزىدۇ.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە مەركىزىي دىئالېكت تەركىبىگە ئۈرۈمچى شېۋىسى، ئىلى شېۋىسى، تۇرپان شېۋىسى، قەشقەر شېۋىسى (جۈملىدىن ئاتۇش شېۋىسى)، قۇمۇل شېۋىسى، تارىم شېۋىسى (جۈملىدىن ئوغال شېۋىسى، كۇچا شېۋىسى) قاتارلىق ئالتە شېۋە كىرىدۇ.

بۇ ئالتە شېۋىنىڭ يۇقىرىقى ئىككى ئاساسىي ئۆلچەم

بويىچە ئورتاقلىق نۇقتىسى بولغاندىن تاشقىرى ھەرقايسىسىنىڭ يەنە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بار.

### 1) ئۈرۈمچى شېۋىسى

ئۈرۈمچى شېۋىسى مەركىزىي دىئالېكت تەركىبىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ نورمال تەلەپپۇزىغا ئاساس بولۇپ تۇرغان شېۋىدۇر. بۇ شېۋىنىڭ شەكىللىنىشى نىسبەتەن كېيىنرەك، ئومۇمەن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئالدى بىلەن سىياسىي مەركەز بولۇشقا باشلىغىنىدىن بۇيانقى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ.

كېيىنكى ئەسىرلەردە ئۈرۈمچىگە ھەرقايسى دىئالېكت رايونلىرىدىن ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ تەدرىجىي كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىشى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرى يالغۇز سىياسىي مەركەزلا ئەمەس، بەلكى بارغانسېرى مەدەنىيەت مەركىزىمۇ بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ئەسىرىمىزنىڭ باشلىرىدا ھەرقايسى ئۇيغۇر رايونلىرىدىن كەلگەن زىيالىيلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە زامانىۋى مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ياردىمىدە گېزىت - ژۇرناللارنىڭ نەشىر قىلىنىشى ئۇنىڭ مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلىنىش سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېزلەتتى ۋە قۇمۇلدىن قەشقەرگىچە بولغان مەركىزىي دىئالېكت تەركىبىدىكى ھەرقايسى شېۋىلەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزئارا بىرىكتۈرگەن ھالدا ئۈرۈمچى شېۋىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى. شۇ ئارقىلىق ئۈرۈمچى شېۋىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەركىزى بولۇپ تۇرغان رايوندا قوللىنىلىدىغان شېۋە بولۇش سۈپىتى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىنتايىن گەۋدىلىك رول ئوينىدى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي يېزىق

تىلى بىرمۇنچە جەھەتلەردە چاغاتاي تىلى ئەنئەنىلىرىدىن باشقا ئۈرۈمچى تەلەپپۇزىنى ئاساس قىلغان ھالدا قېلىپلىشىپ كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ يېزىق شەكلى بىلەن جانلىق تىل شەكلى دانا شۇ ئۈرۈمچى شېۋىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا بىر - بىرىنى تولۇقلاپ ۋە بارغانسېرى تاكامۇللىشىپ بارماقتا.

ھازىر ئۈرۈمچى شېۋىسى ھەر دەرىجىلىك كادىر، زىيالىي، ئوقۇغۇچى، ئىشچى ۋە ئولتۇراق ئاھالە بولۇپ 140 مىڭدىن ئوشۇق ئۇيغۇر نوپۇسىغا ئىگە شېۋە بولۇپ قالدى. ئۈرۈمچى تەلەپپۇزى ئەدەبىي تىلىمىزنىڭ نورمال تەلەپپۇزى. بۇ نورمال تەلەپپۇزدا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇرلارنى ھېسابقا ئالساق، مىليونلىغان نوپۇس سانىنى ھاسىل قىلىدۇ. دېمەك، ئۈرۈمچى شېۋىسى، جۈملىدىن ئۈرۈمچى تەلەپپۇزى نوپۇس سانى جەھەتتىن ناھايىتى كەڭ ئومۇمىيلىققا ئىگە.

مەدەنىيەت ۋە مائارىپنىڭ كېڭىيىپ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، مىللىي ئورتاق تىلنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ ھازىر ئۈرۈمچى رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، زىيالىيلار ۋە ھەر دەرىجىلىك مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىلا ئەمەس، بەلكى ئولتۇراق ئاھالىمۇ ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك ئالاقىسىدە ئەسلى شېۋىلىرىنىڭ تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۇنتۇپ، كۆپىنچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ يېزىق نورمىلىرىنى ئۆلچەم قىلىدىغان بولدى. شۇنىڭدەك، بۈگۈن يالغۇز ئۈرۈمچى ئاھالىسىلا ئەمەس، باشقا دىئالېكت رايونلىرىدىكى ئاھالىمۇ ئومۇمەن رەسمىي سورۇنلاردا ئەدەبىي تىلىمىزنىڭ نورمال تەلەپپۇزى بولغان ئۈرۈمچى تەلەپپۇزىدا سۆزلەشكە ئادەتلىنىدىغان، ئۆز دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىنىڭ تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى تاسادىپىي چىقىرىپ قويۇشتىن ساقلىنىدىغان بولدى. مەسىلەن: تۇرپان

شېۋىسىدىكىلەرنىڭ [r] نى، خوتەن دىئالېكتىدىكىلەرنىڭ [j] نى، قەشقەر شېۋىسىدە سۆزلىشىدىغانلارنىڭ بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «z» نى «r» بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈشى مۇشۇ جۈملىدىن.

ئۈرۈمچى شېۋىسىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا يېقىنلىقى سەۋەبىدىن ئۇنى يەنە ئەدەبىي تىل بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى ئۆزىنىڭ ئالاقە قورالىلىق رولىنى بۈگۈن زامانىۋى مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرىگە ئىگە گېزىت - ژۇرناللار ئارقىلىق، كىنو - تىياتىرلار ۋە رادىئو - تېلېۋىزور قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق تېخىمۇ كەڭ مىقياستا ئۆتەۋاتقان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرى ئالدى بىلەن ئۈرۈمچى شېۋىسىدە ئەكس ئەتمەكتە ۋە شۇ ئارقىلىق باشقا دىئالېكت ۋە شېۋىلەرگە تەسىر كۆرسەتمەكتە.

## 2) ئىلى شېۋىسى

بۇ شېۋىنىڭ شەكىللىنىشىمۇ ئومۇمەن كېيىنكى ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. ئىلى شېۋىسى باشقا ئۇيغۇر رايونلىرىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ تارىختا ئىلىغا كۆچۈرۈلۈشى ئارقىسىدا شەكىللەنگەن. شۇڭا بۇ شېۋە ئۆزىدە قەشقەر شېۋىسى، تۇرپان شېۋىسى، تارىم شېۋىسى (غۇلجىدا تارىم شېۋىسىنى قوللىنىدىغان دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ دولانىيۈزى مەھەللىسىنى بەرپا قىلغانلىقى ئاساسىدا) قاتارلىق شېۋىلەرنىڭ، ھەتتا خوتەن دىئالېكتىنىڭ (غۇلجا ناھىيىسىدە خوتەندىن چىقىپ ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ خوتەن مەھەللىسىنى بەرپا قىلغانلىقى ئاساسىدا) تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى يىغىنچاقلىغان بولۇپ، ئۈرۈمچى شېۋىسىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە، بولۇپمۇ XX ئەسىرنىڭ

باشلىرىدىن ئېتىبارەن ئىلىدا زامانىۋى مەتبەئەچىلىك جەھەتتىكى تەرەققىيات بارلىققا كېلىش بىلەن ئىلى شېۋىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە ۋە ئۇنىڭ نورمال تەلەپپۇزىنىڭ شەكىللىنىشىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشقان شېۋىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. 1955 - يىلى ۋە 1956 — 1957 - يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان ئومۇمىيۈزلۈك دىئالېكت تەكشۈرۈشتە ئىلى شېۋىسىنىڭ ئەدەبىي تىلىمىزغا ئەڭ يېقىنلىقى، شېۋىلەر ئارا مۇناسىۋەتتىن ئالغاندا ئۇنىڭ ھەم جەنۇبىي شېۋىلەر (مەسىلەن، قەشقەر، ئاتۇش، كۇچا شېۋىلىرى) گە، ھەم شىمالىي شېۋىلەردىن تۇرپان، قۇمۇل شېۋىلىرىگە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا يېقىنلىق دەرىجىسىگە قارىغاندا يەنىمۇ يېقىن تۇرىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. شۇڭا ئېيتىش كېرەككى، ئىلى شېۋىسى مەركىزىي دىئالېكت تەركىبىدىكى ئالاھىدە مۇھىم بىر شېۋە.

سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىي تىلى ئىلى شېۋىسىنى ئاساس قىلىدۇ، بولۇپمۇ فونېتىكا ۋە گراماتىكا جەھەتتە شۇنداق.

### 3) تۇرپان شېۋىسى

تۇرپان شېۋىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان شېۋىلەرنىڭ بىرى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇيان تۇرپاندا زامانىۋى مائارىپ ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىر جەھەتتىن ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئاساس بولۇشىغا ئىمكانىيەت ياراتقان بولسا، ئىككىنچى جەھەتتىن تۇرپان شېۋىسىنىڭمۇ ئەسلى خۇسۇسىيەتلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەرتىشىگە سەۋەبچى بولدى. شۇڭا،

هازىر تۇرپان شېۋىسى دېيىلگەندە، گەرچە تۇرپان، توقسۇن، پىچان ناھىيىلىرى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق رايونلاردا قوللىنىلىدىغان شېۋە كۆزدە تۇتۇلسىمۇ، لېكىن كېيىنكى بىرقانچە ئەسىر مابەينىدە يۈز بەرگەن ئېتنىك ئارىلىششلارنىڭ كۆپ ۋە مۇرەككەپلىكىنى، شۇنىڭدەك XX ئەسىرنىڭ بېشىدىن ئېتىبارەن بۇ رايونلاردا زامانىۋى مائارىپ ۋە مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشىنىڭ نىسبەتەن تېز بولغانلىقىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، بۇ رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ تىلىدا ئۆز ئارا مۇقەررەر ھالدا بەزى ئۇششاق پەرقلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا شېۋىلىرىگە ئوخشاشلا تۇرپان شېۋىسىمۇ XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ياۋروپا ئالىملىرى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت ماتېرىياللىرى ئېلان قىلىنغاندىن باشقا، فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتە سىستېمىلىق بولغان بىر يەكۈن چىقىرىلغان ئەمەس.

بىز بۇ يەردە تۇرپان شېۋىسى توغرۇلۇق سۆزلىگىنىمىزدە 1955 - يىلىدىن بۇيان تۇرپان شېۋىسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللارنى، بولۇپمۇ 1988 - يىلى 4 - ئايدا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن تۇرپان ئاستانە (ئاستىن؟) دە، پىچاننىڭ دىغار (دىغاي) يېزىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تىل تەكشۈرۈش ئاساسىدا ئىگىلەنگەن ماتېرىياللارنى كۆزدە تۇتىمىز. تۇرپان، توقسۇن ناھىيىلىرىدە t‘ōʁaʃlā (r) (تاۋغاچلار؟)، q‘aŋq‘i (قاڭقلى؟) قاتارلىق مەھەللە نامىلىرىنىڭ بولۇشى، تۇرپان تەرەپتىكىلەرنىڭ پىچان تەۋەسىدىكى لۈكچۈن، لەمجىن، تۇيۇق، دىغار (دىغاي) قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنى «t‘ɛjlō(r)lā(r)» (تېلىلار؟) دەپ ئاتىشى بۇ رايوننىڭ قەدىمكى ئېتنىك تەركىبىنىڭ ئىپادىلىرى بولسا كېرەك. لېكىن

بۇ رايوندا ياشىغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ كېيىنكى ئەھۋاللىرى توغرىسىدا قولىمىزدا يېتەرلىك ماتېرىيال يوق. شۇڭا بىز پىچان بىلەن تۇرپانغا ۋەكالىتەن تىل تەكشۈرۈش نۇقتىسى قىلىپ ئېلىنغان دىغار (دىغاي) يېزىسى بىلەن ئاستانە يېزىسىنىڭ تىل ماتېرىياللىرىنى پەقەت لازىم تېپىلغان ئورۇنلاردىلا ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ كۆرسەتكەندىن تاشقىرى تۇرپاننىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا شېۋە جەھەتتە كۆرۈلىدىغان بەزى ئىنچىكە پەرقلەرنى نەزەردىن سارقىت قىلىمىز.

تۇرپان شېۋىسى يۇقىرىقى ئاساسىي ئۆلچەم بويىچە ئەدەبىي تىلغا ئوخشاش. ئۇنىڭدىن باشقا ئالاھىدىلىكلىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

A. فونېتىكىلىق جەھەتتە:

① z/j نۆۋەتلىشىش يوق. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| يىل | jil | يىگىرمە | jigiɾmɛ |
| يىڭنە | jiŋnɛ | يىگىت | jigit‘ |
| يۇلتۇز | jult‘uz | يۈك | jyk‘ |

بەزى سۆزلەردە ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلار ئالدىدىكى «j» مۇ كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| يىلىك | ilik‘ | يىلان | ilan |
| يىلپىز | ilp‘iz | يىن (قوينىڭ يىنى) | in |

يىت —، يىتمەك - ẙt‘ -

يىتىپ كەتكەن. Δẙt‘y (p) k‘ɛtk‘ɛn

② g/w نۆۋەتلىشىش بار. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| تاۋاپ | t‘ugap‘ | ھالۋا | ɦalga |
| تاۋار | t‘uga | ھاۋا | ɦaga |

| | | | |
|---|---|---|---|
| mφgɛ | مېۋە | k'argan | كارۋان |
| gaχ | ۋاخ، ۋاقىت | agal | ئاۋۋال |
| galaχla – | ۋاخلا – | gysij | ۋەسىيەت |

③ tʃ'/t' نۆۋەتلىشىش بار. مەسىلەن:

tʃ'iʃ چىش　　tʃ'yʃ gaχt'i چۈش ۋاقتى

tʃ'yʃ – – چۈش

④ tʃ'/s نۆۋەتلىشىش بار. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| tʃ'aʃ | چاچ | tʃ'etʃ'iŋ | چېچەك (سېنىڭ) |
| tʃ'aʃ – | – چاچ | tʃ'etʃ'ip' | چېچىپ |
| tʃ'aʃq'an | چاشقان | tʃ'ytʃ'yk' | چۈچۈك |

⑤ سۆز ئاخىرىدا [ʁ]، [g] تاۋۇشلىرى كەلمەيدۇ. مەسىلەن:

at' – ulaq' ئات – ئۇلاغ

ajaq' ئاياق

⑥ ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىلىقىدىكى [q']، [k']، [p'] تاۋۇشلىرى [ʁ]، [g]، [w] غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| q'ulaq' | قۇلاق | q'uluʁum | قۇلىقىم |
| p'ilik' | پىلىك | p'iligi | پىلىكى |
| k'it'ap' | كىتاب | k'it'awim | كىتابىم |
| joʁik'ɛn | يوق ئىكەن | ta'jiʁini jɛp' | تايىقىنى يەپ |

⑦z/r نۆۋەتلىشىش يوق. بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن «r» تاۋۇشى چۈشۈپ قالمىسلا «ɾ» بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| biɾ | بىر | k'iɾ – | – كىر |
| giɾdɛ ～ tʃ'φtʃ'ɛk' nan | | | گىردە |
| uɾ – | – ئۇر | t'uɾ – | – تۇر |

syr    سۈر -    syryp‘    سۈرۈپ

jamʁur    يامغۇر    t‘ɸmyr    تۆمۈر

t‘ar    تار    q‘ar    قار

ara    ئارا    ar(i)liq‘    ئارىلىق

⑧ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا بىر [ɦ] كۆپىيىش ھادىسىسى جەنۇبىي شېۋىلەرگە نىسبەتەن ئاز. مەسىلەن:

oʃuq‘    ئوشۇق    yz    يۈز (ئىسىم)

yz k‘ɛ(l)gɛk‘ ɛdɛm    يۈزسىز ئادەم

jyz    يۈز (سان)    jup‘urmaq‘    يوپۇرماق

ā(b) liz    ئابلىز (كىشى ئىسمى)

ɦedzʑiz    ئېزىز (كىشى ئىسمى)    ɦeq‘i(l) siz    ئەقىلسىز

ɦɸl    ھۆل    ɦosma    ئوسما

ɦuwla -    ھۇۋلا    ɦet‘aχun    ھېيتاخۇن (ئىسىم)

ɦadzʑizlit‘iwet‘ip‘    ئاجىزلىتىۋېتىپ

ɦɛjdiɦa(r)    ئەجدىھا

⑨ سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [a] ، [ɛ] تاۋۇشلىرى [e] گە ئۆزگىرىشىدۇ. مەسىلەن:

at‘    ئات    et‘i    ئېتى

at‘ -    ئات -    et‘ipt‘u ~ et(ip)t‘u    ئېتىپتۇ.

mɛn    مەن    meniki    مېنىڭكى

k‘ɛt‘ -    كەت -    k‘et (ip) t‘u    كېتىپتۇ.

بۇ نۇقتىدا يەنە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، [a] نىڭ [e] غا ئاجىزلاشماسلىق ئەھۋالى لۇكچۇن دىيارىدا سارقىندى ھالەت سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

al- ئال aliŋlɛ(r) ئېلىڭلار

jan- يان- janiŋlɛ(r)

dʐan جان dʐanim

[ɛ] نىڭ [e] غا ئاجىزلىششىدىمۇ بەزى سۆزلەردە بىر خىللىق يوق، يەنى بەزى سۆزلەردە [i] غا ياكى [I] غا ئاجىزلىششىمۇ ئۇچرايدۇ. لېكىن بۇ ئوموميۈزلۈك ھادىسە بولمىغىنى ئۈچۈن تۇرپان شىۋىسىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى سۈپىتىدە كۆرسىتىلمىگىنى مۇۋاپىق.

jit(ip) k'ɛldiŋmuʔ يېتىپ كەلدىڭمۇ؟

tʃ'ilɛk' چىلەك

لۈكچۈن ـ دىغاردا پېئىللارنىڭ «ɛ» بىلەن ئاخىرلاشقان بو- لۇشسىزلۇق ۋە بولۇشسىز ئۆزەكلىرىگە رەۋىشداش قوشۇمچىسى «j» قوشۇلغاندا، مەزكۇر [ɛ] تاۋۇشى [i] غا ئاجىزلىشىدۇ.

مەسىلەن:

t'ilɛ - تىلە - t'ilijsy(n) تىلەيسەن

jɛŋgyʃlɛ- يەڭگۈشلە- jɛŋgyʃlijdu. يەڭگۈشلەيدۇ

k'ɛt'mɛ- كەتمە- k'ɛt'mij t'ursaŋla(r)

كەتمەي تۇرساڭلار (خالاش رايى)

demɛ- دېمە- birmɛ demij بىر نېمە دېمەي

⑩ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى جەنۇبىي شېۋىلەرگە نىسبەتەن كۈچلۈك. مەسىلەن:

bojun بويۇن ojun ئويۇن

øt'yk' ئۆتۈك oʁul ئوغۇل

| | | | |
|---|---|---|---|
| üjq'um | ئۇيقۇم | k'ϕzym | كۆزۈم |
| q'uluʁum | قۇلىقىم | yzym | يۈزۈم |
| bolup' | بولۇپ | k'ϕryp' | كۆرۈپ |

⑪ تەركىبىدە [k']، [g] تاۋۇشلىرى كەلگەن بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىشى ئومۇمەن ئەسلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| lyŋgɛ | لۆڭگە | gyl | گۈل |
| gyrytʃ' | گۈرۈچ | gϕr | گۆر |
| gϕʃ | گۆش | gyŋgyrmɛ | گۈگۈم |
| k'et'ɛk' | كاتەك | k'ɛlp'yk' | كالپۈك |
| k'ϕjnɛ | كونا | tʃ'yk'ɛ | چوكا |
| k'ϕzɛ | كوزا | p'ϕʃk'ɛl | پوشكال |
| k'ɛpk'yr | كەپكۈر | tʃ'ϕgyn | چۆگۈن |

ئايرىم سۆزلەردىلا بۇ قائىدە بۇزۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| k'am | كەم | k'alt'a | كالتە |
| guna | گۇنا | gumbaza | گۈمبەز |

⑫ تۇرپان شېۋىسىدە سۆز ئوتتۇرىسىدا بوغۇم بېشى ۋە بوغۇم ئاخىرىدىكى [ʁ]، [g] تاۋۇشلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىش ياكى بەزەن [j] بىلەن ئۆزگىرىش ھادىسىسى بار. بۇ ھادىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك بولمىغىنىغا قارىغاندا، بەلكىم سارقىندى ھادىسە بولسا كېرەك. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| baʃ ā(ʁ)riʁi | باش ئاغرىقى |
| q'ó(ʁ)la'- ∼ q'ojla- | قوغلا- |

| | |
|---|---|
| ǒ(ʁ)laq‘ ∼ oʁlaq‘ | ئوغلاق |
| jā(ʁ)liq‘ | ياغلىق |
| q‘erin jā(ʁ)liq‘ | بۇدۇر لۆڭگە |
| bā(ʁ)lap‘ | باغلاپ |
| saʁra ∼ søʤɛ | ساغرا |
| t‘oʁra | توغرا |
| saʁliq‘ | ساغلىق (قوي) |
| naʁra | ناغرا |
| daʁla- | داغلا- |
| baʁriʁa basip‘ | باغرىغا بېسىپ |
| sā(ʁ)ro ∼ saʁro | پاك، گاس، ساغرىغۇ |
| q‘ar(ʁ)o | قارىغۇ |
| k‘yk‘ȳ(gy)n | كۆكيۈن |
| muŋ(g)uz ∼ moŋ(g)uz | مۈڭگۈز |
| t‘oŋ(ʁ)uz | توڭگۇز |
| q‘oŋ(ʁ)uz | قوڭغۇز |

⑬ مەيلى لۆكچۈن ـ دىغاردا بولسۇن، مەيلى تۇرپان ـ ئاستانە يېزىسىدا بولسۇن، ئەدەبىي تىلدىكى sant∫‘i-، jant∫‘i- پېئىللىرى شۇ پېئىلدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ دىماغلىشىشى ۋە [t∫‘] نىڭ [∫] غا ئۆۋەتلىشىشى بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، مەزكۇر پېئىللار تۈرلەنگەندە [∫] تاۋۇشى [t∫‘] غا ئۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| să∫- | سانچ- | sǎt∫‘ip‘ | سانچىپ |
| jă∫- | يانچ- | jǎt∫‘ip‘ | يانچىپ |

⑭ ئوخشىتىش ۋە سوراق ئالماشلىرىدىكى [d] تاۋۇشى چۈشۈپ

قالىدۇ.

مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| anaq‘ | ئانداق |
| munaq‘ | مۇنداق |
| maʃnaq‘ ∼ majnaq‘ | مۇشۇنداق |
| q‘anaq‘ | قانداق |

⑮ كۆپىنچە پەس سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن سۆز-لەردەبوغۇم ئاخىرىدىكى [l]، [r]، [b] تاۋۇشلىرى چۈشۈپ قالىدۇ.
مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ā(b)lit‘ep‘ | ئابلىتىپ (كىشى ئىسمى) |
| ā(b) diweli | ئابدۇۋېلى (″) |
| ā(b)diraχman | ئابدۇراخمان (″) |
| jā(l)ʁan | يالغان |
| jā(l)ʁuz | يالغۇز |
| jaz wṓ(l)ʁitʃ‘ɛ | ياز بولغۇچە |
| bā(r)dim | باردىم |
| k‘ɸ(r)dym | كۆردۈم |

لۇكچۇن ـ دىغار يېزىسىدا پېشىللارنىڭ بۇيرۇق ـ خالاش رايىدىن باشقا [a]، [ɛ]، [o]، [ɸ] سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن قۇرۇلغان بوغۇملار ئاخىرىدىكى [j] تاۋۇشى ئومۇمەن چۈشۈپ قالىدۇ، تۇرپان ـ ئاستانىدا مۇنداق ھادىسە ئاز كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| saq‘al q‘ṓ(j)ʁili | ساقال قويغىلى... (تۇرپان) |
| buʁdā(j) | بۇغداي (دىغار) |
| ɦā(j)dā(j)du. | هايدايدۇ (″) |

| | | |
|---|---|---|
| tʃ‘ā(j)nap‘ jeduq‘ | (دىغار) | چايناپ يېدۇق |
| oŋā(j) | (″) | ئوڭاي |
| saq‘ā(j)di | (″) | ساقايدى |
| dɛ̄(j)miz | (″) | دەيمىز |
| jɛ̄(j)mɛ(n) ∼jɛ̄(j)mɛ(n) | (″) | يەيمەن |
| dʐɛ̄(j)nɛk‘ | (″) | جەينەك |
| dʐysɛ̄(j) | (″) | جۈسەي |
| t‘ó(j) | (″) | توي |
| q‘ó(j) | (″) | قوي |
| ó(j)nap‘la | (″) | ئويناپلا... |
| qó(j)ni só(j)di | (″) | قوينى سويدى |
| ϕ̄(j)gɛ bā(r)mā(j)la | (″) | ئۆيگە بارمايلا... |
| ot‘un k‘ϕ̄(j)di | (″) | ئوتۇن كۆيدى |

ئەدەبىي تىلنىڭ تەسىرى بىلەن خۇددى مۇشۇنداق شارا- ئىتتىكى [j] نــى چۈشۈرمەسلىككــە ئادەتلىنىشمۇ شەكىللىنىشكە باشلىغان. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| k‘ϕjnɛk‘ | (دىغار) | ئايا للار كۆڭلىكى |
| ajlandi | (″) | ئايلاندى |
| bɛtʃ‘ɛj k‘ϕk‘i | (″) | بەسەي |
| tʃ‘ajdan | (دىغار) | چايدان |
| ojlap‘ | (″) | ئويلاپ (رەۋىشداش) |

⑯ كۆپىنچە «p‘-» لىق رەۋىشداشلاردىن كېيىن [q‘]، [k‘]، [tʃ‘] [b] قاتارلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغانياردەمچى پېئىللار كەلگەندە رەۋىشداشنىڭ [p‘] تاۋۇشى ياكى شۇ بوغۇم چۈشۈپ

قالىدۇ. مەسىلەن:

ئاپىرىپ قويىدۇ. — εp‘ir(ip) q‘oj(i)du.

قويۇپ قويىدۇ. — q‘oj(up) q‘oj(i)du.

چۈشۈرۈپ قويۇپ — tʃ‘yʃyr(yp) q‘ojup‘.

ئۇخلاپ قاپتۇ. — uχla(p) q‘ε(li)pt‘u.

ياساپ كەتكەندىن كېيىن — jasa(p) k‘εtk‘εndi(n) k‘ejin

تۇتۇپ ئەكېلىپ — t‘ut‘uw εk‘e(lip) k‘e(li)p‘

ھېساب قىلىپ بېقىپ — ɦεsεp‘ q‘i(lip) p‘eq‘ip‘

يېنىپ چۈش. — jen(ip) tʃ‘yʃ.

ئەگەر بۇ رەۋىشداشلاردىن كېيىن [a] بىلەن باشلانغان پېئىللار كەلسە، رەۋىشداشنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش چۈشۈپ قېلىپ، [p‘] تاۋۇشى كېيىنكى بوغۇمنىڭ باش تاۋۇشى بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

خامان تېپىۋاتساق — χāmam t‘ep(i)p‘at‘saq‘

يۇمۇپ ئالىسەن — jum(u)balisεn

B. گىراماتىكىلىق جەھەتتە

① «mεn»، «sεn» ئالماشلىرى يۆنىلىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەندە «maŋʁa»، «saŋʁa» شەكلىدە بولىدۇ.

② ئىگىلىك كېلىش بىلەن چۈشۈم كېلىش ئۈچۈن بىرلا «-ni» فورمىسىنى قوللىنىش ياشانغانلاردا ئومۇمەن بۇرۇنقى ھالىتىنى ساقلاپ قالغان، ياشلاردا بولسا، ئەدەبىي تىلنىڭ تەسىرى بىلەن «-niŋ»، «-ni» شەكلىدە ئىككىگە ئايرىلغان. مەسىلەن:

ياشانغانلاردا:

بىزنىڭ ئاتا - ئانىمىز — bizni at‘a-animiz

asmandik'i jult'uzni sani — ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ سانى
daraχni jilt'izik'ɛ(n) — دەرەخنىڭ يىلتىزى ئىكەن.
seni bajnaŋda — سېنىڭ باھانەڭدە
dɛjjani t'ɛkt'igɛ tʃ'yʃyp'... — دەريانىڭ تېگىگە چۈشۈپ

③ پېئىلنىڭ ئىمكانىيەت تۈسىنى ئىپادىلىگۈچى «al-» پېئىلى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا بويسۇنمايدۇ. مەسىلەن:

baralimɛ(n) — بارالايمەن
k'ɸralimɛ(n) — كۆرەلەيمەن
iʃlalimɛ(n) — ئىشلىيەلەيمەن
dalalimɛ(n) — دېيەلەيمەن
jalalimɛ(n) — يېيەلەيمەن
jujalimɛ(n) — يۇيالايمەن

④ «ur» فورمىسى كەلگۈسى زامان پېئىلىنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

k'ɸtʃ'ur — كۆچۈپ كېتەر.

ɛdɛm didariʁa ɛk'ɛp' q'ojur·

ئادەم سىياقىغا ئەكىلىپ قويار.

beralurmu? — بېرەلەرمۇ؟
q'ilurdum — قىلار ئىدىم ~ قىلاتتىم
alurdi — ئالار ئىدى، ئالاتتى.

⑤ «P'» – » رەۋىشداشتىن كېيىن «ik'ɛn»، «idi» پېئىللىرى قوشۇلغاندا مەزكۇر پېئىللارنىڭ باش تەرىپىدىكى [i] تاۋۇشى قىسقارمايدۇ. مەسىلەن:

ieziwidi — يېزىۋىدى.

boluwidi → bo(lu)widi — بولۇۋىدى.

jeziwik'ɛnduq' — يېزىپتىكەن.

⑥ پېئىللارنىڭ ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك قوشۇمچىسىنىڭ سىپايە شەكلى ئۈچۈن «ŋizlɛ̄(r) - » قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

nɛdin k'ɛldiŋizlɛ̄(r) — نەدىن كەلدىڭلار.

⑦ پېئىللارنىڭ بۇيرۇق - خالاش رايى بىرىنچى شەخس كۆپلۈك فورمىسى ئۈچۈن «ini - »،« jni - » قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

dzaj salini. — ئورۇن سالايلى.

iʃlɛjni — ئىشلەيلى

ɸ̄(l)t'ɛ(r)mɛj p'aq'ini — ئۆلتۈرمەي (كۆرۈپ) باقايلى.

C. لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكى جەھەتتە

تۇرپان شېۋىسىنى باشقا شېۋىلەردىن كەسكىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان لېكسىكىلىق ئامىللارنى ئوتتۇرىغا قويۇش تەس ئەمەس. تۇرپان شېۋىسىدە قوللىنىلىدىغان شېۋىگە خاس سۆزلەر ياكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن قېلىپ قالغان سۆزلەر، شۇنىڭدەك خەنزۇ ۋە باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر كۆپ جەھەتلەردە قۇمۇل شېۋىسىگە ئوخشىشىدۇ. تۆۋەندە تۇرپان شېۋىسىدە بىرقەدەر ئومۇمىي بولغان شېۋىگە خاس سۆزلەرنى كۆرسىتىمىز.

suʁurt'ma — ئۈستەلنىڭ تارتمىسى

muzlaŋ — مۇزدا ئوينىلىدىغان پىرقىرىغۇچ

q'erin jā(ʁ)liq' — بۇدۇر لۆڭگە

jup'ulaq' — لەگلەك

t'ejnɛ - — ئالدىرا -

| | |
|---|---|
| äŋwala～aŋala | شۇنىڭ ئۈچۈن |
| jɛ̄(r)ni ɸŋi | يەرنىڭ ئۈست قەۋىتى، يۈزى |
| daʁlatq‘a | داغمال |
| q‘et‘iraχtʃ‘i | سوكسوك، ～ ئات |
| saŋq‘aru | سار |
| bɛʃwalt‘aq‘ | بۆدۈنە |
| suq‘un - | مۆك - ، مۆكمەك |
| dyŋgɛj | مۈرە |
| t‘ɸwɛ | ئۆگزە |
| ɛjlɛ | ھەدە |
| k‘ant‘ʊ | ئوغرى |
| k‘aut‘ula - | ئوغرىلا - |
| majdaŋtʃ‘i | چاقچاقچى |
| jamdaq‘ | سۈپۈرگە |
| mani - | چىلا - |
| jajaq‘ | پىيادە |
| ijik‘ - | ئەي بول - |
| yrɛn | ئۇرۇق |
| eriq‘ | پۈتۈنلەي |
| dɸʃ, ～ maŋnaj | دۆك، دۆك پېشانە |
| dɛŋgim | رەگەتكە |
| tʃ‘amtʃ‘a | ئەرلەر كۆڭلىكى |
| t‘ijza | پۇل، ئاقچا |

| | |
|---|---|
| dʐoχu | ئېشەك كاروۋنى |
| mudʐaŋ | ياغاچچى |
| da | ئاۋۇ |
| daʃu ～ dɛʃu | ئاشۇ |
| t‘aʃu ～ t‘ɛʃu | ئاشۇ |
| dɛʃɛ | ئاشۇ يەر |
| bezindɛ | بۆشۈكنىڭ قول تارتقۇسى |
| p‘algan | مەرگەن، ئوۋچى |
| dɛnɛ | ئەنە |
| dabaja | ئابايا |
| dʐydʐɛm | ئۈجمە |
| t‘ɸryk‘ | يۇمۇلاق |
| t‘ilma | كاردىزنىڭ تىلمىسى |
| χaraz | جۇۋاز |
| suχt‘anmq‘ | مۇزلىماق، توڭلىماق |
| sewit‘ | خۇش خەۋەر |
| manda | تۆرنىڭ ئەكسى، پەگاھ |
| muza | مانچا، ئىش ھەققى |
| majʁaq‘ ～ mā(j)ʁaq‘ | مايماق |
| k‘ɸ̄(j)gɛ | كۆيە، قۇرۇم |
| jep‘ɛŋ | كېپى تولا، ئۇششاق سۆز |
| ɸzlyrlɛ | ئۆزلىرى (يېشى چوڭلارغا نىسبەتەن) |
| saχuj | كومشا، دۆت، ساراڭ |

## 4) قەشقەر شېۋىسى

قەشقەر شېۋىسىمۇ مەركىزىي دىئالېكت رايونىدىكى مۇھىم شېۋىلەرنىڭ بىرى. مەركىزىي دىئالېكت تەركىبىدىكى شېۋىلەر ئىچىدە قەشقەر شېۋىسى قوللىنىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئەڭ كۆپ، تارقالغان رايونى ئەڭ كەڭ بىر شېۋىدۇر. قەشقەر شېۋىسى قەشقەر شەھەر ئىچى، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى (توققۇزاق)، پەيزىۋات، يېڭىسار، يوپۇرغا قاتارلىق ناھىيىلەردە قوللىنىلىدۇ. بۇ شېۋە جەنۇبتا يەكەن، قاغىلىقلارغىچە، شەرقتە مەكىت، مارالبېشى، شەرقىي شىمالدا تارىم شېۋىسى قوللىنىلىدىغان رايونلارغىچە ئازدۇر - كۆپتۇر ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن.

قەشقەر شېۋىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشقان شېۋىدۇر.

قەشقەر شېۋىسى يۇقىرىقى ئىككى ئاساسىي ئۆلچەم بويىچە ئەدەبىي تىلغا ئوخشاش. ئۇنىڭدىن باشقا ئالاھىدىلىكلىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

① ȥ∥j نۆۋەتلىشىش بار. ھەتتا بەزى سۆزلەردە dȥ∥j نۆۋەتلىشىشمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ȥiraq‘ | يىراق | ȥilan | يىلان |
| ȥut‘ | يۇرت | ȥugù(r) - ~ dȥugu(r) — | يۈگۈر |

② g∥w نۆۋەتلىشىش يوق. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| dywɛt | دۈۋەت | dȥuwaz | جۇۋاز |
| dȥuwa | جۇۋا | ɦalwa | ھالۋا |
| suwa - | سۇۋا - | uwa | ئۇۋا |

③ tʃʻ∥tʻ نۆۋەتلىشىش بار. مەسىلەن:

چۈش tʃʻyʃ     چىش tʃʻiʃ

چىشى tʃʻiʃi     چۈش - tʃʻyʃ -

④ tʃʻ∥s نۆۋەتلىشىش بار. مەسىلەن:

چاچ - tʃʻatʃʻ -     چاچ tʃʻatʃʻ

چۈچۈك tʃʻytʃʻykʻ

لېكىن satʃqʻan «چاشقان» سۆزى مۇستەسنا.

⑤ سۆز ئاخىرىدىكى [ʁ]، [g] مەلۇم دەرىجىدە ساقلانغان. مەسىلەن:

ئۇلاق ulaʁ     قانداق qʻandaʁ

ئاياغ (تەرەپ) ajaʁ     ئۇرۇق uruʁ

⑥ ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىلىقىدىكى [pʻ]،[kʻ]،[qʻ] تاۋۇشلىرى مۇقىم. مەسىلەن،

تايىقى (ئۈچىنچى شەخسىنىڭ) tʻajiqʻi     تاياق tʻajaqʻ

كىتابى (" ") kʻitʻipʻi     كىتاب kʻitʻapʻ

چېلىكى (" ") tʃʻelikʻi     چېلەك tʃʻelɛkʻ

⑦ ئېگىز سوزۇق تاۋۇش [i] بىلەن تۈزۈلگەن تۆۋەندىكى بىر قىسىم سۆزلەردىلا z̡∥r نۆۋەتلىشىش بار. مەسىلەن:

بىز (سان) biz̡     گىزدە giz̡dɛ

قىز (ئىسىم) qʻiz̡     كىز (سۈپەت) kʻiz̡

قىرىپ qʻiz̡ipʻ     قىز - qʻiz̡ -

كىرپە kʻiz̡pʻɛ

⑧ پەقەت تۆۋەندىكى ئىككىلا سۆزدە tʃʻ∥kʻ نۆۋەتلىشىش بار. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| tʃ‘im | كىم | tʃ‘i̮(r)- | كىر - |

⑨ سۆز بېشىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا بىر [ɦ] كۆپىيىش ھادىسىسى ياكى سۆز بېشىدا ɦ∥j نۆۋەتلىشىش ھادىسىسى بار. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ɦøk‘yz | ئۆكۈز | ɦoʃuq‘ | ئوشۇق |
| ɦabla (كىشى ئىسمى) | ئابلا | ɦysyp‘ | يۈسۈپ (كىشى ئىسمى) |
| ɦop‘ū(r)maq‘ | يوپۇرماق | ɦoʃū(r)- | يوشۇر - |

⑩ سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [ɛ] تاۋۇشى ئۈچۈق بوغۇم ھالىتىدە [e] غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| mɛn | مەن | meniŋ | مېنىڭ |
| jɛt‘ - | يەت - | jet‘ip‘ | يېتىپ |
| bɛl | بەل | belim | بېلىم |

⑪ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى ئاجىز. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| bojan | بويۇن | ojan | ئويۇن |
| øt‘ɛk‘ | ئۆتۆك | oʁal | ئوغۇل |
| bojnam | بوينۇم | oʁlam | ئوغلۇم |
| q‘olam | قولۇم | k‘øzɛm | كۆزۈم |
| jolaŋ | يولۇڭ | søzɛŋ | سۆزۈڭ |
| ølɛk‘ | ئۆلۈك | t‘oʃaq‘ | توشۇق |
| ølɛm | ئۆلۈم | q‘ojam | (بىر) قويۇم |
| bolap‘ | بولۇپ | k‘ørɛp‘ | كۆرۈپ |
| q‘ojaʃ | قويۇش | bølɛn- | بۆلۈن - |

⑫ تەركىبىدە [k‘]، [g] تاۋۇشلىرى كەلگەن بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن ئەمەس. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| tʃ‘ok‘a | چوكا | tʃ‘ōk‘an | چوكان |
| loŋga | لۆڭگە | golla- | گوللا- |
| daŋgal | داڭگال | gul | گۈل |
| k‘utʃ‘ | كۈچ | goʃ | گۆش |
| tʃ‘ogun | چۆگۈن | gor | گۆر |
| k‘alp‘uk‘ | كالپۇك | k‘ora | كورا |

⑬ ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى تەركىبىدىكى [a]، [ɛ] تاۋۇشلىرى ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلسا، ئاجىزلىشىپ [i] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| k‘adirlā(r) | كادىرلار | k‘adirliʁa | كادىرلارغا |
| | | k‘adirlidin | كادىرلاردىن |
| bizlɛ̄(r) | بىزلەر | bizligɛ | بىزلەرگە |
| ɸjlɛ̄(r) | ئۆيلەر | ɸjliniŋ | ئۆيلەرنىڭ |

⑭ silɛ̄(r) سۆزى ئىككىنچى شەخس كۆپلۈكى بىلەن بىللە ئادەتتىكى بىرلىككىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

△ silɛ̄(r) nɛgɛ maŋdiŋlār?

سەن نەگە ماڭدىڭ؟ ~ سىلەر نەگە ماڭدىڭلار؟

△ silɛ̄(r)gɛ nemɛ boldi?

ساڭا نېمە بولدى؟ ~ سىلەرگە نېمە بولدى؟

⑮ ئاددىي ئۆتكەن زامان ئىككىنچى شەخس سىپايە تۈرى فورمىسى ئۇچۇن شىمالىي شېۋىلەردىكىدەك «dila//dilɛ» ئەمەس،

«la~lɛ» قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

k‘ɛl(di)lɛ — كەلدىلە

ba(rdi)la ~ balla — باردىلا

al(di)la — ئالدىلا

⑯ شەرت رايى فورمىسى ئاخىرىغا ھۆرمەت ئۈچۈن «ri» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

k‘ɛ̄(l)silɛ ~ k‘ɛ̄(l)siliri — كەلسىلە

bā(r)sila ~ bā(r)siliri — بارسىلا

⑰ p‘ + idi + شەخس شەكلى p‘ + ti + شەخس فورمىسىدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

iʃlɛpt‘im — ئىشلەۋىدىم

dɛpt‘im — دېۋىدىم

beript‘im — بېرىۋىدىم

⑱ «p‘» رەۋىشدىشى + t‘i~t‘u + شەخس فورمىسىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئىككىنچى شەخس سىپايە تۈرىدىمۇ «t‘i~t‘u» چۈشۈپ قېلىپ، رەۋىشداشقا شەخس قوشۇمچىسىلا ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

k‘ɛp‘(t‘i)la كەپتىلا    berip‘(t‘i)la بېرىپتىلا

⑲ «ar» سۈپەتداش + idi + شەخس فورمىسىدىكى ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ بولۇشلۇق شەكلىدە سۈپەتداشتىكى [a] تاۋۇشى ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

jazitt‘im يازاتتىم    baritt‘im باراتتىم

k‘elitt‘iŋ كېلەتتىڭ

بۇنىڭ سوراق شەكلى:

| | | | |
|---|---|---|---|
| jazamtʻim | يازامتىم | kʻelɛmtʻiŋ | كېلەمتىڭ |

⑳ تۇرغۇن سۆزلەردىن كېيىن كەلگەن «idi» ياردەمچى پېئىللى كۆپ ھاللاردا «ttʻi» شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ʃuttʻi | شۇ ئىدى. |
| kʻimittʻi ~ kʻimtʻi | كىم ئىدى؟ |
| bā(r)mittʻi | بارمىدى؟ |
| sɛnmittʻiŋ | سەنمىدىڭ؟ |
| jaχʃittʻi | ياخشى ئىدى. |

㉑ پېئىللارنىڭ ئىمكانىيەت تۈسى فورمىسى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنى بويىچە «al - ~ɛl - ɛ-» شەكلىدە ئىككى خىل قوللىنىلىدۇ، سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللاردا بىر [j] كۆپىيىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| baralajmɛn | بارالايمەن |
| kʻɸrɛlɛjmɛn | كۆرەلەيمەن |
| jasijalajmɛn | ياسىيالايمەن |
| iʃlijɛlɛjmɛn | ئىشلىيەلەيمەن |

### 5) ئاتۇش شېۋىسى

ئاتۇش شېۋىسى — ئاستىن ئاتۇش، ئۈستۈن ئاتۇش، ئاغۇ (ئارغۇ؟)، كاتتايلاق قاتارلىق بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان تۆت رايوندىكى ئۇيغۇرلار قوللىنىدىغان شېۋە. بۇ شېۋىنىڭ ھەتتا يېزىلار بىلەن يېزىلار ئارىسىدا بەزى ئىنچىكە پەرقلىرى بولسىمۇ، بىز پەقەت ئومۇمىي ۋە مۇھىم ئالاھىدىلىك

لىرىنىلا كۆزدە تۇتىمىز.

ئاتۇش شېۋىسى يۇقىرىقى ئىككى ئاساسىي ئۆلچەم بويىچە مەركىزىي دىئالېكت تەركىبىدىكى شېۋىلەر (جۈملىدىن قەشقەر شېۋىسى)گە، باشقا بىر مۇنچە ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە قەشقەر شېۋىسىگە ئوخشىشىدۇ. لېكىن تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەر ئۇنىڭ باشقا شېۋىلەرگە ئوخشاشمايدىغان، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇلار:

① يېپىق بوغۇملاردىكى [ɛ] تاۋۇشى [E] غا مايىل ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

mEn مەن sEn سەن

△ En sE(li)p‘ q‘ojduq‘.

ئەن سېلىپ قويدۇق.

△ Elge tʃ‘ī(r)sEŋ eliŋtʃ‘e, suʁa tʃ‘ī(r)-sEŋ beliŋtʃ‘e.

ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە.

△ t‘illap‘, tʃ‘i(r)me desEm ʃu sat‘ tʃ‘iridu.

تىللاپ، كىرمە، دېسەم شۇ ھامان كىرىدۇ.

Enlik‘ χam ~ mat‘a ئەنلىك ماتا

k‘oŋnEk‘niŋ p‘eʃi كۆڭلەكنىڭ پېشى

sEnlEjmiz سەنلەيمىز

tʃ‘Ek‘- چەك-

k‘Etʃ‘- كەچ-

② پېئىلنىڭ ئىزچىل ھازىرقى زامان فورمىسىدا ئاساسىي

پېئىلنىڭ ئاخىرىدىكى رەۋىشداش قوشۇمچىسى «a-، ε- گەرچە ئاجىزلىشىپ [i] غا ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ [i] تاۋۇشى سوزۇلما سوزۇق بولۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، ياردەمچى پېئىل «jat'-» نىڭ بېشىدىكى [j] بەزەن [j]، بەزەن [w]، بەزەن تۇتۇقراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

... daŋ tʃ'eli̅watq'an — داڭ چېلىۋاتقان

... bolap' q'eli̅wat'imεn. — بولۇپ قېلىۋاتىمەن

q'ili̅jat'amsεn — قىلىۋاتامسەن

k'eli̅jat'idu. — كېلىۋاتىدۇ

△ ammiʁan-bε(r)migεn q'ili̅watq'an t'ojmu b'a(r).

ئالمىغان ـ بەرمىگەن قىلىۋاتقان تويمۇ بار.

بۇ يەردىكى بەزەن [w] تەلەپپۇز قىلىش ئومۇمەن سەل كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئەدەبىي تىلنىڭ تەسىرىدىن شەكىللەنگەن ئەھۋال بولسا كېرەك.

③ هازىرقى ـ كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ۋە ئىسىمچىسىنىڭ ھازىرقى زامان پېئىلىنىڭ بىرىنچى شەخس كۆپلۈك فورمىسى ئۈچۈن ئەدەبىي تىلدىكىدەك «-imiz ، -miz» قوشۇمچىلىرى قوللىنىلسىمۇ، بەزىدە «-iduq' ، -jduq'» قوشۇمچىلىرى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

△ q'azanʁa saliduq' ∼ salimiz

قازانغا سالىمىز.

△ nEm(ε) dεjduq', Em?i uniʔ

ئەمدى ئۇنى نېمە دەيمىز؟

△ bywεdε undaʁ q'immajduq' ∼ q'immaj-miz.

بۇ يەردە ئۇنداق قىلمايمىز.

Δ q‘iz wilɛ(n) ik‘k‘isini uzit‘iduq‘ ~ uzitimiz.

قىز بىلەن ئىككىسىنى ئۇزىتىمىز.

Δ t‘eriwat‘iduq‘. تېرىۋاتىمىز.

④ بەزى ياشانغانلاردا ئاددىي ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ بىرىنچى شەخس بىرلىك فورمىسى ئۈچۈن لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن يىلتىز ياكى تومۇرلارغا «-t‘im ،-dim» قوشۇمچىلىرى بىلەن بىللە «-dum ، -dym» قوشۇمچىلىرىمۇ قوشۇپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

b‘a(r)dim ~ b‘a(r)dum باردىم

kɛldim ~ k‘ɛldym. كەلدىم

بۇ فورما بەزىدە «-t‘am ،-dam» ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

q‘oʃt‘am قوشتۇم

ɛ(li)p boldam. ئېلىپ بولدۇم

⑤ ئاتۇش شېۋىسىدە «mozoj»، «nogoj»، «joʁon»، «osol»، boʁoz» (تاغنىڭ بوغۇزى)»، «soʁoq‘» قاتارلىق ئىككىنچى بوغۇمىدا [o] كېلىدىغان سۆزلەرمۇ ئۇچرايدۇ. مۇنداق ھادىسىنى ھەتتا پەيزىۋات ناھىيىسىدىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە بۇ ھادىسە بۇ رايونلارنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تارىم شېۋىسىنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرىنچىسى ئاتۇش شېۋىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ، قالغانلىرى كۆپىنچە قالدۇق سۈپىتىدە، كۆپىنچە ياشانغانلارنىڭ تىلىدا كۆرۈلىدۇ. شۇڭا قالدۇق سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئالاھى

دىلىكلەرنى نەزەردىن سارقىت قىلىپ، ئاتۇش شېۋىسىنى قەشقەر شېۋىسىگە قوشۇپ قارىسىمۇ بولىدۇ.

### 6) قۇمۇل شېۋىسى

قۇمۇل شېۋىسى ئەسىرىمىزنىڭ دەسلەپكى چارىكىدە س.يې. مالوۋ تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن ۋە «قۇمۇل شېۋىسى» دېگەن كىتابىدا تەكشۈرۈپ يىغىلغان قۇمۇل تېكىستلىرى ئېلان قىلىنغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كەسىپدىشىمىز ئارسلان ئابدۇللا تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ، تەتقىق قىلىنغان ۋە فونېتىكا، گراماتىكا، لېكسىكا ماتېرىياللىرى رەتلىنىپ ئېلان قىلىنغان. بىز بۇ يەردە ئارسلان ئابدۇللا تەرىپىدىن رەتلەنگەن ماتېرىياللار ئاساسىدا قۇمۇل شېۋىسىنىڭ ئاساسىي ۋە قوشۇمچە ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

A. ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى

قۇمۇل شېۋىسى يۇقىرىقى ئىككى ئاساسىي ئۆلچەم بويىچە مەركىزىي دىئالېكتىنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ. لېكىن بىرىنچى خىل ئۆلچەم بويىچە قارىغاندا ھازىرقى - كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ «t'urur>dur>di» فورمىسى قۇمۇلدا بەزەن سارقىندى ھالىتىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ جەھەتتىن قۇمۇل شېۋىسى لوپنۇر دىئالېكتىغا قىسمەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، پەقەت پەرقى قۇمۇل شېۋىسىدە رەۋىشداش قوشۇمچىسى «a-، ɛ-» نىڭ ئاجىزلىشىپ، لوپنۇر دىئالېكتىدا ئاجىزلاشماسلىقىدا. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | لوپنۇر دىئالېكتى | قۇمۇل شېۋىسى |
|---|---|---|
| barimɛn | baradimɛn | barimɛn~baridimɛn |

| | | | |
|---|---|---|---|
| kıt'imɛn ∼ k'ıt'idimɛn | k'et'ɛdimɛn | k'et'imɛn |
| jat'imiz ∼ jat'idimiz | jat'adiwiz | jat'imiz |
| k'ılimiz ∼ k'ılidimiz | k'elɛdiwiz | k'elimiz |

ئىككىنچى خىل ئۆلچەم بويىچە قۇمۇل شېۋىسى مەركىزىي دىئالېكىت تەۋەسىدىكى باشقا شېۋىلەرگە ئوخشىشىدۇ، يەنى پۈتـ مىگەن سۈپەتداش فورمىسى «t'urur>dur>di+ʁan» شەكـ لىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

baridiʁan — بارىدىغان

k'ılidiʁan — كېلىدىغان

Δ u naχʃa et'ā(l)majdiʁā(n) oχʃajdu as.

ئۇ ئېھتىمال ناخشا ئېيتالمايدىغان ئوخشايدۇ.

Δ bygø(n) ojo(n) q'omajdiʁā(n) tʃ'eʁiwā(r)

بۈگۈن بەلكىم ئويۇن قويمايدىغان ئوخشايدۇ.

B. قوشۇمچە ئالاھىدىلىكلىرى

فونېتىكىلىق جەھەتتىن.

① قۇمۇل شېۋىسىدە z//j نۆۋەتلىشىشى يوق. بۇ نۇقتىدا ئۇ مەركىزىي دىئالېكىت تەركىبىدىكى ئىلى، قەشقەر، كۇچا شېـ ۋىلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| (يىراق) jiṟaq' | ئەمەس | ziṟaq' |
| (يۇقىرى) joq'uṟi | 〃 | zuq'uṟi |
| (يىلان) ilan | 〃 | zilan |
| (يىلىك) ilik' | 〃 | zilik' |
| (يىتىپ كېتىش) yt'- | 〃 | jit'- |

② قۇمۇل شېۋىسىدە ʁ∼g‖w نۆۋەتلىشىشى باشقا شېۋىـ

لەرگە نىسبەتەن كۈچلۈك. مەسىلەن:

ۋاراق — ʁɛrɛq‘

ۋاپا — gup‘a

ۋاقىت — gɛχ

ۋەخپە — gɛχpɛ‘

دىۋانە — diganɛ

ھاۋانچا — ɦogantʃ‘a

③ قۇمۇل شېۋىسىدە ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا tʃ‘||t‘ نۆۋەتلىشىشى يوق. مەسىلەن:

چىش — t‘iʃ

چىشى — t‘iʃi

چۈش (ئىسىم) — t‘yʃ

چۈشمەك — t‘yʃmɛk‘

چۈشكۈرمەك — t‘yʃk‘ɛrmɛk‘

④ سۆز ئاخىرىدا [ʁ]، [g] كەلمەيدۇ. بۇ نۇقتىدا ئۇ جەنۇبىي دىئالېكىت ۋە شېۋىلەردىن پەرقلىنىدۇ. لېكىن سۆزلەر- نىڭ ئاخىرىدىكى [q‘] نىڭ [χ] لىشىش ھادىسى بار. مەسىلەن:

ئوغلاق — ó(ʁ)laq‘ ~ ó(ʁ)laχ

ياماق — jamaχ

ياغلىق — jā(ʁ)liχ

⑤ ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىلىقىدىكى [q‘]، [k‘]، [p‘] تاۋۇشلىرى [ʁ]، [g]، [w] غا نۆۋەتلىشىدۇ.

joq‘luq‘ — joq‘luʁidin — يوقلۇقىدىن

| | | |
|---|---|---|
| jop'urmaq' | jop'urmaʁi | يوپۇرمىقى |
| atʃtʃ'iq' | atʃtʃ'iʁi | ئاچچىقى |
| k'irp'ik' | kirp'igiŋ | كىرپىكىڭ |

⑥ قۇمۇل شېۋىسىدە r//ɾ نۆۋەتلىشىشى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| siɾ | سىر |
| biɾ | بىر |
| ziɾa | زىرە |
| aɾanla | ئارانلا |

⑦ قۇمۇل شېۋىسىدە سۆز بېشىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا بىر [ɦ] كۆپىيىش ھادىسىسى بار. لېكىن بۇ كۆپىنچە ئەرەب - پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردە. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ɦaʃiq' | ئاشىق |
| ɦadʐajip' | ئاجايىپ |
| ɦeq'il | ئەقىل |
| ɦejip' | ئەيىب |

⑧ سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [ɛ] تاۋۇشى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە [ɪ] غا نۆۋەتلىشىدۇ (ئارسلان ئابدۇللانىڭ ترانسكرىپسىيىدە بىردە [i] بىلەن، بىردە [e] بىلەن ئېلىنغان، مەن بۇنى ئىككىلەنگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى دەپ تونۇپ، مۇشۇنداق خۇلاسىگە كەلدىم — ئاپتور). مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| mɛn | مەن | mɪni | مىنىڭ، مىنى |
| k'ɛl- | كەل- | k'ɪlip' | كىلىپ |
| | | k'ɪlin | كىلىن |

k'ɛt'- كەت- k'ɪt'idimiz كېتىمىز

⑨ قۇمۇل شېۋىسىدە لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى بىرقەدەر كۈچلۈك. شۇڭا بەزى شېۋىلەردىكى a — o ۋە ɛ — ϕ قۇرۇلمىسىدىكى بىر قىسىم سۆزلەر قۇمۇل شېۋىسىدە u — o ۋە y — ϕ قۇرۇلمىسىدا ئۇچرايدۇ. بۇ ھال تۈپ سۆزلەردىن تارتىپ تاكى سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى ۋە سۆز تۈرلىنىشلىرىگىچە ئوخشاش كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| bojo(n) | بويۇن |
| ϕt'yk' | ئۆتۈك |
| ϕlym | ئۆلۈم |
| q'olum | قولۇم |
| k'ϕzyŋ | كۆزۈڭ |
| q'oluŋuz | قولىڭىز |
| k'ϕzyŋyz | كۆزىڭىز |

⑩ تەركىبىدە [k']، [g] تاۋۇشلىرى كەلگەن بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىشى ئەسلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن. مەسىلەن:

| قۇمۇل شېۋىسى | ئەدەبىي تىل |
|---|---|
| dɛŋgɛl | داڭگال |
| tʃ'ɛŋgɛl | چاڭگال |
| k'ϕrɛ | كورا |
| k'ɛlpyk' | كالپۇك |
| gϕʃ | گۆش |
| gyl | گۈل |

⑪ قۇمۇل شېۋىسىدە كۆپىنچە سۆز ئوتتۇرىسىدا (بوغۇم بېشى ياكى بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن) [ʁ]، [g] تاۋۇشلىرى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ɛ̄(g)lɛk‘ | ئەلگەك |
| ō(ʁ)laq‘ | ئوغلاق |
| jā(ʁ)liχ | ياغلىق |
| bā(ʁ)lam ∼ wā(ʁ)lam | باغلام |
| zā(ʁ)ra | زاغرا |
| q‘ar(ʁ)o | قارىغۇ |
| ā(ʁ)riq‘ | ئاغرىق |
| lɛ̄(g)lɛk‘ | لەگلەك |

⑫ كۆپىنچە بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن [n] ۋە [j] تاۋۇشلىرى چۈشۈپ قالىدۇ، نەتىجىدە ئالدىنقى سوزۇق تاۋۇش ياكى پەس سوزۇق تاۋۇشقا ئايلىنىدۇ، ياكى سوزۇلما سوزۇق بولىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ā(j)rilmaq‘ | ئايرىلماق |
| sā(j)rimaq‘ | سايرىماق |
| χot‘o(n) | خوتۇن |
| mā(n)t‘a | مانتا |
| q‘azā(n) | قازان |
| ot‘o(n) | ئوتۇن |
| k‘ɸsɸ(j) | كۆسەي |
| q‘oʁo(n) | قوغۇن |

⑬ بىر قىسىم سۆزلەردە يېپىق بوغۇملاردىكى [ɛ] تاۋۇشى

نىڭ [e] ياكى [i] بىلەن نۆۋەتلىشىش ئەھۋالى بار (بۇ فونېتىكىلىق ھادىسىنىڭ باشقا شەرتى ھازىرچە بىزگە مەلۇم ئەمەس).
مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| jett‘e | يەتتە |
| mejli | مەيلى |
| sekk‘is | سەككىز |
| dijni ~ dijniŋ | دەيلى |
| jijni ~ jijniŋ | يەيلى |

⑭ سۆز ئوتتۇرىسىدا ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئوتتۇرىسىدا w//p‘ نۆۋەتلىشىش بار. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| q‘awartq‘u | قاپارتقۇ |
| k‘ıwεk‘ | كېپەك |
| k‘φwyk‘ | كۆپۈك |

⑮ پېئىل ياسىغۇچى «la-، lε-» قوشۇمچىلىرى l//ʃ نۆۋەتلىشىشى تۈپەيلى بەزى سۆزلەردە «ʃi-» شەكلىدە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| q‘ijmεt‘ + ʃi | = | q‘ijmεt‘ʃi- | قىممەتلەشمەك |
| jeq‘in + ʃi | = | jeq‘inʃımaq‘ | يېقىنلاشماق |
| jinik‘ + ʃi | = | jınik‘ʃimεk‘ | يېنىكلەشمەك |

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا شەرقىي ھون دەۋرىگە ئائىت بولغان بۇ l//ʃ نۆۋەتلىشىشىدە «t‘oʃt‘i ~t‘oldi»، «oŋʃidi ~oŋlidi»، «t‘iŋʃidi ~t‘iŋlidi» قاتارلىق بىرقانچىلا سۆز ئىشلىتىلىۋاتقانىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەركىزىي دىئالېكت تەۋەسىدىكى [ʃ] لىشىدىغان شېۋىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن مۇنداق سۆزلەر كۆپىيىشكە باشلىدى.

① قۇمۇل شېۋىسىدە ئىزچىل ھازىرقى زامان پېئىلى فور-
مىسى «-jt‘<jat‘-» شەكلىدە قىسقارغان. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| oq‘u- | oq‘ujtt‘imɛ(n) | ئوقۇۋاتىمەن |
| | oq‘ujtt‘isɛ(n) | ئوقۇۋاتىسەن |
| | oq‘ujtt‘u | ئوقۇۋاتىدۇ |
| k‘ϕr- | k‘ϕrijtt‘imɛ(n) | كۆرۈۋاتىمەن |
| | k‘ϕrijtt‘isɛ(n) | كۆرۈۋاتىسەن |
| | k‘ϕrijtt‘u | كۆرۈۋاتىدۇ |
| bol- | bo(li)jtt‘u | بولۇۋاتىدۇ |
| k‘ɛl- | k‘ı(li)jtt‘u | كېلىۋاتىدۇ |
| jɛ- | jijtt‘u | يېۋاتىدۇ |
| | jimijtt‘u | يېمەيۋاتىدۇ |

② قۇمۇل شېۋىسىدە سۈپەتداش فورمىسى «ar، ɛr//r»
نىڭ «yr ～ ur» ۋارىيانتى بار. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| bolur iʃ | بولىدىغان ئىش، بولار ئىش |
| k‘ϕryr k‘ϕzym | كۆرەر كۆزۈم |

③ «p‘» رەۋىشداشتىن كېيىن «idi» قوشۇلۇپ كەل-
گەندە [i] تاۋۇشى قىسقارمايدۇ. مەسىلەن:

beriwidim بېرىۋىدىم

④ پېئىللارنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ رايىنىڭ بىرىنچى شەخس

بىرلىك فورمىسى ئۈچۈن «-j، -aj، -ij» قوشۇمچىلىرى قوللىنىلىشقاندىن سىرت مۇشۇ قوشۇمچىلار ئاخىرىغا يەنە «-ʁa، -k‘i، -k‘ina، -k‘ida، -a» قوشۇمچىلىرى(يۈكلىمە؟) قوشۇپ قوللىنىلىدۇ.

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| dε̄- | dıj | دەي | bar- | baraj | باراي |
| jat‘ajk‘i | ياتاي | k‘øryjk‘ina | كۆرەي | k‘ıt‘ijʁa | كېتەي |

⑤ پېئىللارنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ رايى بىرىنچى شەخس كۆپلۈكى ئۈچۈن «-ini، -jni، -ijni، ajni» ياكى «-ijniŋ، -iniŋ، -jniŋ، -ajniŋ» قوشۇمچىلىرى قوللىنىلغاندىن سىرت، بۇ قوشۇمچىلار ئاخىرىغا بىرلىك فورمىسىدا قوللىنىلغاندەك «-ʁa، -k‘i، -k‘ina، -ʁina، -a» قوشۇمچىلىرى (يۈكلىمە؟) قوشۇپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| k‘εt‘- | k‘ıt‘ini～k‘ıt‘iniŋ | كېتەيلى |
| jε- | jımijni～jimijniŋ | يېمەيلى |
| k‘ør- | k‘ørijniʁa | كۆرەيلى |
| søzlε- | søzlijnik‘ina | سۆزلەيلى |

⑥ پېئىللارنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ رايى ئىككىنچى شەخس بىرلىك ئاددىي تۈرى ئۈچۈن «-sina»، «-sεŋ-saŋ» قوشۇمچىلىرى ۋە بۇلاردىن كېيىن «-ʁa، -k‘i، -k‘ina» قوشۇمچىلىرى (يۈكلىمە؟) سىپايە تۈرى ئۈچۈن «-siŋiz، -sla، -slε//-t‘a، -t‘ε» قوشۇمچىلىرى ۋە بۇلاردىن كېيىن «-ʁa، -k‘i، -k‘ina//-ʁina، -a، -ra» قوشۇمچىلىرى (يۈكلىمە؟) قوشۇپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| k‘εl- | k‘ε̄(l)sεŋ | كەلسەڭ | k‘ε(l)siŋiz | كەلسىڭىز |
| ba(r)- | bā(r)saŋk‘i | | bā(r)saŋʁa | بارساڭ |

bā(r)stʻira (بأرسلا)

kʻφ(r)stʻɛ (كۆرسله)

kʻɛ̄(l)slaʁa (كەلسله)

كۆپلۈكى ئۇچۈن «sa̤la(r)–، –sɛŋlɛ̄(r)، –siŋizlā(r)،–

–siŋizlɛ̄(r)» قوشۇمچىلىرى ۋە بۇ قوشۇمچىلاردىن كېيىن يۇقىرىقى يېزىلىشلەر قوشۇپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

bɛ̄(r)– bɛ̄(r)sɛŋlɛʁa. بەرسەڭلارا

kʻφrsiŋizlɛkʻi. كۆرسەڭلارچۇ

⑦ ئىگىلىك ۋە چۈشۈم كېلىش ئۈچۈن بىرلا «–ni» قوشۇمچىسى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

mɛn mɪni مېنىڭ sɛn sɪni سېنىڭ

△ debaj mɪni qʻitʃʻqʻarʁan sɛnmu?

بايا مېنى قىچقارغان سەنمۇ؟

mɪni qʻolum مېنىڭ قولۇم

dɛrjani syji دەريانىڭ سۈيى

جۈملىدە ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن سۆز ئىسىمدىن بولغان خەۋەرنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ قالسا، ئۇ چاغدا ئىگىلىك كېلىش «–ni» شەكلىدە ئەمەس، «–niŋ» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

△ bu qʻɛlɛm mɪniŋ (qʻɛlimim)

بۇ قەلەم مېنىڭ (قەلىمىم).

△ diwu kʻφr(y)nypʻ tʻurʁan φj bizniŋ (φjimiz)

ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆي بىزنىڭ (ئۆيىمىز).

⑧ ئەدەبىي تىلدىكى مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسى «-ʁuz، -q‘uz، -gyz، -k‘yz» ئورنىغا «-ʁur، -q‘ur، -gyr، -k‘yr» قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| baq‘- | baqq‘ur- | باققۇز |
| k‘ɛt‘- | k‘ɛtk‘yr- | كەتكۈز |
| t‘ɛg- | t‘ɸgyr- | تەگكۈز |

⑨ «-dɛ-» پېئىلىنىڭ سۈپەتداش شەكلى «idi» پېئىلىنىڭ ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

△ mɛ̄(n) ytk‘ɛ bā(r)ʁā(n) dɪgɛn(n)

مەن ئۇ يەرگە بارغانىدىم.

بۇ پېئىلنىڭ ئەسلى مەنىسىنى بىرىدىغان سۈپەتداش شەكلىدىن كېيىنمۇ يەنە «idi» ئورنىدا سۈپەتداش شەكلى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

△ ɛjʃɛm k‘ɛ̄(l)mijmɛ(n) dɪgɛ(n) dɪgɛ(n)

ئايشەم كەلمەيمەن دېگەنىدى.

⑩ بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى قىلىش ئادەتكە ئايلانغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياساش ئۈچۈن قۇمۇل شېۋىسىدە «-ʁa(n)، -aʁa(n)» قوشۇمچىلىرى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

△jamā(n) jat‘aʁā(n) nɪmik‘ɛ̄(n) bu.

يېتىشقا ئامراق (ياكى دائىم ياتىدىغان) نېمىكەن بۇ.

## لېكسىكىلىق جەھەتتىن

قۇمۇل شېۋىسى ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن مەركىزىي ھەمالىكەت تەركىبىدىكى باشقا شېۋىلەردىن پەرقلى-

بىپ تۇرىدۇ. شۇڭا قۇمۇل شېۋىسىنىڭ لېكسىكىلىق ئەركىسى ئالاھىدە تەتقىقات تېمىسى بولۇشى كېرەك. بىز بۇ يەردە ئارسلان ئابدۇللانىڭ خۇلاسىلىرىگە قوشۇلغان ھالدا قۇمۇل شېۋىسىنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلايمىز.

① قۇمۇل شېۋىسىگە خاس بولغان ياكى قۇمۇل شېۋىسىگە خاس سۆز ياساش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان سۆزلەر قۇمۇل شېۋىسى لېكسىكىسىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى. مۇنداق سۆزلەر:

| | |
|---|---|
| alt‘untʃ‘i | زەرگەر |
| p‘yɾgytʃ‘ | ئۆشتەك ~ پۆشتەك |
| q‘aliʁuluq‘ | يېقىلغۇ |
| ʃomtʃ‘i; | كۆز - كۆزچى |
| jop‘uɾʁa | سۆرەم |
| q‘ijq‘u matʃ‘u | ئولاش - چولاش |
| baʃaq‘ k‘øk‘ | پالەك |
| jadaj- tʃ‘udaj | ئارانلا |
| jetintʃ‘an | چېچەن، ھوشيار، كۆڭۈلچەك |
| as | بەلكىم، ئېھتىمال |

② قۇمۇل شېۋىسىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرى نىسبەتەن كۆپرەك ساقلىنىپ قالغان. بۇلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن:

| | |
|---|---|
| jamdaq‘ | سۇپۇرگە |
| siɾt‘iq‘ | خەۋەر |
| pā(l)tʃ‘iq‘<baltʃ‘iq‘ | لاي، پاتقاق |

| | |
|---|---|
| øp‘ym | يۇتۇم |
| k‘øk‘iʃk‘εn | كەپتەر |
| arٜdimaq‘ | بۇزۇلماق |
| asiχ | پايدا، نەپ |
| esirٜk‘imεk‘ | ئاۋايلاش. ئاسراش |
| k‘ølygε | سايە |
| tʃ‘utʃ‘almaq‘ | يېشىنمەك، سالماق |
| syrٜyk‘ | توپ، مال توپى |
| uja | ئۇرۇق - توغقان |

③ قۇمۇل شېۋىسىدە باشقا تىلدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ سانىمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر كۆپىنچە خەنزۇ - مانجۇ ۋە موڭغۇل تىلى سۆزلىرى ياكى مۇشۇ تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئاساسىدا يېڭىدىن ياسالغان سۆزلەر بولۇپ، بۇ قۇمۇلنىڭ جۇغراپىيىۋى جايلىششى، شۇنىڭدەك XVII ئەسىرنىڭ بېشىدىن XX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى چارىكىگىچە بولغان تارىخىي ئورنى قاتارلىق ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قۇمۇل شېۋىسىدىكى خەنزۇچە - مانجۇچە سۆزلەردىن:

| | |
|---|---|
| saχu< 傻乎 | گومۇش، كالۋا، دۆت |
| χεnt‘εj< 干衫 | كۆڭلەك |
| sip‘uŋ < 刺蜂 | هەرە |
| bεldεŋ< 扁担 | ئەپكەش |
| tʃ‘εηχu <车户 | هارۋىكەش |
| t‘iŋtʃ‘i < (tiη+tʃi) 听 | پايلاقچى |

يۇمغاقسۇت jɛnsyj <荒傻

موڭغۇلچە سۆزلەردىن «χamar- — بۇرۇن دىماق»، «q‘atʃ‘ar — يۈز، چىراي»، «monoχɛj — قارانچۇق»، «sonorq‘a- — ئەجەبلەنمەك، تىڭىرقىماق» قاتارلىق سۆزلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

## 7) دولان ئۇيغۇرلىرى ۋە تارىم شېۋىسى

### A. دولان ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا

تارىم شېۋىسى يەكەن دەرياسىنى بويلاپ جەنۇبتىن شىمالغا قارىتا مەكىت ناھىيىسى، مارالبېشى ناھىيىسى، ئاندىن غەربتىن شەرققە قاراپ تارىم دەرياسىنى بويلاپ ئاقسۇ ئاۋات، ئاقسۇ قاراتال، شايار، ھەتتا كۇچانىڭ جەنۇبىي رايونلىرىغىچە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار، يەنى ئۆزلىرىنى «دولان» دەپ ئاتايدىغان ئۇيغۇرلار قوللىنىدىغان شېۋىدۇر.

بىزدە كېيىنكى ۋاقىتلاردا دولانلار توغرىسىدا گەپ - سۆز جىق بولدى، ھەتتا دولانلار موڭغۇل ئەۋلادى قىلىپ قويۇلدى، دولان مۇزىكىسى، دولان سەنئەتلىرى، دولان ئۇسۇللىرىمۇ موڭغۇل سەنئىتىنىڭ بىر قىسمى قىلىپ قويۇلۇشقا تاس قالدى. شۇڭا بىز دولان ئۇيغۇرلىرى قوللىنىۋاتقان تارىم شېۋىسى توغرۇلۇق سۆزلەشتىن بۇرۇن دولان ئۇيغۇرلىرىغا ئائىت بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئە. ر. تېنىشېۋ ئۇيغۇر دىئالېكتلىرى ھەققىدىكى يۇقىرىقى ماقالىسىدە تارىم شېۋىسى ۋە ئۇنىڭ قايسى دىئالېكتقا تەۋەلىكى توغرۇلۇق مەلۇمات بەرمەيدۇ، مەركىزىي دىئالېكت تەركىبىگە قەشقەر، كۇچا، ئاقسۇ، تۇرپان، يەكەن شېۋىلىرىنى

گىرگۈزۈش بىلەن چەكلىنىدۇ، قارىماققا تارىم شېۋىسى ئورنىغا «ئاقسۇ شېۋىسى» نى ئالغان بولسا كېرەك.

س. يې. مالوۋ «شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» دېگەن ئەسىرىدە دولان ئۇيغۇرلىرى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:

«... ئاقسۇ ۋادىسىدا دولانلار ياشايدۇ. شىنجاڭدا بولغان بىر مۇنچە ساياھەتچىلەر ئۇلارنى موڭغۇللاردىن كېلىپ چىققان، دەپ يازىدۇ. بەلكىم، تارىخچىلار ۋە تۈركولوگلار ۋاقتى كەلگەندە مول خەنزۇ مەنبەلىرىدىن دولان ھەققىدىكى مەلۇمات-لارنى تېپىشى مۇمكىن. مېنىڭ دولان تىلىنى موڭغۇلچە ئەمەس، قىرغىزچە دېگۈم بار، لېكىن بۇ ھەقتە قولۇمدا ھېچ نەرسە يوق. مەن پەقەت ھەممە قىرغىزچە ئېلېمېنتلار دولان تىلىدا بار ۋە ئۇلارنى مېنىڭدىن كېيىنكى ياش تۈركولوگلار تېپىپ چىقالايدۇ، دەپ ئۈمىد قىلىمەن.»①

لېكىن، س. يې. مالوۋ بۇ كىتابىدا دولان نامىدا پەقەت تۆت كۇپلېت خەلق قوشىقىنىلا بېرىدۇ. شۇڭا قارىغاندا س. يې. مالوۋ ئۆزى ئېيتقاندەك، دولان تىلى توغرۇلۇق يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە بولمىغان بولسا كېرەك. ئېيتىش مۇمكىنكى س. يې. مالوۋنىڭ «قىرغىزچە» دېيىشى بىرخىل پەرەزدىن ئىبارەت.

ئە. ر. تېنىشېۋ «دولان خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ تىلى»② دېگەن مەخسۇس ماقالىسىدە بايان قىلىشىچە، ئۆزى 1956 - يىلىدىكى تىل تەكشۈرۈشتە ئاقسۇ ئاۋات ناھىيىسىنىڭ «تۆۋەن دولان»، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ «شاخقۇر» دېگەن جايلىرىدا

---

① س. يې. مالوۋ. شۇ كىتاب، 4 - بەت،

② بۇ ماقالە 1965 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا «ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى» دا بېسىلغان، كېيىن مەرھۇم ئىلچان تەرىپىدىن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنغان.

بولغان ۋە دولانلار ھەققىدە بىر قىسىم ماتېرىياللارغا ئىگە بولغان.

ئە. ر. تېنىشېۋ بۇ ماقالىسىدە دولان تىلىنى بىرىنچى بولۇپ تەكشۈرگەنلەر ئا. لېكوك ۋە س. يې. مالوۋلار ئىكەنلىكىنى، بۇلاردىن ئا. لېكوكنىڭ «دولان تىلى لېكسىكىسى» دېگەن ئەسىرى 1961 - يىلى نەشر قىلىنغانلىقىنى (بۇ ئەسەر بىزنىڭ قولىمىزدا بولمىدى)، س. يې. مالوۋنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 1961 - يىلى نەشر قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ ۋە دولانلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا توختالماي، كۆپىنچە دولانلارنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا سۆزلەيدۇ.

ئە. ر. تېنىشېۋ بۇ ماقالىسىدە تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىدىن دولانلارنى موڭغۇللارنىڭ قالماق - ئويرات قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن بولۇشى مۇمكىن، دەيدۇ.

بىرىنچى: دولانلار ئۆزلىرىنى يەتتە ئۇرۇقتىن كېلىپ چىققان دېيىشىدۇ. موڭغۇل ئەدەبىي تىلىدا «يەتتە» سۆزى «doloʙan» دېيىلىدۇ. بۇ سۆز تورغۇت دىئالېكتىدا «dolān» دېيىلىدۇ. ئىككىنچى بوغۇمدا [a] كېلىدىغان مۇنداق فورما قالماق دىئالېكتىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى.

ئىككىنچى: قالماق يىلنامىلىرىغا قارىغاندا، تورغۇتلار كېرەيتلەردىن كېلىپ چىققان. بۇ كېرەيتلەر قەدىمكى ئۇيغۇر رايونلىرىدا كۆچمەنچىلىك قىلاتتى. ئۇلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولاتتى. شۇنىڭغا قارىغاندا، دولانلارنىڭ موڭغۇل قەبىلىلىرىدىن قالماق - ئويرات ئىتتىپاقىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت قىلغۇچىلار، مەسىلەن، ن. م. پرژېۋالسكىي ۋە ۋ. ئى. روبوروۋسكىيلار مۇشۇنداق تونۇشتا بولغان.

ئۈچىنچى: دولان مەشرىپىنىڭ ئاخىرىدا «غوجا ئالدىرۋاق»
ئويۇنى ئوينىلىدۇ، بۇ موڭغۇلچە «goot∫' ‑ ئۈمىد، ئۈمىد قى‑
لىش» + «aldax ‑ يوقىلىش، تۈگىشىش» = تۈگىشىپ كەتكەن
دېگەن مەنىدىكى سۆزدىن كەلگەن.

تاۋۇش ئوخشاشلىقى نۇقتىسىدىن «دولان» سۆزىنى موڭغۇل
تىلىدىكى ھەمرا ( م ) dologʁ ‑ a ‑ n (بۇ سۆزنىڭ
ئاخىرىدىكى [n] تاۋۇشى سۆز يەككە ئېيتىلغاندا پەيدا بولماي،
سۆز تۈرلەنگەندە پەيدا بولىدىغان تۇراقسىز تاۋۇش) — «يەتتە»
سۆزى بىلەن باغلاشقىمۇ بولىدۇ. لېكىن تارىختىكى ئۇرغۇن
قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى يالغۇز سان بىلەنلا چەكلەنمەي، ساندىن
كېيىن يەنە بىر ئىسىم قويۇلۇپ ئاتالغانلىقى مەلۇم. مەسىلەن،
ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز، ئۈچ قارلۇق، ئوتتۇز تاتار... دې‑
گەندەك. شۇڭا گەرچە بىز دولانلارنىڭ «يەتتە ئۇرۇقتىن كەل‑
گەن» دېگەن رىۋايەتلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن دېگىنىمىزدىمۇ،
ئۇلارنىڭ پەقەت مۇشۇ «يەتتە» بىلەن ناملىنىپ قېلىشىغا
ئىشىنىشىمىز تەس. شۇنىڭدەك «دولان» سۆزىنىڭ «يەتتە» بىلەن
ئالاقىسى بولغاندىمۇ، نام قويغۇچى بىلەن نام ئالغۇچىنىڭ بىر
بولۇشى ناتايىن.

تاۋۇش يېقىنلىقىدىنلا قارالسا، «دولان» سۆزىنى موڭغۇل
تىلىدىكى «dulaʁan ‑ ئىللىق، يېقىملىق» ۋە «doloʁan ‑
كۆپ» سۆزلىرى بىلەن باغلاشقىمۇ بولىدۇ.① لېكىن مۇنداق
يېقىنلاشتۇرۇش پەقەت سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى يېقىنلاشتۇرۇشتىنلا
ئىبارەت بولۇپ، دولانلار توغرىسىدىكى مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى
ئېچىپ بېرەلمەيدۇ.

ئىككىنچى بىر پىكىرگە كەلسەك، قالماق يىلنامىلىرىنىڭ

---

① «موڭغۇلچە ‑ خەنزۇچە لۇغەت»، 1171 — 1181 بەتلەر. ئىچكى موڭغۇل
داشۆسى تۈزگەن. 1976 ‑ يىل، كۆكخوت.

تۈزۈلۈشى ئومۇمەن XIII ئەسىردىن كېيىنكى ئىش. بۇنىڭدىن بۇرۇنقى خاتىرىلەر كۆپىنچە خەنزۇچە مەنبەلەردە ياكى ئەرەب، ئىران مەنبەلىرىدە بولىدۇ. بىز قالماق ۋە ئويراتلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئاكادېمىك ۋ. ۋ. بارتولدتىن تۆۋەندىكى مەلۇماتلارنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

— ئويراتلار ھۆكۈمرانلىقى 1399 - يىلى ئويراتلارنىڭ باشلىقى ئۆگەچى خاشاگا موڭغۇل (بۇتپەرەس موڭغۇل) خاقانى ئېلبەكنى ئۆلتۈرگەندىن تارتىپ باشلىنىدۇ.

— موغۇلىستان (تۇغلۇق تۆمۈر بەرپا قىلغان دۆلەت) غا شەرق تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان بۇتپەرەس موڭغۇللار ئىچىدە XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا چوروس (چوراس)، خوشۇت، تورغۇت، خوئىت دېگەن تۆت قەبىلە بولغان.

— تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى، خىزىر خوجىنىڭ ئوغلى مۇھەممەتخان 1408 - يىلى تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئويراتلار بىلەن قالماقلارغا قارشى سوقۇش قىلىشقا ھازىرلىق قىلغان. بۇ چاغدا مۇسۇلمانلار ئويراتلارنى «قالماقلار» دەپ ئاتايتتى.

— 1552 - يىلى قالماق خانى ئالتان خان ئويراتلارنى بويسۇندۇرغان.

— XVII ئەسىرنىڭ بېشىدا چوروس (چوراس) قەبىلىسىنىڭ خانى (قالماق خانى — ئاپتور) قاراخولا پۈتۈن ئويرات ئىتتىپاقىنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا توپلاشقا تىرىشقان.

— 1653 - يىلى قاراخولانىڭ ئوغلى باتور (ئۈنۋانى خۇڭتەيجى) ئۆلگەندىن كېيىن، ئويرات ئىتتىپاقىدىكى ھاكىمىيەتنىڭ بىرلىكى ئاجىزلاشقان.①

دېمەك، ئويراتلارنىڭ دەسلەپكى باش كۆتۈرۈشى بولسۇن،

① ئاكادېمىك ۋ. ۋ. بارتولد: «يەتتەسۇ تارىخىنىڭ ئوچېركلىرى»، «موغۇلىستان» ۋە «قالماقلار» قىسمى.

قالماقلارنىڭ ئويراتلارنى بويسۇندۇرۇشى بولسۇن، ياكى قالماق-ئويرات ئىتتىپاقىدىكى ھاكىمىيەتنىڭ ئاجىزلىششى بولسۇن ھەممىسى XV ئەسىردىن XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بولۇپ، ئىلگىرى - كېيىن 250 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ دەۋردىكى قالماق - ئويراتلارنىڭ تارىم ۋادىسىدا ماكانلىشىپ قالغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ «دولان» ئاتىلىپ قالغانلىقى توغرىسىدا ماتېرىيال يوق. «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمانلىرى تۆۋەندىكى مۇلاھىزىلىرىدە «تارىخى رەشىدى»گە ئاساسەن، قالماق ياكى ئويراتلارنىڭ XVI ئەسىردە تىيانشاننىڭ شەرق تەرىپىدە ياشىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ:

— «تارىخى رەشىدى» دەۋرىدە ئالتە شەھەردە ئۇيغۇرلاردىن باشقا بىردىنبىر ئاڭلانغان مىللەت قالماقلار ئىدى... موڭغۇللار ۋە خەنزۇلار ئۇلارنى «ئويرات» دەيتتى. بۇ بەلكىم ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئىسمى بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ سانى چوقۇم ناھايىتى ئاز. تۈركىي ئۇرۇقتىن ئەمەس، موڭغۇل ئۇرۇقىدىن. ئۇلارنىڭ يۇرتى تىيانشاننىڭ شەرق تەرىپىدە، ئۇلارنىڭ پەقەت بىر قىسمى ئالتە شەھەر دائىرىسىدە، شۇڭا توغرىسى ئۇلارنى شەرقىي خانلىق ياكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاھالىسى دېيىش كېرەك. ئۇلارنىڭ تېررىتورىيىسى ئەمەلىيەتتە ھازىرقى ئولتۇراق رايونىغا ئاساسەن ئوخشاش. موغۇلىستانغا ئوخشاش بۇ رايوندىمۇ شەھەر يوق ۋە تېرىلغۇ مەيدانى يوق.

موغۇل خانلىرى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئۇلار بۇ دۆلەتنىڭ تارىخىدا ئانچە مۇھىم ئەمەس دېگۈدەك ئورۇندا تۇرغان. دۆلەت ئىشلىرىدا ئانچە تەسىر كۆرسەتمىگەن، لېكىن موغۇللار زەئىپلەشكەندىن كېيىن، XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇلار يەنە باش كۆتۈرۈپ ناھايىتى زور بىر كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەن ۋە

لىخاسادىكى زاڭزۇلار بىلەن بىرلىشىپ ئىسيان كۆتۈرگەن.①

نەق مۇشۇ دەۋردە ئاقسۇ تەۋەسىدە دولانلارنىڭ بارلىقى توغرىسىدا ۋە ئۇلارنىڭ خوجا جاھان تەرەپتە تۇرۇپ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ھەرىكەتلەرگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقى توغرۇلۇق تۆۋەندىكى خاتىرىلەرنى كەلتۈرۈش مۇمكىن:

«پېقىرلىرى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى لوپنۇرغا باردىم، يېرى كەڭ، زىچ ئورمانلىق جاي ئىكەن. مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى قاشقا قاتارلىقلار تەسلىم بولۇپ كۆرۈنۈشكە كەلدى. ئۇلار ئەسلىدە 2000 ئۆيلۈك كىشى بولۇپ، بىرقانچە ئون يىلدىن بۇيان ئاقسۇ، دولان قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كېتىپ، ئالتە يۈزدىن ئوشۇق ئادەم قاپتۇ. ئۇلار بېلىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. 40 يىل بۇرۇن قوشۇنىمىز تۇرپاننى تىنچىتقاندا، جياڭجۈن ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلغان ۋە رەخت، دۇردۇن - تاۋار، چاي ئىنئام قىلغان، قوشۇن كەتكەندىن كېيىن جۇڭغارلار ئىگىلىۋالغان....»

«پادىشاھنىڭ ‹جۇڭغارلارنى تىنچىتىش سىياستى›گە تەستىقى» 51 - توپلام، 28 - 29 - بەتلەر.

چيەنلۇڭنىڭ 23 - (1758 -) يىلى، 3 - ئاي.

كۆرۈش مۇمكىنكى، مۇشۇ دەۋردە ئاقسۇدىكى دولانلارىيەنىلا «دولان» ئاتىلىپ كەلگەن.

«دولان بېگى ئارىز (阿尔祖) قاتارلىقلار 1000 ئۆيلۈك

① «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە، 111 - بەت، ئىنگلىزچە تەرجىمانلار تەرىپىدىن يېزىلغان «كىرىش» نىڭ 4 - بابى

مۇسۇلماننى باشلاپ كېلىپ تەسلىم بولدى، ئۇلار بىزنى خوجا جاھان مەجبۇرلىغان، ئەمدى تەسلىم بولۇپ كەلدۇق، دەيدۇ. پېقىرنىڭ تەكشۈرۈشىچە، دولان مۇسۇلمانلىرى ئەزەلدىن بارچۇقتا ئولتۇرۇپ كەلگەن. بۇلتۇر خوجا جاھان كۇچادا مەغلۇپ بولۇپ قاچقاندىن كېيىن، ئابدۇخالىقتىن ئېيتىپ بەرگەن، ئۇلار دەرھال كۆچۈپ كەتكەن. بۇ ئەمەلىيەتتە مەجبۇرلىغانلىق بولمىسا كېرەك... ئۇلار ناھايىتى ئەنسىرىشىپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، شۇڭا بۇرۇنقى سولا ئامبال بېگى (散秩大臣) توختىنىڭ ئىنىسى ئابدۇلھەيىنى ھاكىم قىلىپ، شۇنىڭ ئىدارە قىلىشىغا تاپشۇرساق، ۋاقتىنچە ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ قىشنى ئۆتكۈزۈپ تۇرسا، كېلەر يىلى باھاردا ئۇلارنى بوز يەر ئېچىشقا (غۇلجىغا دېمەكچى — ئاپتور) يۆتكىسەك».

«پادىشاھنىڭ جۇڭغارلارنى تىنچىتىش سىياستى» گە تەستىقى، 75 - توپلام، 42 — 43 - بەتلەر.

چيەنلۇڭنىڭ 24 - (1760 -) يىلى 7 - ئاي.

بۇنىڭدىن دولانلارنىڭ شۇ دەۋردىكى سىياسىي سەھنىدە خېلى رول ئوينىغان بىر تۇرغۇن خەلق ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ نوپۇسىنىڭمۇ خېلى كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

تىل نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئە.ر. تېنىشېۋنىڭ ماقالىسىگە ئاساسەن 32 مىڭ ئۆيلۈكچە بولغان (تەخمىنەن يۈز ئەللىك مىڭدىن يۈز يەتمىش مىڭغىچە) ئادەمنىڭ پەقەت 300 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئاھالىسى شالاڭ ئۇيغۇر رايونىدا ئۆز تىلىنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن ئەمەس.

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى ئارقىسىدا قوللىنىپ قالغان بىر قىسىم موڭغۇل تىلى سۆزلىرىنى (مەن لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنى تارىختا موڭغۇللار بىلەن ياكى مەلۇم

دەرىجىدە ئارىلاشقان، ياكى قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان، دەپ قارايمەن) تا ھازىرغىچە تاشلىماي كېلىشى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخى قاتلىمىنى تەشكىل قىلغان ئەينو (ئابدال) تىلى ئېلېمېنتلىرىنىڭ (ئاساسەن لېكسىكا قىسمىدا) خوتەننىڭ لوپ ناھىيىسى تامئېغىل رايونىدا ۋە قەشقەرنىڭ خانئېرىق رايونىدا ھازىرمۇ ئاندا - ساندا قوللىنىلىشى بىر تىل- نىڭ يەنە بىر تىلغا سىڭگەندىمۇ ئىز - تىزى قالماسلىقىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ۋەھالەنكى، بىز تارىم شېۋى- سىدە مۇنداق قالماق - ئۇيرات تىلى ئېلېمېنتلىرىنى ئۇچراتمىدۇق. ھەتتا بەزى ئۇيغۇر رايونلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان maŋlaj» (مۇڭغۇلچە «پېشانە») سۆزى دولانلاردا «p‘aʃanɛ» دېيىلىدۇ.

بەلكىم، موغال شېۋىسى توغرىسىدا توختالغىنىمىزدا كۆر- سەتكىنىمىزدەك، «تارىخى رەشىدى» دە قەشقەر ۋە تۇرپاندا ئولتۇ- راقلاشقان دەپ بايان قىلىنغان 30 مىڭ موغال بىلەن دولان- لار ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن بولسا كېرەك.

ساياھەتچىلەردىن ۋ. ئى. روبوروۋسكىيدىن دەلىل كەل- تۈرۈپ ئېيتىلغان «بىزنىڭ ئەسلىمىز (ياكى تەكتىمىز) قالماق ئىكەن» دېگەن سۆزلەرگە كەلسەك، بۇ سۆزلەرنى ئەسلىدە قۇمۇل- لۇقلار دېگەنىكەن.① بۇ سۆز باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ (كۆپىنچە ياشانغانلاردا) بار. لېكىن، بۇ سۆز پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى بۇددىست ئاتا - بوۋىلىرىغا قارىتىپ ئېيتىلغان. تۇرپان سىڭگىمدىكى «بېزەكلىك» نى بەزىلەرنىڭ «قالماقلارنىڭ» دېيىشى بۇنىڭ ئەمەلىي مىسالى.

دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەن تۈزۈلۈشىنى موڭغۇل تىپىغا

---

① ۋ. ئى. روبوروۋسكىي: «شەرقىي تىيانشان بىلەن نەنشەنگە ساياھەت»، 383 - بەت، 1949 - يىل، موسكۋا.

ياتقۇزۇشقا بولىدۇ. تارىخنى ئارىلىشىشلار ئارقىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭمۇ تەن تۈزۈلۈشىدە جىق ئۆزگىرىشلەر بولدى. ھېلىمۇ قۇمۇل، تۇرپان، لوپنۇر قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلاردا موڭغۇل تىپىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بار. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن بۇ رايونلاردىكى ئۇيغۇرلارنى، جۈملىدىن دولان ئۇيغۇرلىرىنى موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئەۋلادى قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ.

ئۈچىنچى بىر مەسىلە: «غوجا ئالدىرىۋاق» ئويۇنى. دولان مەشرەپلىرىنىڭ ئاخىرىدا قىزىقچىلىق ئۈچۈن بۇ ئويۇن ئوينىلىدۇ. يالغۇز بۇلا ئەمەس، ھەرقايسى دولان رايونلىرىدا دولان مەشرىپىنىڭ ئومۇمىي ئۇسسۇل پەدىسى ئاخىرلاشقاندا دەررە ئويۇنى، ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش، جۇۋازغا قېتىش، ھەر خىل جانلىقلارنى دوراش، مۇزىكىسىز ئۇسسۇل ئويناش، ساما يېقىش، سۈرەتكە تارتىش قاتارلىق قىزىقچىلىق ھېسابلىنىدىغان ئويۇنلارمۇ ئوينىلىدۇ.①

«غوجا ئالدىرىۋاق» سۆزى دولان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ھەممە ئۇيغۇر رايونلىرىدا بار. بۇ سۆز «جۇل جۇل، رەتسىز كىيىنگەن، كىيىمى ئۆزىگە سىغىشمىغەن، پاراكەندە...» قاتارلىق مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. دولان مەشرىپىدىكى قىزىقچىلىقنىڭ مەنىسىمۇ بۇنىڭدىن سىرت ئەمەس. بۇ سۆز ئەگەر دولان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىلا بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ئۇنى دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىل ۋە سەنئەت جەھەتتىكى بىر ئالاھىدىلىكى دەپ ھېسابلىساق بولاتتى.

بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىزچە، دولانلار ئۆزلىرىنى بىر ياقتىن كەلگەنمۇ دېمەيدۇ، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ قەدىمدىن يەرلىك ئىكەنلىكلىرىنى ئېيتىشىدۇ. مەسىلەن: ئاقسۇ دولانلىرى «دولانلارنىڭ

---

① نەختەم ئۆمەر: «دولان مەشرىپىدىكى دراماتىك خۇسۇسىيەتلەر توغرىسىدا»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1985 - يىل 4 - سان.

ئەسلى ماكانى ئاقسۇ قارىتالدىكى ‹قەدىمئايماق› يېزىسى بولغان، ئاقسۇ ئاۋات، ئاقسۇ غورىچۆل، مارالبېشى ۋە مەكىتلەردىكى دولانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ جايدىن تارقالغان» دېيىشىدۇ.

مەكىت دولانلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، دولانلار بىرقانچىگە بۆلۈنىدۇ، مەكىتلىكلەر ئۆزلىرىنى «قارا دولان» دەيدۇ، مەكىتنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە موغاللار بىلەن ئارىلاشقان دولانلارنى «موغال دولان» ياكى «تاسقىما دولان» دەيدۇ، يەكەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىنى بويلاپ مارالبېشىغا قەدەر جايلاشقانلارنى «باچۇغلۇق < بارچۇقلۇق دولان»① دەيدۇ. ئەمدى، ئاقساقماралدىكى دولانلار بولسا «قارا دولان»، «ياغاچ ئۆيلۈك دولان» دەپ بۆلۈنىمىز، دەيدۇ. ھەر ھالدا مۇنداق بۆلۈنۈش ئېتنىك مەزمۇنىدا ئەمەس، پەقەت ئۇلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈش فورمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. ئورخۇن ئابىدىلىرىدىمۇ بۇ قەبىلە تىلغا ئېلىنمىغان. «dolan» دېگەن نامغا تەلەپپۇز جەھەتتىن يېقىن كېلىدىغان خەنزۇچە 多览葛، 多臘葛، 多滥葛 دېيىلىدىغان قەبىلە نامى ئودۇمەن «تاڭنامە» ۋە شۇ ئاساستا يېزىلغان ئەسەرلەردە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

ماچاڭشو ئەپەندى «تۈركۈتلەر ۋە تۈركۈت تارىخى» دېگەن كىتابىدا، «كونا تاڭنامە» دە تاڭ ۋۇدىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا (مىلادى 618 – يىللىرى) تېلې قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدە 多览葛 دېگەن قەبىلىنىڭ بارلىقى يېزىلغانلىقىنى، بۇنىڭ 多览 ۋە 葛 دېگەن ئىككى قەبىلىنىڭ بىرلەشمىسى ئىكەنلىكىنى، «يېڭى تاڭنامە» دە بۇ قەبىلىنىڭ قوغۇرسۇ (解薛) ۋە

① بارچۇق — مارالبېشىنىڭ قەدىمكى نامى، مەكىتلىكلەر «مارالبېشىلىق دولان» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا مۇشۇ سۆزنى قوللانغان.

بولشار (白雪) قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىكتە 10 مىڭ ئەسكەر چىقىرالايدىغانلىقى يېزىلغانلىقىنى، سىرتاردۇشلار ھاكىمىيىتى يىقىلغان چاغدىمۇ تېلې قەبىلىلىرى ئىچىدە ئۇيغۇر، بايىرقۇ قا-تارلىق 12 قەبىلىنىڭ قاتارىدا 多览葛 نىڭ بارلىقىنى، كېيىن (مىلادى 647 - يىلى) مۇشۇ 多览葛 دا تاڭ سۇلالىسى 燕然 تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى قۇرغانلىقىنى، بۇنىڭ ئورنى ھازىرقى ئۇلانباتورنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.①②

سىن جۇڭمىيەن ئەپەندى «ئومۇمىي تۈركۈت تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە، تېلې قەبىلىلىرى ئىچىدە 多览葛 قەبىلىسىنى سا-نايدۇ ۋە بۇنىڭ ئايرىم بىر خەلق ئىكەنلىكى، tolangit دېيىلىدىغانلىقى، دوسساننىڭ تارىخىدا tulangkite دەپ ئېلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. سىن جۇڭمىيەن ئەپەندى شۇنىڭ بىلەن بىللە «موڭغۇل تارىخى» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ، 帖良古特، 田列克، 帖良兀، 帖连郭特 دېيىلىدىغان قەبىلىنىڭمۇ بولغانلىقى، بۇلارنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن دىڭلىڭلارنىڭ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن تېلېلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا، بايقالنىڭ غەربىدە ياشىغانلىقى، دوسساننىڭ تارىخىدا telengkoutes دەپ ئېلىنغانلىقى، بۇلارنىڭ قىرغىزلار بىلەن كەمكەمچۇت (佤佤助特) لار ئارىسىدىكى ئورمانلىقتا ياشايدى-غان ئايرىم بىر خەلق ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.③

سىن جۇڭمىيەن ئەپەندى مەخسۇس 多览葛 توغرىسىدىكى

---

① ماچاڭشو ئەپەندى، مەزكۇر ئەسەر، 50 -، 51 -، 57 - بەتلەر. شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1957 - يىل.

② جۇڭگونىڭ تارىخىي خەرىتىسى، 5 - توم 42 — 43 خەرىتىگە قارىغاندا بۇ تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى ئۇلانباتورنىڭ شىمالىدا ئىكەن.

③ سىن جۇڭمىيەن ئەپەندى، شۇ كىتاب، 683 - بەت.

مەلۇماتلارنى بەرگىنىدە بۇ سۆزنىڭ 多滥 مۇ دېيىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.①

ليۇ يىتاڭ ئەپەندى «ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەتقىقات» دېگەن كىتابىدا «تېلې» بىلەن «قاڭقىلى» دېگەن نامنىڭ بىر خەلقنىڭ ئىككى خىل ئاتىلىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ كېلىپ، 多览葛 قەبىلىسىنى تېلې تەركىبىدىكى 15 قەبىلىنىڭ قاتارىدا كۆرسىتىدۇ ۋە بۇ نامنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى «telangut» دەپ بېرىدۇ.②

ئەندۇجيەنفۇ ئەپەندى «غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىدە ئۇيغۇرلار (回纥) ئاساسى كۈچ ياكى بىردىنبىر يېتەكچى كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەن دەۋردە تېلې قەبىلىلىرى تەركىبىدىكى 15 قەبىلىنىڭ ئىچىدە 多览葛 قەبىلىسىنىڭ بولغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ ۋە بۇ نامنى ts‘u‘ - lunr - ur 促隆忽 بولسا كېرەك، دەيدۇ.③

ماچاڭشو ئەپەندى 葛 نىڭ قايسى قەبىلە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمىگەن. خەنزۇچە خەتكە ئاساسەن بۇنى قارلۇق قەبىلىسى دەپمۇ چۈشىنىش مۇمكىن.

شېن جۇڭمىيەن ئەپەندى بىلەن ليۇ يىتاڭ ئەپەندىلەرنىڭ قارىشى بويىچە بىر قەبىلە دەپ ھېسابلىغاندا، ئاخىرقى 葛 (get)④ نى يىلتىزنىڭ تۈگەنچى تاۋۇشى [ŋ] بىلەن قەدىمكى

---

① شېن جۇڭمىيەن ئەپەندى، شۇ كىتاب، 750 — 751 بەتلەر.

② ليۇ يىتاڭ ئەپەندى، مەزكۇر ئەسەر، 79 ـ، 84 ـ بەتلەر.

③ ئەندۇجيەنفۇ ئەپەندى، مەزكۇر ئەسەر، 8 ـ بەت، خەنزۇچە تەرجىمە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل.

④ كارلگرېن: «خەنزۇچە ـ ياپونچە لۇغەت» 55 ـ بەت. بۇ يەردە 葛 خېتىنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا kat، گۇاڭدۇڭ دىئالېكتىدا kot دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

تۈركىي تىللاردا قوللىنىلغان كۆپلۈك قوشۇمچىسى «it‘» نىڭ بىرىكمىسى دەپ قاراشقا ۋە قالغان «dolang∥tolang» دېگەن يىلتىزلارنى «dolan» دېگەن ئىسىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا تامامەن بولىدۇ. شۇنىڭدەك، سىن جۇڭمىيەن ئەپەندىنىڭ دوسسانىنىڭ تارىخىدىن كەلتۈرگەن نەقىللىرى ئاساسىدا 多览葛 بىلەن 帖良古特 لەرنىڭ ئايرىم - ئايرىم خەلق ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ياشىغان جايلىرىنىڭمۇ باشقا - باشقا (ئالدىنقىسىنىڭ بايقالنىڭ جەنۇبى، ئۇلانباتۇرنىڭ شىمالىدا، كېيىنكىسىنىڭ بايقالنىڭ غەربىدە) ئىكەنلىكىنى، بۈگۈنكى تېلېئۈت، تېلېنگىتلەرنىڭ كېيىنكىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن.

ھەممىدىن مۇھىمى، سىن جۇڭمىيەن ئەپەندى 册府元龟 دىن كەلتۈرگەن نەقىل بولۇپ، بۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «لۇڭشۇ (龙朔) نىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادى 662 - يىلى) جېڭ رېنتەي بىلەن شۆرېنگۈي قاتارلىقلار تېلې قەبىلىلىرىنى تىيانشاندا تارمار قىلدى. بۇ چاغدا تېلې قەبىلىلىرى ئىچىدە ئىسكىت (思结) ۋە دولانغىت (多览葛) قەبىلىلىرى بولۇپ، تىيانشاننى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغانىدى.»①

بۇ مەلۇمات بىزنىڭ دولانلار ھەققىدىكى تونۇشىمىزنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بۇ ھەقتىكى پەرەزلىرىمىزنى ئەمەلىيەت بىلەن يېقىنلاشتۇرىدۇ.

بۇلاردىن باشقا، دولان ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ قەدىمىيلىكى توغرىسىدا گۇ باۋ ئەپەندى ‹سۇڭ سۇلالىسى تارىخى (مۇزىكا قىسمى)› دىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ 16 ئۇسسۇل ئۆمىكى ئىچىدە 醉胡腾 ئۆمىكى (بۇلار قىزىل

① سىن جۇڭمىيەن ئەپەندى، شۇ ئەسەر، 1080 - بەت.

تاۋاردىن قىسقا كىيىم كىيىدۇ، كۆمۈش كەمەر باغلايدۇ، كىگىز قالپاق كىيىدۇ)، ئۆمىكى 玉兔浑脱 (بۇلار رەڭدار تاۋاردىن قىسقا كىيىم كىيىدۇ، كۆمۈش كەمەر باغلايدۇ، ئاق توشقان تېرىسىدىن تەلپەك كىيىدۇ)، بۆركۈت ئاتار ئۇيغۇر ئۆمىكى (بۇلار تاۋاردىن قىسقا كىيىم كىيىدۇ، كۆمۈش كەمەر باغلايدۇ، بۆركۈت ئېتىۋاتقان قىياپەتتە تۇرىدۇ) قاتارلىق ئۈچ ئۆمەك بولۇپ، بۇ ئۆمەكلەر ئورۇندىغان ئۇسسۇللارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى شىنجاڭ ئۇسسۇللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، بۆگۈن شىنجاڭ مەكىت ناھىيىسى ئەتراپىدىكى دولان ئۇسسۇلىنىڭ ھەرىكىتى ئاددىي ۋە سالماقلىق بولۇپ، يەنىلا بۆركۈت ئېتىۋاتقان قىياپەتنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ.»①
گۇ باۋ ئەپەندىنىڭ كەلتۈرگەن نەقىل ۋە مۇلاھىزىلىرىدىن شۇ نەرسە مەلۇم بولىدۇكى، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇسسۇل ئۆمەكلىرى ئورۇندىغان ئۇسسۇللار شىنجاڭ ئۇسسۇللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇ ئۇسسۇللار ئىچىدە بۆركۈت ئېتىۋاتقان قىياپەتتىكى دولان ئۇسسۇلىمۇ بولغان.

ئېيتىش مۇمكىنكى، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇسسۇل ئۆمەكلىرى ئورۇنلىغان دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئىگىلىرى VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تىيانشاننى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان 多览葛 (دولانغىتلار) دۇر.

هازىرقى دولان مۇزىكىسى ۋە دولان ئۇسسۇلىنىمۇ ئاتىلىشى ۋە ئورۇندىلىشى جەھەتتىن ھەرگىز موڭغۇل سىستېمىسىغا ياتقۇزغىلى بولمايدۇ.

تارىم شېۋىسىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىدىن قارىغاندا، مەسىلەن، تارىم شېۋىسىدىكى [ʁ] تاۋۇشى ياكى مۇشۇ تاۋۇش

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى خەۋەرلىرى» 9 - سان، 1979 - يىل 11 - ئاي.

كەلگەن بوغۇمنىڭ چۈشۈپ قېلىش — «mozaj<buzaʁu» ئەمەس، بەلكى «mozó(j) ـ موزاي»، ʃ//s نۆۋەتلىشىشى ـ «tʃ'iʃqan» ياكى «satʃq'an» ئەمەس، بەلكى «ʃaʃq'an»، بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇملىرىدا قالدۇق سۈپىتىدە بولسىمۇ [o]، [ϕ] لەرنىڭ كېلىشى (مەسىلەن «nogoj ـ قاپاق چۆمۈچ»، «k'ϕsϕj ـ كۆسەي»، «joʁon ـ يوغان»، «jϕt'ϕl ـ يۆتەل»، «bϕdzϕn ـ بۆجەن» ئۇنىڭ ن. ئا. باسكاكوۋ كلاسسىفىكاتسىيىسىدە تۈركىي تىللارنىڭ ئۇيغۇر ـ ئوغۇز گۇرۇپپىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ۋە ياقۇت تارماق گۇرۇپپىسىدىكى تىللارغا ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.①

شۇڭا تارىم شېۋىسىنى تارىخىي جەھەتتىن ياقۇت تىلىنىڭ «دولغان» دىئالېكتى بىلەن، دولانلارنى شۇ دولغانلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك، دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى، [ʁ] تاۋۇشى ۋە بۇ تاۋۇش كەلگەن بوغۇملارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ياقۇت تىلىدىمۇ بار.②

شۇنداق پەرەز ئە. ر. تېنىشېۋنىڭ ياقۇت تىلى توغرىسىدا توختالغىنىدا «ياقۇتلار جەنۇبتىن كەلگەن»③ دېگەن قارىشىغا مۇۋاپىقلىشىدۇ.

دولانلارنىڭ تارىم ۋادىسىدا خېلى قەدىمدىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىر خەلق ئىكەنلىكىگە ئائىت يەنە شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، ئا. م. شېرباك ئۆزىنىڭ «X—XII ئەسىرلەردىكى

---

① ن. ئا. باسكاكوۋ، يۇقىرىقى ئەسەر، 339—354 ـ بەتلەر.

② ئە. ر. تېنىشېۋ، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا كىرىش»، خەنزۇچە تەرجىمە، 267 ـ، 273 ـ، 278 ـ بەتلەردىكى bi'ar ـ بىغىر، t'uora ـ توغرا، suon ـ يوغان، oʁol ـ ئوغۇل قاتارلىق سۆزلەردە شۇنداق. 1982 ـ يىل، بېيجىڭ.

③ ئە. ر. تېنىشېۋ، مەزكۇر ئەسەر 259 ـ بەت.

شەرقىي تۈركىستان يېزىق يادىكارلىرىنىڭ گىرامماتىكىسى» دېگەن ئەسىرىدە ئا. گابايىننىڭ براخمى يېزىقىدا يېزىلغان بىر دىئالېكتتا سۆزنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى بوغۇملىرىدىمۇ [o]، [ϕ] تاۋۇشلىرى كەلگەنلىكىنى (مەسىلەن، «oloror – ئولتۇرىدۇ»، «oloroP‘ – ئولتۇرۇپ») بايقىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.②

براخمى يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەر كۆپىنچە كوچا، بارچۇق (توققۇز ساراي) ۋە خوتەنلەردىن تېپىلغان. شۇڭا دولاننىڭ هازىرقى جايلىشىش ئەھۋالى ۋە سارقىندى هالەتتىكى تىل ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ، تارىختىكى بۇ دىئالېكتنى هازىرقى تارىم شېۋىسى دەپ هېسابلاش مۇمكىن، هازىرقى تارىم شېۋىسى ئەينى زاماندا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاهاڭداشلىقى كۈچلۈك دىئالېكت بولغان دېيىش مۇمكىن.

يىغىپ ئېيتقاندا بىز گەرچە تېخى قانائەتلىنەرلىك دەرىجىدە بولمىسىمۇ، يۇقىرىقى تارىخىي پاكىتلار ۋە تىل پاكىتلىرى ئاساسىدا هازىرقى دولان ئۇيغۇرلىرىنى «تاڭنامە» دە تىلغا ئېلىنغان 多览葛 ياكى 多臘葛 قەبىلىسىنىڭ ئۆزى، ئۇلار ئىسمىنىڭ يېقىنلىقىغا قارىغاندا ياقۇتلارنىڭ دولغان دىئالېكتىدىكىلەر بىلەن تارىخىي قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتتە بولغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايمىز. سىرتاردۇشلار هاكىمىيىتى يىمىرىلغاندىن كېيىن، دولانلار (دولانغىت) نىڭ ئاساسىي قىسمى ئاۋۋال تىيانشاندا، ئاندىن ئاستا - ئاستا هازىرقى مۇنبەت زېمىندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان، خالاس.

ياقۇت تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە قارىغاندا، تارىختا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاهاڭداشلىقى كۈچلۈك بولغان بۇ دىئالېكت بىرقانچە ئەسىر داۋامىدا ئۆزىنىڭ ئەسلى خۇسۇسىيەت-

① ئا. م. شېرباك، مەزكۇر ئەسەر، بىرىنچى باب، فونېتىكا قىسمى، [o]، [ϕ] سوزۇق تاۋۇشلىرىغا بېرىلگەن ئىزاھات.

لىرىنى يوقىتىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالغان.

ھازىرقى دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېنىق سانىنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بىز ھازىر ئومۇمەن ساپ دەپ ھېسابلاۋاتقان دولان رايونلىرىدىمۇ سىرتقى رايونلاردىن بېرىپ ئولتۇراقلاشقانلار ياكى ئەسلى دولان رايونلىرىدىن چىقىپ دۆلەت ئىچىدىكى باشقا رايون-لاردا، ھەتتا دۆلەت سىرتىدا ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ سانى خېلى بار.

دۆلەت ئىچىدىن ئالغاندا، مۇشۇنداق ئارىلىشىش كۆپ بولغان رايونلارغا ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسى، ئاقسۇ يېڭىشەھەر ناھىيىسى، ئاقسۇ ئاۋات، توقسۇ، شايار، كۇچا ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرى، مارالبېشى ناھىيە مەركىزى، مەكىت ناھىيە مەركىزى قاتارلىق جايلار كىرىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىز-دەك، چىڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان دولانلارنىڭ كورلا، قاراشەھەر، باي، سايرام قاتارلىق جايلارغا تەقسىم قىلىنىپ تارقىتىلغانلىقىمۇ مەلۇم. شۇڭا بىز ئالاھىدە «ئاقسۇ شېۋىسى» دېگەن شېۋىنى كۆرسەتمىدۇق. ھازىرقى ئاقسۇ ئەمەلىيەتتە تارىم شېۋىسى، شىمالىي شېۋىلەر، قەشقەر شېۋىسى قاتارلىق ئۈچ شېۋە ئارىلاشقان ئارىلاش شېۋە رايونى ھېسابلىنىدۇ.

### B. تارىم شېۋىسى

بىز تارىم شېۋىسىنى ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدىن قۇمباش، قاراتال يېزىلىرىدا، مارالبېشى ناھىيىسى تەۋەسىدىن ئاقساق-مارالدا، مەكىت ناھىيىسى تەۋەسىدىن يانتاق يېزىسى، غاز-كۆل يېزىلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىغا ئا-ساسەن ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىمىز.

دىئالېكتلارنى ئايرىشتا يۇقىرىدا قويغان ئىككى ئاساسىي ئۆلچەمدىن ھازىرقى - كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ فورمىسى جە-

ھەتتە تارىم شېۋىسى ئەدەبىي تىلغا تامامەن ئوخشىشىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| بارىمەن | barimɛn |
| كېلىمەن | k‘elimɛn |

پۈتمىگەن سۈپەتداش فورمىسى جەھەتتە تارىم شېۋىسى (مەكىتتىن باشقا رايونلاردا) ھەم ئەدەبىي تىلغا، ھەم خوتەن دىئالېكتىغا ئوخشىشىدۇ، يەنى «idiʁan//jdiʁan» فورمىلىرى بىلەن تەڭ it‘χan∼itq‘an//jtχ‘an∼jtq‘an فورمىلىرىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەكىتتە بولسا ئەدەبىي تىلدىكىدەك idiʁan//jdiʁan فورمىلىرىلا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

| مەكىت | قۇمباش، قاراتال، ئاقساقمارال |
|---|---|
| buray‘diʁan (پۇرايدىغان) | burajdiʁan∼burajtq‘an∼ burajt‘χan |
| alidiʁan (ئالىدىغان) | alidiʁan∼alitq‘an ∼ alit‘χan |
| salidiʁan (سالىدىغان) | salidiʁan∼sal(i)tq‘an ∼ sal(i)t‘χan |
| k‘ɛjdyridiʁan (كېيدۈرىدىغان) | k‘ɛjdyridiʁan∼kɛjdyr(i)tq‘an ∼ k‘ɛjdyr(i)t‘χan |

قالغان قوشۇمچە ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىلەر.

**A. فونېتىكىلىق جەھەتتە**

① سۆز بېشىدا ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلار ئالدىدىكى [j] تاۋۇشىنىڭ [z] بىلەن نۆۋەتلىشىش جەھەتتە، قەشقەر شېۋىسىنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىغان مەكىت بىلەن ئاقسۇ قۇمباشتا [z] لىشىش مۇتلەق ئۈستۈن تۇرىدۇ؛ قەشقەر شېۋىسىنىڭ تەسىرىدىن سەل چەتتەرەك بولغان ئاقسۇ قاراتال ۋە مارالبېشى ئاقساقمارالدا [z] لىشىشمۇ بار، [z] لاشماسلىقمۇ بار، بەزىدە [j] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىمۇ بار (ئايرىم جەدۋەلگە قاراڭ).

② g//w نۆۋەتلىشىش جەھەتتە، تارىم شېۋىسى [g] لىشىدىغان شېۋىگە كىرىدۇ، لېكىن قەشقەر شېۋىسىنىڭ تەسىرىگە يولۇققان مەكىت رايونى بۇنىڭ سىرتىدا.

③ [ɦ] لىشىش. يۇقىرىقى تۆت نۇقتىنىڭ ھەممىسىدە [ɦ] لىشىش ھادىسى بار، لېكىن قەشقەر شېۋىسىدىكىدەك كۈچلۈك ئەمەس، شۇڭا تارىم شېۋىسى ئەسلى [ɦ] لاشمايدىغان شېۋە بولسىمۇ، ئازدۇر - كۆپتۇر قەشقەر شېۋىسىنىڭ تەسىرىگە يولۇققان دەپ قارايمىز. مەسىلەن:

| مەكىت | ئاقساقمارال | ئاقسۇ قۇمباش | ئاقسۇ قاراتال |
|---|---|---|---|
| ɦyz (ئەزا) | jyz | jyz | jyz |
| ɦyz (سان) | yz | ? | jyz |
| jøl (ھۆل) | ɦøl | jøl | jøl |
| ɦøt‘ɛl (يۆتەل) | jøt‘øl～jøt‘ɛl | jøt‘ɛl | jøt‘ɛl |
| ? (ئاجىز) | ɦadẓiz | ɦadẓiz | adẓiz |
| ɦuwla – (ھۇۋلا-) | ūla – | ɦūla – | ɦūla – |
| ɦoʃur – (يوشۇر-) | ɦoʃur – | joʃur – | ? |
| ? (ھازىدار) | azidā(r) | ? | ? |

④ t'ʃ//t' نۆۋەتلىشىشى. ئاقسۇ - قۇمباش، مارالبېشى - ئاقساقمارال، مەكىت - يانتاق يېزىلىرىدا [tʃ'] لىشىش جەريانى تۈگىگەن بولسىمۇ، ئاقسۇ - قاراتال، مەكىت - غازكۆل يېزىلىرىدا [tʃ'] لىشىش جەريانى تېخى تۈگىمىگەن. مەسىلەن،

قاراتال قۇمباش ئاقساقمارال مەكىت - يانتاق مەكىت - غازكۆل

t'iʃ tʃ'iʃ tʃ'iʃ tʃ'iʃ t'iʃ

t'yʃ - tʃ'yʃ- tʃ'yʃ- tʃ'yʃ - t'yʃ-

⑤ ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىلىقىدىكى [q']، [k'] [p'] لارنىڭ [ʁ]، [g]، [w] بىلەن نۆۋەتلىشىشى پۈتۈن تارىم شېۋىسىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى.

⑥ tʃ'//s نۆۋەتلىشىشى جەھەتتە، «tʃ'atʃ'»، «tʃ'atʃ'ra -» قاتارلىق سۆزلەردە tʃ'//s نۆۋەتلەشسىمۇ، پۈتۈن تارىم شېۋىسى بويىچە بىرلا «چاشقان» سۆزى «ʃaʃq'n» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، يەنى s//ʃ نۆۋەتلىشىدۇ.

⑦ ئاقساقمارالدا بىرقانچە سۆزدىلا (ɛllig، ulaʁ، q'andaʁ∼q'ajdaʁ) سۆز ئاخىرىدا [ʁ]، [g] تاۋۇشلىرى كەلگەندىن باشقا، پۈتۈن تارىم شېۋىسىدە ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەر ئاخىرىدىكى [ʁ]، [g] تاۋۇشلىرى [q']، [k'] گە نۆۋەتلىشىپ بولغان.

⑧ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى جەھەتتە، كۆپرەك مەكىتتە قەشقەر شېۋىسىنىڭ تەسىرى بىلەن مۇنداق ئاھاڭداشلىق بۇزۇلغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان دولان رايونلىرىدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك، تارىم شېۋىسىدە كۆپىنچە سۆزلەرنىڭ بوغۇم قۇرۇلۇشى o—a، ø—ɛ شەكلىدە ئەمەس، o—u، ø—y شەكلىدە كېلىدۇ. بۇ ھال تۈپ سۆزلەردىن تارتىپ، سۆز ياسىلىشى ۋە سۆز تۈرلىنىشلىرىگىچە ئىزچىل كۆرۈنىدۇ.

مۇندىن باشقا تارىم شېۋىسىدە سۆزنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدا [o]، [φ] تاۋۇشلىرى كېلىدىغان سۆزلەرمۇ بار. گەرچە بۇ سۆزلەرنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، ئۇ تارىم شېۋىسىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم بىر قالدۇق ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدا تارىم شېۋىسى ئۆزىگە يانداش شېۋىلەردىن ئاتۇش شېۋىسى، كۇچا شېۋىسى، ھەتتا پەيزىۋات رايونىدا قەشقەر شېۋىسىگىمۇ تەسىر قىلغان دېيىش مۇمكىن، مۇنداق سۆزلەر تۆۋەندىكىلەر:

| مەكىت | ئاقساقمارال | قۇمباش | قاراتال |
|---|---|---|---|
| mozaj | mozoj | mozoj | mozó(j) |
| nogaj | nogoj | nogoj | nogoj |
| osal | osol | osol | osol. |
| joʁan | joʁon | joʁan | joʁon～joʁan |
| ? | ? | ? | kʻφsφj |
| oŋaj | oŋoj | oŋaj | oŋaj |
| ? | soʁoqʻ | ? | soq |
| ? | qoʻpʻol | ? | qʻopʻal |
| ? | bφdzφn ～ | ? | bφdzɛn |
| ? | bφdzɛn | ? | |
| ? | jφtʻφl ～ | ? | jφtʻɛl. |
| ? | jφtʻɛl | | |

⑨ كۆپىنچە ئەرەب - پارس تىلىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەردىكى [kʻ]، [g] تاۋۇشلىرى مەكىت رايونىدا قەشقەر شېۋىسىنىڭ تەسىرىدىن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن بىر-

گىدىغان بولسىمۇ، قالغان دولان رايونلىرىدا شىمالىي شېۋىلەرگە ئوخشاش تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن بىرىلىدۇ.
مەسىلەن:

| مەكىت | ئاقساقمارال | قۇمباش | قاراتال |
| --- | --- | --- | --- |
| loŋga | lϕŋgɛ | lyŋgɛ | lyŋgɛ |
| goʃ | gϕʃ | gϕʃ | gϕʃ |
| gul | gyl | gyl | gyl |
| gugut‘ | gygyt‘ | gygyt‘ | gygyt‘ |
| gurutʃ‘∼ gyrytʃ‘ | gyrytʃ‘ | gyrytʃ‘ | gyrytʃ‘ |

⑩ سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [a] تاۋۇشى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە [e] غا ئاجىزلىشىدۇ. سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [ɛ] تاۋۇشى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە مەكىت ۋە ئاقساقمارالدا [e] غا، قاراتال ۋە قۇمباشتا [I] غا ئاجىزلىشىدۇ.
مەسىلەن:

| مەكىت | ئاقساقمارال | قۇمباش | قاراتال |
| --- | --- | --- | --- |
| k‘et‘ip‘ | k‘et‘ip‘ | k‘ɪt‘ip‘ | k‘ɪt‘i‘p‘ |
| meniŋ | meniŋ | mɪniŋ | mɪniŋ |

بۇلاردىن باشقا فونېتىكىلىق جەھەتتىن، تارىم شېۋىسىدە بەزى سۆزلەردە m∥n نۆۋەتلىششى (مەسىلەن، niman — مېھمان؛ مەكىتتە ۋە قاراتالدا) t‘∥d نۆۋەتلىششى (مەسىلەن، julduz — يۇلتۇز، jildiz — يىلتىز، dini sesiq‘ — تىنىقى سېسىق؛ قاراتالدا ۋە ئاقساقمارالدا) بار. بەزى سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى [ʁ]، [g] تاۋۇشلىرى ياكى شۇ تاۋۇشلار ئورنىدا كەلگەن [j] تاۋۇشى ۋە مۇشۇ تاۋۇشلار كەلگەن بوغۇملار

چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

(موزاي) mozō(j) ئەمەس، mozaj<buzaʁu

(كۆكىيۈن) kʻøkȳ(jy)n ئەمەس، kʻøkʻyjyn<kʻøkʻɛgyn

(ئەرگىشىپ) ɛr(g)iʃipʻ ئەمەس، ɛrgiʃipʻ

## B. مورفولوگىيىلىك مەسىلىلەر جەھەتتە

⑪ پېئىللارنىڭ ئىمكانىيەت تۈسى تارىم شېۋىسىدە ئەدەبىي تىلدىكىدەك ياسىلىدۇ. پەقەت ئاقسۇ قاراتالدا بۇ فورما سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا بويسۇندۇرۇلمايدۇ، يەنى «-al» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ، بۇ جەھەتتە قاراتال تۇرپان، قۇمۇللارغا ئوخشىشىدۇ. مەسىلەن:

| مەكىت | ئاقساقمارال | قۇمباش | قاراتال |
|---|---|---|---|
| kʻørɛlɛjmɛn | kʻørɛlɛjmɛn | kʻørɛlɛjmɛn | kʻøralimɛn. |
| dejɛlɛjmɛn | dejɛlɛjmɛn | dɪjɛlɛjmɛn | dɪjalimɛn |

⑫ «-pʻ» رەۋىشداشتىن كېيىن «-idi» قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان تۈس فورمىسى قاراتالدا شىمالىي شېۋىلەرگە، ئاقساقمارال، قۇمباش ۋە مەكىتتە قەشقەر شېۋىسىگە ئوخشىشىدۇ. مەسىلەن:

| مەكىت | ئاقساقمارال | قۇمباش | قاراتال |
|---|---|---|---|
| beriptʻim | beriptʻim∼ beriwidim | beriptʻim | beriwidim |
| kʻɛptʻim | kʻɛptʻim∼ kʻeliwidim | kʻɪptʻim | kʻɪliwidim. |

سوراق شەكلى

k‘ɛp‘midim k‘ɛp‘midim k‘Ip‘midim k‘Iliwidimmu

⑬ هازىرقى ـ كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئىككىنچى شەخس سىپايە تۈرى فورمىسى ھەر تۆت نۇقتىدا قەشقەر شىۋىسىگە ئوخشاش. مەسىلەن:

baridila ئەمەس، barila، jɛjdila ئەمەس، jɛjla.

⑭ هازىرقى ـ كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ سوراق شەكلى پەقەت مەكىتتە قەشقەر شىۋىسى تەسىردىن بەزىدە قەشقەر شىۋىسىدىكىدەك قوللىنىلىدۇ، قالغان نۇقتىلاردا سوراق يۈكلىمىسى شەخس قوشۇمچىسىدىن كېيىن قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| مەكىت | ئاقساقمارال | قۇمباش | قاراتال |
|---|---|---|---|
| barimɛnmu | barimɛnmu | barimɛnmu | barimɛnmu |
| baramdim | | | |
| baramdimɛn. | | | |

⑮ پېئىلنىڭ ئاددىي ئۆتكەن زامان ئىككىنچى شەخس سىپايە تۈرى فورمىسى پەقەت قۇمباشتىلا قەشقەرگە ئوخشىشىدۇ، قالغان نۇقتىلاردا شىمالىي شىۋىلەرگە ئوخشىشىدۇ. مەسىلەن:

| مەكىت | ئاقساقمارال | قۇمباش | قاراتال |
|---|---|---|---|
| aldila | aldila | alla | aldila |
| k‘ɛldilɛ | k‘ɛdilɛ | k‘ɛllɛ | k‘ɛldilɛ |

⑯ سۈپەتلەرنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى ئۈچۈن تارىم شىۋىسىدە «-raq‘» قوشۇمچىسىلا قوللىنىلىدۇ. «-rɛk‘» قوشۇمچىسى يوق. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| q‘ewilraq‘ | قابىلراق |
| t‘yzygraq‘ | تۈزۈكرەك |

⑰ پېئىللارنىڭ بۇيرۇق ـ تەلەپ رايى بىرىنچى شەخس كۆپلۈكى ئۈچۈن «ili، ـjli» قوشۇمچىلىرى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

قويايلى q'ojili∼q'ojuli    كۆرەيلى k'φrili∼k'φryli

يۈرمەيلى jyrmεjli    بارايلى barili

يەيلى jεjli

⑱ «q'il-» پېئىلى ئورنىدا «-εt'» پېئىلى ئىشلىتىلىدۇ.
مەسىلەن:

△ q'aʃa ıt'ip'    قاش ياساپ، قاشا قىلىپ

△ dadisi q'aza ıt'ip'...    دادىسى قازا قىلىپ

△ uzaq' boldi. tʃ'iraʁ εt'miduq'.

ئۇزاق بولدى، نەزىر قىلمىدۇق.

## C. لېكسىكىلىق جەھەتتە

تۆۋەندىكى سۆزلەرنى تارىم شېۋىسى لېكسىكىسى قاتارىدا كۆرسىتىش مۇمكىن:

| | | |
|---|---|---|
| تاش مايماق | (قاراتال) | altʃ'iʁaj |
| قارچىغا قۇشلايدىغان كىشى | (قاراتال) | baχʃi |
| شوتا | (ئاقساقمارال) | basq'a |
| قولنىڭ جەينەكتىن يۇقىرى قىسمى | (ئاقساقمارال) | boχt'an |

(لوپنۇر شېۋىسىدە بۇ سۆز «boχt'uq'» دېيىلىدۇ.)

| | | |
|---|---|---|
| غانجۇغا | (مەكىت) | bφkt'εl |
| | (قاراتال) | bφk'εl ∼ bφk'εl beʃi |

سورۇنلاردا كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىسىگە قاراپ گۆش تەقسىم قىلىپ بەرگۈچى.

bar oʁlaq‘ (قاراتال) قىرقىلمىغان ئۇغلاق

bediʃ (قارىتال) غاز، ئۆردەك تۇتۇشقا ئىشلىتىلىدىغان قاپقان

p‘ɛdʐɛmbɛ (مەكىت) ئايالچە ئىشتان

t‘ɸʃyk‘ (ئاقساقمارال) پەگا

t‘oq‘utʃ‘aq‘ (قاراتال) توقۇلداق، توقتۇق

t‘ariʃan (قاراتال) چوشقىنىڭ كۈچۈكى

(t‘oroʃɛn :لوپنۇردا)

t‘oʁramtʃ‘i (قاراتال) ئاشقا توغرىلىدىغان گۆش، سەي قاتارلىق نەرسىلەر

t‘irnɛ (قاراتال) بىلىجان

t‘yŋylmɛk‘ (قاراتال) ئايرىلماق، ئۈمىد ئۈزمەك

△ balini ɛmtʃ‘ɛkt‘in t‘yŋyldyrdyk‘.

بالىنى ئەمچەكتىن ئايرىدۇق.

dʐul (مەكىت) يوپۇق

tʃ‘ȳ(r)p‘ɛ~tʃ‘yrp‘ɛ (مەكىت، ئاقساقمارال) چوشقىنىڭ كۈچۈكى

tʃ‘ulluq‘ (مەكىت) بىلىقئالغۇچ قۇش

tʃ‘at‘mal (قاراتال) چېتىش

△ mınıŋ bir pā(r)tʃ‘ɛ jırim bā(r) ɛjnalmaχunum bilɛn tʃ‘atmal.

مېنىڭ بىر پارچە يېرىم بار، ئەينالماخۇنۇم بىلەن چېتىش.

tʃ‘oχrimaq‘ (قاراتال) قاغجىرىماق

tʃ‘ɛrɛt‘ q‘aldzaq‘ (قاراتال) .تۈغماس جەرەن (چىشى)

χudunmaq‘ (مەكىت) ئۇيالماق

dyrk‘ɛ ɛdɛm (قاراتال) قوپال ئادەم

demidzɛ (قاراتال) قوشۇمچە

△ gygytk‘ɛ demidzɛ bolitt‘i

سەرەڭگىگە قوشۇمچە بولاتتى.

saldar (قاراتال) تۆت ياشلىق قوي

soχt‘a ∼ q‘azan soχt‘isi (ئاقساقمارال) گۆش نان

seq‘ɨmɛ (قاراتال) ئادەت، ئەنئەنە

seq‘ɨmɛ søz ئەنئەنە بولۇپ قالغان سۆز

sydyglyk‘ (قاراتال) دوۋسۇن

q‘ojuʁaʃ (ئاقساقمارال) پولۇ

q‘aq‘an (ئاقساقمارال) قۇرغاقچىلىق

△ mɛk‘it‘ q‘oji q‘aq‘anʁa tʃ‘idimajdu.

مەكىت قويى قۇرغاقچىلىققا چىدىمايدۇ.

q‘aldzaq‘ (قاراتال) چىشى جەرەن

q‘aʁitʃ‘aq‘ (قاراتال) كىچىك كېمە

ʁaldzaq‘ (مەكىت) چىشى جەرەن

malt‘aq‘ (قاراتال) ياغاچ تۆك

ʁarɛk‘ (قاراتال) خىر - خىر، خىرىلداپ سۆزلىگۈچى

nɛ (مەكىت) كەپتەرنىڭ ئەركىكى

ınimɛk‘ (ئاقساقمارال) بەلگە سالماق

△ dzaŋgaldin dziq‘raq‘ jɛ(r)ni ınɛpt‘ik‘ɛn.

جاڭگالدىن جىقراق يەرنى بەلگىلەپ قويۇپتىكەن (ئۆزىگە)،

jandurʁa (قاراتال) چىللاقىا جاۋابەن چىللاق

japq‘a (قاراتال) تۇۋاق

ilʁa (قاراتال) بىلىق قارمىقى

ilik‘ q‘ap (قاراتال) پەلەي

ɦallaz at‘maq‘ (مەكىت) چىچاڭشىماق

△ ɪʃɛk‘ ɦallaz att‘i.

ئېشەك چىچاڭشىدى.

tʃ‘iraʁ ɛt‘mɛk (ئاقساقمارال) ئاش بەرمەك

q‘ara tʃ‘iraʁ (ئاقساقمارال) نەزىر ئېشى

aq‘ tʃ‘iraʁ (ئاقساقمارال) توي ئېشى

ajnimaq‘ (ئاقساقمارال) كۆپەيمەك

△ su ajnidi. سۇ كۆپەيدى.

ɦak‘inɛk‘

بىلىقنىڭ بېغىغا ئۇن چىلىپ ئېتىدىغان تاماق (ئاقساقمارال)

تارىم شىۋىسىدىن بەزى مىساللار.

△ ó(r)nap‘ q‘alʁan uruq‘- t‘uqq‘anlirimiz awun.

ئورۇنلىشىپ قالغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىز جىق. (قاراتال)

△ ɸzɛŋgɛ t‘uʃluʁraq‘ k‘ɛt‘mɛn tʃ‘ap‘saŋ bo(l)mamdu?

ئۆزۈڭگە تۇشلۇقراق كەتمەن چاپساڭ بولمامدۇ؟ (قاراتال)

△ at‘ni t‘uʃap‘ q‘ojduq‘.

ئاتنى چۇشەپ قويدۇق. (قاراتال)

△ q‘ijma - dzijmaŋ q‘iliwet‘ipt‘u jyz - k‘ɸzini

t‘at‘(i) lap‘.

يۈز ـ كۆزنى تاتلاپ قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىپتۇ. (قاراتال)

△ namaz ɸt‘ɛjtq‘an bo(lu)pt‘ik‘ɛn.

نامار ئۆتەيدىغان بولۇپتىكەن. (قاراتال)

△ suʁa tʃ‘ik‘ɪt‘iwidi.

سۇغا چىقىپ كېتىۋىدى. (قاراتال)

△ su aqq‘an jɛ̄(r)dɛ aχmaj q‘ā(l)majdu.

سۇ ئاققان يەردە ئاقماي قالمايدۇ. (قاراتال)

△ burun – burnat‘in bejit‘ uχmajtq‘an.

بۇرۇن بۇرۇندىن بېيىت ئۇقمايدىغان. (قاراتال)

△ alamɛt‘ dziq‘ bo(lu)p‘ k‘ɪt‘ip‘ baridu.

ناھايىتى جىق بولۇپ كېتىپ بارىدۇ. (قاراتال)

△ q‘amliʃā(l)maj adzir(i)ʃip‘ k‘ɛtt‘i

قاملىشالماي ئاجرىشىپ كەتتى. (قاراتال)

△ t‘ojluq‘ seliʃq‘ili bā(r)dim.

تويلۇق سېلىشقىلى باردىم. (قاراتال)

△ sanini ā(l)ʁili bo(l)majdu

سانىنى ئالغىلى بولمايدۇ. (قاراتال)

△ q‘ā(r)lawraq‘ maŋsiŋiz bo(l)mamdu?

قاراپراق ماڭسىڭىز بولمامدۇ؟ (قاراتال)

△ k‘emini t‘oldurup‘ bɛ̄(r)duq‘.

كەم قالغان قىسمىنى تولدۇرۇپ بەردۇق. (قاراتال)

△ q‘ilitq‘an iʃni sɛn q‘ilip‘ balāni maŋa ā(r)t‘ip‘

q‘ojamsɛn?
قىلىدىغان ئىشنى سەن قىلىپ، بالانى ماڭا ئارتىپ قويامسەن؟
(قاراتال)

△ zaraŋziniŋ q‘uliʁini t‘oʁrap beritt‘i.
زاراڭزىنىڭ يوپۇرمىقىنى توغراپ بېرەتتى. (مەكىت)

△ ap‘t‘apq‘a tʃ‘iq‘ip‘ apt‘apt‘a jat‘imiʃ.
ئاپتاپقا چىقىپ ئاپتاپتا ياتقۇدەكمىش. (مەكىت)

△ q‘ojniŋ zuŋida ɛtk‘ɛn k‘igiz bā(r).
قوينىڭ يۇڭىدا ئەتكەن كىگىز بار. (مەكىت)

△ su walaχʃip‘ k‘iriwat‘idu.
سۇ گۇپۇلدەپ كىرىۋاتىدۇ. (مەكىت)

△ jawaʃ, munajim ɛdɛm boldiʁan.
ياۋاش، مۇلايىم ئادەم بولىدىغان. (مەكىت)

△ k‘iʃ(i)niŋ bijnemisini ammajdiʁan.
كىشىنىڭ بىرنېمىسىنى ئالمايدىغان. (مەكىت)

△ jelinni t‘oʃq‘urupt‘u, əmdi t‘uʁidu dɛjmiz.
يېلىنى ساپتۇ، ئەمدى تۇغىدۇ، دەيمىز. (مەكىت)

△ t‘ygmɛnniŋ ʁulusidin p‘yt‘yn tʃ‘iq‘idiʁan nɛrsɛ.
تۈگمەننىڭ كويلىسىدىن پۈتۈن چىقىدىغان نەرسە. (مەكىت)

△ q‘iχ k‘yndɛ q‘irq‘ini ɛtt‘uq‘ dɛp‘...
قىرىق كۈندە قىرىقىنى ئەزىرىنى بەردۇق، دەپ... (مەكىت)

△ ɸlɛp‘ q‘a(l)ʁan ɛdɛmniŋ k‘ɸzi et‘ilip‘ q‘alimiʃ.
ئۆلۈپ قالغان ئادەمنىڭ كۆزى ئېتىلىپ قالىدىكەن. (مەكىت)

△ ʃaχ sɸrigilima meni iwɛt'itt'i.

شاخ سۆرىگىلىمۇ مېنى ئەۋەتتى.

△ xuda saq'liʁan jɛ(r)dɛ balā joq',

ʃal t'eriʁan jɛ̄(r)dɛ p'olā joq'

خۇدا ساقلىغان يەردە بالا يوق.

شال تېرىغان يەردە پولۇ يوق — ماقال. (مەكىت)

△ maŋidiʁan p'ɛjtt'ɛ bir ɦejip' tʃ'iq'idu.

ماڭىدىغان ۋاقتىدا بىر ئەيىب چىقىدۇ. (مەكىت)

△ ammisa ammiʁandu?

ئالمىسا ئالمىغاندۇ؟ (مەكىت)

△ ɸjgɛ niman k'elip' q'aldi, niminimni bir uzā(r)t'iwalaj.

ئۆيگە مېھمان كېلىپ قالدى، مېھمىنىمنى بىر ئۇزىتىۋالاي. (مەكىت)

△ nemɛ saraŋmu sɛn, bu jɛ(r)tʃ'ɛ ɸtīwerisɛ(n).

نېمە، ساراڭمۇ سەن، بۇ يەردىن ئۆتىۋېرىسەن؟ (مەكىت).

△ ɸlgɛnniŋ k'ɛjnidin ɸlgili bommajdu.

ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ. (مەكىت)

△ t'undzi balam ɸlɛp' k'ɛtk'ɛn.

تۇنجى بالام ئۆلۈپ كەتكەن. (مەكىت)

△ bā(r)ʁitʃ'iligim joq' t'uridu ~ t'urudu.

بارغۇچىلىكىم يوق تۇرىدۇ. (مەكىت)

△ t'ynygɛn dɛmməp t'ik'ɛnmɛ(n) bu gɛp'ni,

ɛmdi dɛj.

تۆنۆگۈن بۇ گەپنى دېيەلمەيتكەنمەن، ئەمدى دەي. (مەكىت)

△ minikk'ɛ k'ɸnyk' eʃɛk' bu.

مىنىككە كۆنۈك ئېشەك بۇ. (مەكىت)

△ ɛmgɛlmɛj lɸmʃyp' k'ɛliwat'isiza.

ئالدىرىماي لەلەڭلەپ كېلىۋاتىسىزا؟ (ئاقساقمارال)

△ iʃ t'ɛkk'ysiz bir nemik'ɛn.

ئىش تەگكۈسىز (مەنسەپ تەگكۈسىز) بىر نېمە ئىكەن.

(ئاقساقمارال)

△ hasini t'ej(i)nip' k'et'ip barimiʃ.

ھاسىنى تايىنىپ كېتىپ بارغۇدەك. (ئاقساقمارال)

△ eginniŋ omdini t'oluma, ʁizaniŋ omdini qoruma.

كىيىمنىڭ ياخشىسى تولۇما، تاماقنىڭ ياخشىسى قورۇما سەي— ماقال.

(ئاقساقمارال)

△ pa'q'iniŋ sozulʁini ɦɛrgiz zilanʁa oχʃimas.

q'eriniŋ jasanʁini ɦɛrgiz dzuganʁa oχʃimas.

پاقىنىڭ سوزۇلغىنى ھەرگىز يىلانغا ئوخشىماس،

قېرىنىڭ ياسانغىنى ھەرگىز جۇۋانغا ئوخشىماس — ماقال.

(ئاقساقمارال)

△ ɦajdajtq'an nemini ɦarwa dɛj'tt'uq'.

ھەيدەيدىغان نەرسىنى ھارۋا دەيتتۇق. (ئاقساقمارال)

bā(r)tʃ'uʁumniŋ t'aʁliri,
jemiʃ p'urajdu baʁliri·
q'ā(j)si k'ɸŋlymdin k'et'ɛ̄du(r),
tʃ'inidɛ q'ujʁan tʃ'ajliri·

بارچۇقۇمنىڭ تاغلىرى،
يېمىش پۇرايدۇ باغلىرى.
قايسى كۆڭلۈمدىن كېتەدۇر،
چىنىدە قۇيغان چايلىرى.

(ئاقساقمارال)

△ ojun bilɛ̄(n) bommaj· ɸjniŋ iʃiʁa q'at'niʃiŋlā(r)·

ئويۇن بىلەن بولماي، ئۆينىڭ ئىشلىرىغا قاتنىشىڭلار.
(ئاقساقمارال)

△ ɸlym iʃidin q'att'iq' iʃ joq' dɛjmiz·

ئۆلۈم ئىشىدىن قاتتىق ئىش يوق، دەيمىز. (ئاقساقمارال)

△ bɸri k'elip' q'ojni q'iriwɛtt'i·

بۆرە كېلىپ قوينى قىرىۋەتتى. (ئاقساقمارال)

△ q'ilʁuluq'ni q'ildiŋ, ɛmdi t'eniwā(l)ʁan nemɛ iʃ·

قىلغۇلۇقنى قىلدىڭ، ئەمدى تېنىۋالغان نېمە ئىش؟ (ئاقساقمارال)

△ k'indigi tʃ'yʃk'ɛndin k'ejin at' q'ojudu·

(بالىنىڭ) كىندىكى چۈشكەندىن كېيىن ئات قويىدۇ.
(ئاقساقمارال)

△ bɛ̄(r)mɛjt'χan∼bɛ(r̄)mɛjt,q'an waq't'miz joq't'i·

...بەرمەيدىغان ۋاقتىمىز يوق ئىدى. (ئاقساقمارال)

△ at'niŋ k'ɛjnidin berip' at'ni ɛk'ɛ̄(l)sun.

ئاتنىڭ كەينىدىن بېرىپ ئاتنى ئەكەلسۇن. (ئاقساقمارال)

△ q'oʁun jesɛŋ k'asa jɛ,

t'ajaq' jesɛŋ ɦasa jɛ.

قوغۇن يېسەڭ كاسا (قىلىپ) يېگىن،

تاياق يېسەڭ ھاسا يېگىن — ماقال. (ئاقساقمارال)

## موغال شىۋىسى

موغال شىۋىسىدە سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇرلار يوپۇرغا ناھىيىسىگە قاراشلىق تېرىم يېزىسىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، يېقىنقى 40 — 50 يىلدىن بۇيان بۇ ئورۇننىڭ سۈيى كەمچىل بولغانلىقتىن، ئاستا - ئاستا شەرققە — يەكەن دەرياسىنى بويلاپ جايلاشقان ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ، سېرىقبۇيا، چۇقۇرچاق ھەتتا ئاقساقمارال قاتارلىق جايلارغا يۆتكىلىپ كەتكەن. ھازىر چۇقۇرچاق يېزىسىغا قاراشلىق سەككىز كەنتنىڭ ئالتىسى ئەنە شۇنداق موغاللاردىن تەركىب تاپقان.

مەكىت ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا ئولتۇراقلاشقان دولانلار (دولان ئۇيغۇرلىرى)نىڭ «موغال دولان» ياكى «تاسقىما دولان» دەپ ئاتالغىنىغا قارىغاندا، موغاللارنى خېلى بۇرۇندىنلا يەكەن دەرياسىنىڭ ئېقىنىنى بويلاپ جەنۇب تەرەپكە كۆچكەيگەن، شەرقىي جەنۇبتا، مەسىلەن، مەكىتتە دولانلار بىلەن ئارىلاشقان، دېيىشكە بولىدۇ.

بىزنىڭ 1986 - يىلى 10 - ئايدىكى تەكشۈرۈشىمىز

مەزكۇر چۇقۇرچاق يېزىسىدىكى ئالتە موغال كەنتىدىن گۈلباغ كەنتىنى نۇقتا قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان.

«موغال» دېگەن بۇ ئىسىم قەشقەر ۋە خوتەن تەۋەسىدە ئانچە ـ مۇنچە ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: خوتەن كېرىيە ناھىيىسىدە «moʁallā(r)» دېگەن بىر ئۆستەڭمۇ بار. بۇنىڭدىن موغاللارنىڭ يالغۇز يوپۇرغا ناھىيىسىدىلا ئەمەس، بەلكى جەنۇبتىكى بىر قىسىم جايلارغىمۇ تارقالغانلىقىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ.

لېكىن موغال شېۋىسى بىر شېۋە سۈپىتىدە پەقەت يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ تېرىم يېزىسىدا ساقلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ باقمىغان.

موغال ئۇيغۇرلىرى قەشقەر ئۇيغۇرلىرىغا نىسبەتەن، تېررىتورىيە، نوپۇس، مەدەنىيەت، ئىقتىساد قاتارلىق جەھەتلەردە بىرقەدەر تۆۋەن تۇرىدۇ. شۇڭا موغال شېۋىسى غەربىتە قەشقەر شېۋىسىنىڭ، شەرقتە تارىم شېۋىسىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا بىر تىل قاتلىمى بولۇپ قالغان. لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بەزى خۇسۇسىيەتلەرنى ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتقىنىغا قاراپ بۈگۈنكى كۈندە ھەتتا ئاتۇش شېۋىسىچىلىك دائىرىدە قوللىنىلمىسىمۇ، ئۇنى «موغال شېۋىسى» دەپ كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق تاپتۇق. ئەمەلىيەتتە ئۇنى تارىم شېۋىسى دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ بېقىندى شېۋە، دەپ قارىسىمۇ بولىدۇ.

«تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كورگاننىڭ كىتابىنىڭ بىرىنچى قىسمىنىڭ خاتىمىسىدە، بۇ تارىخنى يېزىشتىكى مۇددىئالىرىنى سۆزلەپ ئۆتكەندىن كېيىن «...موغوللاردىن ھازىر يەنە 30 مىڭچە ئادەم تۇرپان ۋە قەشقەر ئەتراپىدا ئولتۇرىدۇ»① دەپ بەرگەن مەلۇماتىغا ۋە

① «تارىخى رەشىدى» خەنزۇچە تەرجىمىسى، 376 - بەت، 1985 - يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

«تارىخى رەشىدى» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمانلىرىنىڭ موغۇللار-
نىڭ ئېتنىك تەركىبى توغرىسىدا توختىلىپ: «...بۇ تارىختا
بايان قىلىنىۋاتقان موڭغۇللار ئۇلارنىڭ غەربىدىكى قوشنا
قەبىلىلەر تەرىپىدىن ‹موغۇلىستان ئاھالىسى› دەپ ئاتىلىۋاتقان
ئاھالىنىڭ بىر قىسمىدۇر، ئۇلار بىز بايان قىلىنىۋاتقان بىر
دەۋردە يەنىلا موڭغۇل، ئەمما تىل ۋە قان سىستېمىسى جەھەتتىن
ئارىلاشقان بولغاچقا، بەلكىم تۈركىيلىشىپ كەتكەن»① دېگەن
مۇلاھىزىلىرىگە ۋە قەشقەر شېۋىسىدە بىرىنچى بوغۇمدا [o]
كەلگەن بەزى سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى [u] ئورنىغا
[a] قوللىنىدىغان خۇسۇسىيىتى (مەسىلەن، «bojun» ئەمەس،
«bojan»، «oʁul» ئەمەس، «oʁal») گە ئاساسەن، «موغال»
دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ «موغول» سۆزىدىن كەلگەنلىكىنى، بىز
بايان قىلىنىۋاتقان موغال ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەسلىدە تۇغلۇق تۆمۈر
بەرپا قىلغان دۆلەت — موغۇلىستاننىڭ ئاھالىسىدىن ئىكەنلى-
كىنى، يەنى تۇغلۇق تۆمۈر بىللەن بىللە (1354 - يىلى)
ئىسلامغا كىرگەن 120 مىڭ كىشىنىڭ ئەۋلادلىرى
ئىكەنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرەلەيمىز. مۇنداق قاراش موغاللارنىڭ
ئۆزلىرىنى مۇندىن 650 يىل بۇرۇن مونغولىيە (موغولىس-
تان) دىن كەلگەن، مۇندىن 450 يىل بۇرۇن ئىسلامغا كىرگە-
نىكەنمىز، دېگەن رىۋايەتلىرىگە ئەينەن بولمىسىمۇ ئاساسەن
يېقىن كېلىدۇ.

لېكىن، «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمانلىرى
«موغول» دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ ئېتنوگرافىيىلىك نام تەرىقىسىدە
قوللىنىلغىنىدىمۇ دائىم خاتا ئىشلىتىلگەنلىكىنى، بەزى تارىخىي
دەۋرلەردە بەك كېڭەيتىۋېتىلىپ، نۇرغۇنلىغان ساپ تۈركىي
تىللىق قوۋملارنى ۋە باشقا قوۋملارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ

① مەزكۇر كىتاب، 99 - بەت، تەرجىماننىڭ ئىزاھى.

كەتكەنلىكىنى، موغول قوۋمى بولمىغان كۆپ ئاھالىنىڭمۇ موغول ئاتىلىپ كەتكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ.①

بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بىزگە ھازىرقى قەشقەر ئەتراپىدىكى موغاللارنىڭ تارىختا بايان قىلىنىۋاتقان دەۋردە ئۆز ئىچىگە باشقا قوۋملارنى ئالغان - ئالمىغانلىقى مەلۇم ئەمەس. لېكىن موغال شېۋىسىدە لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار ئاھاڭداشلىقىنىڭ قەشقەر شېۋىسىگە نىسبەتەن كۈچلۈكلۈكى، ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئوتتۇرىسىدىكى [q‘]، [k‘]، [p‘] لارنىڭ مۇقىم ئەمەسلىكىدىن ئالغاندا، ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شىمالىي شېۋىلىرىگە يېقىن تۇرىدۇ. شۇڭا ھازىرقى موغال ئۇيغۇرلىرى تەركىبىدە شىمالدىكى قەبىلە ئادەملىرىمۇ بولغان دېيىش مۇمكىن. ئۇلار قەشقەر ئەتراپىغا مۇشۇ تىل ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كەلگەن ۋە ئۇنى مۇشۇ بىرقانچە ئەسىر داۋامىدا ساقلاپ كەلگەن؛ موغال ئۇيغۇرلىرىدا باشقا ئۇيغۇر رايونلىرىدا قوللىنىلىدىغان «t‘or — بېلىق تۇتىدىغان تور؛ تۈركىي تىللارغا خاس سۆز» ئورنىغا مونغۇلچە «gelmɛ» سۆزىنىڭ قوللىنىلغانلىقىغا قارىغاندا، بۇلارنىڭ تەركىبىدە مونغول قەبىلىلىرىنىڭ بولغانلىقىنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايدۇ.

«تارىخى رەشىدى» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمانلىرىنىڭ تۈۋەندىكى مۇلاھىزىلىرىگە قارىغاندا، موغاللارنىڭ بۇ جايغا XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كەلگەنلىكىنى تەخمىنلەش مۇمكىن.

«...ئالتەشەھەردە ئورۇنلىغان موغول بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى تىيانشاننىڭ غەرب تەرىپىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىكى سايلاردىن باشقا بۇ رايون مەيلى قايسى جەھەتتە

① مەزكۇر كىتاب، 105 - بەت، تەرجىمانلار تەرىپىدىن يېزىلغان «كىرىش» نىڭ تۆتىنچى بابى.

بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىغا ماس ئەمەس. 1514 ـ يىلى سۇلتان سەئىدخان قەشقەرنى ئالغاندا، بەلكىم بەزى موغۇللار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن، لېكىن ئۇ چاغدا موغۇل ـ لارنىڭ سانى ھەتتا موغۇلىستاندىمۇ بۇرۇنقىدىن ئازىيىپ كەتكەنىدى، شۇڭا بىرقانچە يىل كېيىن 1525 — 1526 يىللىرى سۇلتان سەئىدخان قالدۇق قىسىملىرىنى باشلاپ قەدىمكى يۇرتىدىن ئايرىلىپ قەشقەر ئەتراپىدىكى تاغلاردا قىرغىزلاردىن يوشۇرۇنۇپ يۈرگەندە قالغان ئادەملىرى ساناقلىقلا بولۇپ، ئۇلارنى ئالتە شەھەر ئاھالىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى دېگىلى بولمايتتى.»①

مىرزا مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ «...موغۇللاردىن يەنە 30 مىڭ كىشى...» دەپ «يەنە» سۆزىنى ئىشلىتىشىنى ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن ئىنگلىزچە تەرجىمانلارنىڭ مۇلاھىزە قىلغىنىدەك، XVI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە كۆچى ئاجىزلىشىپ، نوپۇسى جىددىي ئازىيىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تەدرىجىي يوقىتىپ بىر مىللەت (خەلق) سۈپىتىدە تۈگەپ كېتىشۋاتقانلىقىنىڭ② بىشارىتى، دېيىش مۇمكىن.

ھازىرغا قەدەر بۇلاردىن توپ ئولتۇراقلاشقان يوپۇرغا ناھىيە موغال تېرىمىدىكى موغاللاردىن باشقىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تارىختىكى نامىنىمۇ، شېۋە ئالاھىدىلىكىنىمۇ ساقلاپ قالمىغان. موغال تېرىمىدىكى موغال شېۋىسى بولسا، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ھازىر بىر تىل قاتلىمى بولۇپ قالغان.

موغاللارنىڭ ئېيتىشىچە، موغاللارنى ئىسلام دىنىغا كىر ـ

① مەزكۇر كىتاب، 112 ـ بەت، تەرجىمانلار تەرىپىدىن يېزىلغان «كىرىش» نىڭ تۆتىنچى بابى.

② مەزكۇر كىتاب، 89 ـ ۋە 112 ـ بەتلەر، تەرجىمانلار تەرىپىدىن يېزىلغان «كىرىش» نىڭ تۆتىنچى بابى.

گۆزگۆچى كىشى دەھبىتىلىك موللا زىيىنىم قۇل دېگەن كىشى بولۇپ، ھازىرقى تېرىم يېزىسىنىڭ موغال كەنتىدىكى «ئاخۇنلۇقۇم» دەپ ئاتىلىدىغان مازار شۇ كىشىنىڭ مازىرى ئىكەن.

موغال خەلقىنىڭ بۇ زاتقا بولغان ئېتىقادى ۋە ھۆرمىتى شۇنچىلىك دەرىجىدىكى، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇلار بىر نەرسىدىن قورققاندا ياكى بىر نەرسىدىن ھاياجانلانغاندا ئېيتىلىدىغان «ۋاي جان، ۋاي ئانام، ۋاي خۇدايىمەي» دېگەندەك ئۈندەش سۆزلەرنىڭ ئورنىغا «ۋاي ئاخۇنلۇقۇم» دېيىشىدۇ.

موغال خەلقىدە ئىسلام كېيىنرەك سۇسلاشقان بولسا كېرەك، ئاپپاق خوجىنىڭ ئەمرى بىلەن (؟) ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن خوجا ھاشىم خوجا موغالغا كېلىپ ئىسلامنى كۈچەيتكەن، دېگەن رىۋايەت بار.

ئاق تاغلىق خوجىلار نەسەبنامىسىگە ئاساسلانغاندا، ھىدايىتۇللا ئاپپاقنىڭ ئەۋلادى ئىچىدە «ھاشىم» ئىسىملىك شەخستىن ئىككىسى بار. بىرى بۇرھانىددىن خوجا (ھىدايىتۇللانىڭ پەي نەۋرىسى) نىڭ ئابدۇلخالىق دېگەن ئوغلىنىڭ نەۋرىسى ھاشىم، يەنە بىرى سامساق دېگەن ئوغلىنىڭ پەي نەۋرىسى ھاشىم.①

بۇ يەردىكى خوجا ھاشىم خوجىنىڭ ئالدىنقى ھاشىم بولۇش ئېھتىمالى كۆپرەك. كېيىنكى ھاشىم دەپ پەرەز قىلىنسا، موغاللارنىڭ ئىسلامغا كىرىشىدىن بەك كېيىن بولۇپ قالىدۇ.

موغاللار ھازىر ئەتراپتىكىلەرنى ئۆزلىرىگە نىسبەتەن ئىسلامدا بوشراق ھېسابلايدۇ. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئۆرپ - ئادەتلىرى باشقا ئۇيغۇرلاردىن پەرقلىق. مەسىلەن: ئادەم ۋە مال - چارۋىلارنىڭ ئىسەنلىكى ئۈچۈن نۆكچە قاراش، سەپەرگە چىقىش

① ئۆمەرجان روزى، ئاق تاغلىق خوجىلار نەسەبنامىسى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئىچكى ژۇرنال، 1986 - يىل 1 — 2 سان.

ئالدىدا ۋە سەپەردىن كەلگەندە بوۋى (ئۈسرىق) سېلىش،
ئافرىقلارنى ئوت بىلەن ئۇچۇقلاپ، ئوت كۆچۈرۈپ داۋالاش،
كېلىنلەرنى ئوت ئاتلىتىپ ئەكىرىش، ھەر يىلى تېرىلغۇ ۋاقتىدا
تېرىلغۇنىڭ ئوخشايدىغان، ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئۈچۈن پال
سېلىپ كۆرۈش (بۇ پال باشقا پاللارغا ئوخشاشمايدۇ...)،
بازاردىن يېڭى ئالغان مالنىڭ ئۆزىگە قۇتاپ قېلىشى ئۈچۈن
نەزىر بېرىش، مۇنداق مالنى قايتا بازارغا ساتقىلى ئاپارسا،
باشقىلارنىڭ ئالمايدىغانلىقى قاتارلىقلار... ئۇلارنىڭ ھازىرقى
ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

موغال ئۇيغۇرلىرى خېلى بۇرۇنقى ۋاقىتلارغىچىلىك سىرتقا
قىز بەرمىگەن ۋە سىرتتىن قىز ئالمىغان، يەنى ئۆزلىرىنى
باشقا ئۇيغۇر رايونلىرىدىن مۇداپىئە قىلغاندەك پوزىتسىيىدە
تۇرغان. مانا مۇشۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ قەشقەر شېۋىسىنىڭ
تەسىرىگە ئۇچرىسىمۇ، يەنىلا ئۆز شېۋىسىنىڭ بەزى مۇھىم
ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ كېلىشىگە سەۋەب بولغان بولۇشى
مۇمكىن.

## موغال شېۋىسىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى

موغال شېۋىسى يۇقىرىدىكى ئىككى ئۆلچەمنىڭ بىرىنچىسى
بويىچە ئەدەبىي تىلغا ئوخشىشىدۇ. پۈتمىگەن سۈپەتداش فورمىسى
جەھەتتە ھەم ئەدەبىي تىلغا، ھەم خوتەن دىئالېكتىغا ئوخ-
شىشىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| barimɛn | بارىمەن |
| k'elimɛn~kIlimɛn | كېلىمەن. |
| maŋalajtq'an~ | ماڭالايدىغان |

maŋalajdiʁan.

△ t‘ɛŋ k‘elɛmmɛjtq‘an oχʃajmɛn.

تەڭ كېلەلمەيدىغان ئوخشايمەن.

△ q‘onu k‘elidiʁan bo(l)sa.

قونۇشقا كېلىدىغان بولسا...

باشقا خۇسۇسىيەتلىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن:

① سۆز بېشىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا [ɦ] كۆپىيىش ھادىسىسى قەشقەرگە نىسبەتەن كەمرەك. مەسىلەن:

| موغال شېۋىسى | | قەشقەر شېۋىسى |
|---|---|---|
| abdiriʃit‘ | (كىشى ئىسمى) | ɦabdiriʃit‘ |
| ablɛɦɛt‘ | ( 〃 〃 ) | ɦablɛ(ɦɛ)t‘ |
| jysyp‘ | ( 〃 〃 ) | ɦysyp‘ |
| jyz | (ئەزا. سان) | ɦyz |

② لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى قەشقەر شېۋىسىگە نىسبەتەن كۈچلۈك. مەسىلەن:

| موغال شېۋىسى | | قەشقەرشېۋىسى |
|---|---|---|
| t‘oq‘q‘uz | (توققۇز) | t‘oqq‘az |
| orun | (ئورۇن) | oran |
| oʁul | (ئوغۇل) | oʁal |
| ɸt‘yk‘ | (ئۆتۈك) | ɸt‘ɛk |
| ɸlym | (ئۆلۈم) | ɸlɛm |
| soq‘uʃ | (سوقۇش) | soq‘aʃ |
| q‘olum | (قولۇم) | q‘olam |
| k‘ɸzym | (كۆزۈم) | k‘ɸzɛm |

bolup‘ (بولۇپ) bolap‘

bølyp‘ (بۆلۈپ) bølɛp‘

③ بەزى سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدا [o]، [ø] تاۋۇشلىرى كېلىدۇ. مەسىلەن:

mozoj nogoj soʁoq‘ osol

④ ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىلىقىدىكى [k‘]، [q‘] [p‘] تاۋۇشلىرى [ʁ]، [q‘] [w] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

t‘ajaq, — tajiʁim· ɦesap‘ — ɦesawi

zilik‘ — ziligi

⑤ هازىرقى — كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ بىرىنچى شەخس سوراق شەكلى «m - am//، -ɛm -» فورمىلىرى بىلەن ئىپادىلەنمەي، شەخس قوشۇمچىسىدىن كېيىن «mu -» قوشۇلۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

barimɛn barimɛnmu

barimiz barimizmu

⑥ ئاددىي ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ بىرىنچى شەخس كۆپلۈكى ئۈچۈن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاهاڭداشلىق قانۇنى بويىچە «duq‘ -، t‘uq‘ - // dyk‘ -، t‘yk‘ -» قوشۇمچىلىرى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

bā(r)duq‘ k‘ɛldyk‘

بۇ پېئىلنىڭ ئىككىنچى شەخس سىپايە تۈرىدە شەخس قوشۇمچىسىدىن ئالدىن زامان مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «di -» قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

bā(r)dila (bā(rdi)la ~ bālla ئەمەس)

k'ɛldilɛ (k'ɛl(di)lɛ (ئەمەس

⑦ «miʃ» -» فورمىسى قوللىنىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا سۆپەتداشتىن كېيىن «ik'ɛn» قوشۇپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

bā(r)ʁan ik'ɛn.

⑧ «q'il -» ياردەمچى پېئىلى ئورنىدا تارىم شېۋىسىدىكىدەك كۆپىنچە «-Et' <- ɛt'» ياردەمچى پېئىلى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

△ t·ojmu EtmigEn. تويمۇ قىلمىغان.

△ k'ep'Ez q'ona'ni p'ul eti'p'

كېۋەز قوناقنى پۇل قىلىپ...

△ jɛ(r) etiwa(l)sila.

يەر قىلىۋالسىلا.

⑨ يېپىق بوغۇملاردىكى، [ɛ] تاۋۇشى بەزى ھاللاردا (شەرتسىز) ئاتۇش شېۋىسىدىكىدەك [E] گە مايىل ئېيتىلىپ قالىدۇ. بۇ ھادىسە مەيلى قەشقەر، مەيلى دولان شېۋىسىدە يوق. مەسىلەن:

dEjdu. دەيدۇ.

tʃ'ī(r)gyzmEjtt'uq' كىرگۈزمەيتتۇق.

jEtt'ɛ يەتتە

bilmEjmiz بىلمەيمىز

mEjli مەيلى

Endʐɛ ئۆنچە، بوغداينىڭ ئۆنچىسى.

لېكسىكىلىق جەھەتتىن ئالغاندا، موغال شېۋىسىدە app·a

(ھەدە، ئاچا)، ejik'mEjdu (ئاينىمايدۇ، ,اۋاج تاپمايدۇ)، tʃ'apit'a Ett'yk' (يىت سالدۇق)، bojnalma (ئاتقا تاشلايـ دىغان سالما)، maliq'ajlaʃmaq' (لاغايلاشماق)، gelmɛ (بېلىق تۇتىدىغان تور — موگغۇلچە) قاتارلىق سۆزلەر بار.*

موغال شىۋىسىدىن تېكىستلار:

△ on t'ϕt' zil bɛg bolalip' andin t'aʃiwet'ipt'ik'ɛn.

ئون تۆت يىل بەگ بولۇپ، ئاندىن تاشلىۋېتىپتىكەن.

△ jeʃimʁa q'a(r)liʁanda bɛlɛn t'ū(r)dum.

يېشىمغا قارىغاندا ياخشى تۇردۇم.

△ ϕ'jniŋ χɛ̄(r)dzi q'erimajdik'ɛn.

ئۆيىنىڭ خەرجى (خراجىتى) قېرىمايدىكەن.

△ seniŋ bojnuŋʁa tʃ'yʃ'yp' q'ammisun.

سېنىڭ بويۇنۇڭغا چۈشۈپ قالمىسۇن.

△ jaman gɛp' q'ilidiʁan iʃni q'immadɛp' t'urimɛ̄(n).

يامان گەپ قىلىدىغان ئىشنى قىلما، دەپ تۇرىمەن،

△ birɛ(r) p'aq'lanʁa k'utʃ'i jɛt'mɛjdiʁan ɛdɛm bu zutt'in tʃ'iket'idu

بىرەر پاقلانغا كۈچى يەتمەيدىغان ئادەم بۇ يۇرتتىن چىقىپ كېتىدۇ.

△ marɛk' et'itk'ɛn.

مۇبارەكلەيدىكەن.

△ aχunum, belɛt'ni e(li)p' q'ojupt'um, sizli

---

* بىز ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن موغال شىۋىسىنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلى كىنى ئانچە تەكشۈرۈپ كېتەلمىدۇق. ئۇندىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئالاھىدە سۆزلىرى بولۇشى مۇمكىن.

k'ɸrɛmt'ilɛ, k'ɸ̄(r)mɛ'mt'ilɛ?

ئاخۇنۇم، بېلەتنى ئېلىپ قويۇۋېدىم، سىلى كۆرەمتىلە، كۆرمەمتىلە؟

△ gulwaʁ dɛjtq'an mazirimiz bā(r).

گۈلۋاغ دەيدىغان مازىرىمىز بار.

△ q'ilaj desɛ q'ilidu.

قىلاي دېسە قىلىدۇ.

△ ʃu jɛ(r)gɛ siʁinip' k'et'idiʁan iʃ bejdi.

شۇ يەرگە سىغىنىپ (تاۋاب قىلىپ) كېتىدىغان ئىش بار ئىدى.

△ bir k'am jɛt'miʃ zil bo(lu)pt'u, at'am alɛm-din janʁili.

ئاتام ئالەمدىن ئۆتكىلى بىر كەم يەتمىش يىل بولۇپتۇ.

△ bir q'udam baritt'i.

بىر قۇدام بار ئىدى.

△ iʃq'a tʃ'yʃytq'an bolduq'.

ئىشقا چۈشىدىغان بولدۇق.

△ u jɛ(r)mu jawaʃt'imu ja?

ئۇ يەرمۇ ياۋاشلىدىمۇ يا؟

△ k'eliwzɛ bu jɛ̄(r)dɛ olt'urup' q'alduq'.

كېلىپزە بۇ يەردە ئولتۇرۇپ قالدۇق.

△ k'ɸz ẓuɯuʃlawat'idu.

كۆز يۇمۇشلاۋاتىدۇ.

△ ḥasa ṭe'jinip' t'urup' t'ɸp'ysitʃ'ɛ ɸt'sɛ ɸlitt'i.

هاسا تايىنىپ تۆرۈپ تۆپىسىدىن ئۆتسە ئۆلەتتى.

△ oʁlaq‘ ojnap‘ k‘ɛ(li)p‘ jyryjmiz.

ئوغلاق ئويناپ كېلىپ يۈرىمىز.

△ lɛŋnimu moʁa alitt‘i…

لەڭ (يەر بېجى)نىمۇ مو (بېشى) غا ئالاتتى.

△ p‘ul t‘ap‘saŋlā(r) boludu dept‘i…

پۇل تاپساڭلار بولىدۇ، دېيىشىدى…

△ uzatq‘ili bommajtk‘ɛn.

ئۇزاتقىلى بولمايدىكەن.

△ jɛtt‘ɛ balam batt‘i.

يەتتە بالام بار ئىدى.

△ jat‘ilq‘ q‘immidim.

ياتلىق قىلمىدىم.

△ ɸzɛmniŋ iʃini q‘ilʁutʃ‘ilik‘ k‘utʃ‘um bolʁandiki…

ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى قىلغۇچىلىك كۈچۈم بولغاندىن كېيىن…

△ jumʃaʁraq‘ bij nan t‘ap‘sa…

يۇمشاقراق بىر نان تاپسا…

△ baj bō(l)ʁatʃ‘ p‘ul t‘apq‘atʃ‘ ɦɛmmisi t‘ygɛp‘ k‘et‘idu.

باي بولۇش. پۇل تېپىش بىلەن ھەممىسى تۈگەپ كېتىدۇ.

△ …dɛp‘ k‘eliʃip‘la dasq‘an se(li)p‘ baq‘im‘iz

…دەپ كېلىشىپلا، داستىخان سېلىپ باقىمىز.

△ p'aq'lan sojup' bɛ̄(r)mɛmdiʁan.

پاقلان سويۇپ بەرمەمدىغان؟

△ jɛjdiʁinimu bejk'ɛn.

يەيدىغىنىمۇ بار ئىكەن.

△ k'igizgɛ gul basitq'an.

كىگىزگە گۈل باسىدىغان.

△ t'oχumiz bó(l)sa k'ak'ilitip' un elip' jɛjmiz.

توخۇيىمىز بولسا، تۇغدۇرۇپ ئۇن ئېلىپ يەيمىز.

△ sawawliʁi k'amlap' q'alidu.

....ساۋابلىقى كەمرەك بولۇپ قالىدۇ.

△ jajmidap' q'ojduq'.

(تاغارنىڭ ئاغزىنى) لىپمۇلىق قىلىپ تولدۇرۇپ قويدۇق.

△ namazʁa barili.

نامازغا بارايلى.

△ k'ɛp'tɛ̄(r)ni p'ɛʁɛ̄zdin utʃ'urwatt'uq'

كەپتەرنى پەغەز (قونداق) دىن ئۇچۇرۇۋاتتۇق.

△ gal dɛpt'ik'ɛn. iʃt'ik' dɛp' q'ojsa t'ojʁazʁili bommajtk'ɛn.

(گالنى) گال دەپتىكەن، ئىتتىك دەپ قويسا، تويغۇزغىلى بولمايدىكەن.

△ q'oluŋdikini jɛ̄(r)gɛ t'aʃ(l)iwat'a.

قولۇڭدىكىنى يەرگە تاشلىۋاتا.

△ bir meŋip't'ik'ɛnmɛ(n) bijdɛmdɛ k'ɛldim.

بىز مېگىپتىكەنمەن، بىردەمدە كەلدىم؛

△ biz k'ɛmmɛpt'yk', mɛdzlis etʃ'lmidi.

بىز كەلمىۋىدۇق، مەجلىس ئېچىلمىدى.

△ mɛn bɛʃ jaʃta q'apt'ik'ɛnmɛn.

مەن (ئانامدىن) بەش ياشتا قاپتىكەنمەن.

△ bir nɛrsidin q'ó(r)q'sa waj aχunluʁum dɛjtti'.

بىر نەرسىدىن قورقسا «ۋاي ئاخۇنلۇقۇم» دەيتتى.

△ maliq'ajliʃip' k'et'itt'uq'.

لاغايلىشىپ كېتەتتۇق.

△ bij ɦalu salɛ bal(i)lā(r) dɛjmiz

بىر ئوت (ئالاۋ) يېقىڭلار بالىلار دەيمىز.

## 9) كۇچا شېۋىسى

كۇچا شېۋىسى كۇچا، باي، شايار، توقسۇ قاتارلىق ناھى-
يىلەردە قوللىنىلىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورۇنلىشىشى جەھەتتىن ئالغاندا،
ئۇ شەرقىي شىمالدا تۇرپان شېۋىسى، شەرقىي جەنۇبتا لوپنۇر
دىئالېكتى، غەربتە تارىم شېۋىسى، جەنۇبتا خوتەن دىئالېكتى
بىلەن تۇتىشىدۇ. بىراق كۇچا رايونلىرىنى خوتەن بىلەن كەڭ
چۆل ئايرىپ تۇرغاچقا، خوتەن بىلەن بولغان كېلىش - بېرىش
باشقا قوشنا رايونلىرىدەك قويۇق ئەمەس.

تىل ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىن ئالغاندا، كۇچا شېۋىسى
كۆپىنچە تارىم شېۋىسىنىڭ تەسىرىدە تۇرىدۇ، شۇڭا كۇچا شېۋى-
سىنى تارىم شېۋىسىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ئۇنى بېقىندى

شېۋە دەپ ئاتىسىمۇ بولىدۇ. كۇچا شېۋىسى يۇقىرىقى ئىككى ئۆلچەم بويىچە ئەدەبىي تىلغا ئوخشىشىدۇ.

كۇچا جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ قاتناش تۈگۈنى بولغاچقا، مەيلى تارىخىي جەھەتتىن ئالغاندا، مەيلى ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا كۇچا شېۋىسىنىڭ قەشقەر شېۋىسىنىڭ بەزى تەسىرلىرىگە يولۇققانلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: سۆز بېشىدىكى [j] نىڭ [z] بىلەن نۆۋەتلىشىشى، بەزى سۆزلەرنىڭ بېشىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا بىر [ɦ] نىڭ كۆپىيىشى، m//l ئاسسىمىلياتسىيىسى قاتارلىقلارنى مۇشۇنداق تەسىرنىڭ مىسالى دېيىش مۇمكىن.

كۇچا شېۋىسىدە «r» سۈپەتداشقا «idi» ۋە ئاندىن شەخس قوشۇلۇپ ياسىلىدىغان ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئىككىنچى شەخس سىپايە تۈرىدە [l] فونېمىسىنىڭ [ɬ] غا يېقىن ۋارىيانتى ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| alitɬε | ئالاتتىلا | (سىلى) |
| jεjtɬε | يەيتتىلە | |
| k'ørytɬε | كۆرەتتىلە | |
| bolutɬε | بولاتتىلا | |

كۇچا شېۋىسىدە سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [ε] تاۋۇشى كۆپىنچە [I] غا ئاجىزلاشسىمۇ، بەزى ھاللاردا ئاجىزلاشماسلىقى ياكى [E] غا ئاجىزلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. بۇ ھال يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىدە مۇشۇ ئاجىزلىشىش جەريانىنىڭ تېخى تاماملانمىغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر. مەسىلەن:

ئاجىزلاشمىغانلىغا

| | |
|---|---|
| k'εwεz | كېۋەز |
| t'εr'εk' | تېرەك |

[E] غا ئاجىزلاشقانغا:

| | |
|---|---|
| k'Esɛl | كېسەل |
| k'Ep'ɛk' | كېپەك |
| k'Esɛk' | كېسەك |
| p'Elɛk' | پېلەك |
| k'Ek'ɛʃ | كېكەچ |
| k'Elɛr | كېلەر (ھايۋان) |
| tʃ'Elɛk' | چېلەك |

[I] غا ئاجىزلاشقانغا:

| | | |
|---|---|---|
| k'ɛt'- | k'ɪt'ip' boldi. | كېتىپ بولدى. |
| k'ɛr- | k'Irildim | كېرىلدىم. |
| bɛr- | bɪrip' q'ojdi. | بېرىپ قويدى. |
| tʃ'ɛt' | tʃ'it'i | چېتى |

تارىخىي جەھەتتە ئاجىزلىشىش جەريانىنى كەچۈرۈپ بولغان باشقا شېۋىلەردىكىدەك بىر قىسىم [ɛ] تاۋۇشى كۆپىنچە [I] ۋە [ø] تاۋۇشى بىلەن بەزىدە [i] ۋە [y] بىلەن ئۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ɪʃɛk' | ئېشەك | Igiz | ئېگىز |
| ɪt'ɛk' | ئېتەك | ɪgɛr | ئېگەر |
| iʃik' | ئىشىك | | |
| t'øʃyk' | تۆشۈك | bøʃyk | بۆشۈك |
| yryk' | ئۆرۈك | | |

كۇچا شېۋىسىدىكى z∼s//r ئۆۋەتلىشىشى، مەسىلەن، «k'iziŋ — كىرىڭ»، «k'isk'ɛtt'i — كىرىپ كەتتى»، «q'isim — قازاننىڭ قىرىقى (ئىلى شېۋىسىدىكى «q'ismaq<

«q'ïrmaq' بىلەن سىلىشتۇرۇلۇپ) ۋە «ak'a» سۆزىدىن كېيىن ھەرمەت ئۈچۈن «–tʃa'» نى قوشۇپ «ak'atʃ'a» دەپ قوللىنىش كۇچا شېۋىسىنىڭ سىستېمىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۇنى كۇچا شېۋىسىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلىرى قاتارىدا كۆرسىتىش ھاجەتسىز.

كۇچا شېۋىسىدىن بەزى مىساللار:

△ ikk'i eʁiz gıp'imni t'ıp'ip q'ilalimɛn·

ئىككى ئېغىز گېپىمنى تېپىپ قىلالايمەن.

△ t'iʃimigɛn oʁlaq'ni sɛ̄(r)k'ɛ dɛjmiz·

چىشى چىقمىغان ئوغلاقنى سەركە دەيمىز.

△ suʁa t'yʃyp' ojnawat'idu·

سۇغا چۈشۈپ ئويناۋاتىدۇ.

△ tʃ'ɸmyp' k'ɛtti'.

چۆكۈپ كەتتى.

△ ɦɛsiwini tʃ'iq'irammajwat'idu.

ھېسابىنى چىقىرالمايۋاتىدۇ.

△ k'izmɛfla, k'isip' ɸt'silɛ bommamdu?

كىرمەيتىلا، كىرىپ ئۆتسىلە بولمامدۇ؟

△ k'ɛ̄(l)sɛ k'ɛmmɛs jɛ̄(r)gɛ bā(r)majdiʁan.

كەلسە – كەلمەس يەرگە بارمايدىغان (بارمىغۇلۇق).

△ ɛsk'iligimgɛ t'aza aldim.

ئەسكىلىكىمگە تازا ئالدىم.

△ oniʁan- saniʁiniŋlā(r) bā(r)mu?

ئاتىغىنىڭلار بارمۇ؟

△ nanni t'oχiʁa ugut'u(p) p'ɛ̃(r).

نانىى توخۇغا ئۇۋىتىپ بەر.

△ buʁdajni dϕgiliwat'.

بۇغداينى دۆۋىلىۋەت.

△ zidi burunʁa k'iziwat'idu.

ھىدى بۇرۇنغا كىرىۋاتىدۇ.

△ nersɛ zyt'yp' k'ɛtt'i.

نەرسە يىتىپ كەتتى.

△ bu zigdɛk' jaʁatʃk'ɛn, ϕ̄(j)gɛ χɛr q'i(l)sa bȫ(l)ʁidɛk'.

بۇ يىكتەك (تۆز) ياغاچ ئىكەن، ئۆيگە لىم قىلسا بولغۇدەك.

△ zy(r)gili ytʃ' zil boldi.

... يۈرگىلى ئۈچ يىل بولدى.

△ t'onū(r)ʁa ot' jandū(r)

تونۇرغا ئوت ياق.

△ bij q'ur k'ϕryp' k'ɛldim.

بىر قۇر كۆرۈپ كەلدىم.

△ uʃq'usi q'att'iq'.

ئۇيقۇسى قاتتىق.

△ tʃ'oŋ bolup' q'aldi.

چوڭ بولۇپ قالدى.

△ meŋip' k'ɛmmɛk' asan ɛmɛs.

مېڭىپ كەلمەك ئاسان ئەمەس.

△ ɦɛdʐɛp' bij gɛp' q'ilidik'ɛnsilina.

ئەجەب بىر گەپ قىلىدىكەنسىلەر.

△ un t'ā(r)tq'ili k'ılidu.

ئۇن تارتقىلى كېلىدۇ.

△ jalʁan gɛp q'immajdu.

يالغان گەپ قىلمايدۇ.

△ osol, ɛski ɛdimik'ɛnsɛn.

ئوسال، ئەسكى ئادەم ئىكەنسەن.

△ tʃ'oŋlā(r)ni k'ɵ̄(r)sɛ salam q'ilidiʁan.

چوڭلارنى كۆرسە سالام قىلغۇلۇق.

△ beʃini oŋlap' q'ojili.

بېشىنى ئوڭلاپ قويايلى.

△ ʃamaldap', dzaŋdap' q'ept'imɛn.

شامالداپ، زۇكامداپ قاپتىمەن.

△ tʃ'oχrap' k'ıt'ipt'u, ajnimapt'u.

قاغجىراپ كېتىپتۇ، ئاينىماپتۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا مەركىزىي دىئالېكت تەركىبىگە كىرگەن سەككىز شېۋىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ھازىرقى - كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ بىرىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك فورمىسى: «a -، ɛ -» ۋەشداشلىرىدىن كېيىن + t'urur<tur<o + شەخس قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ.

barimɛn. k'elimiz.

پۈتمىگەن سۈپەتداش فورمىسى (تارىم، موغال شېۋىسىدە ھەم ئەدەبىي تىلدىكىدەك، ھەم خوتەن دىئالېكتىدەك قوللىنىلىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) «a -، ɛ -» رەۋىشداشلىرىدىن كېيىن + t'urur>t'ur>di + «-q'an ,-ʁan» قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ.

baridiʁan k‘elidiʁan.

تارىم ۋە موغال شېۋىسىدە:

baridiʁan ~ baritq‘an//barit‘χan.

k‘elidiʁan ~ k‘elitq‘an//k‘elit‘χan.

مەركىزىي دىئالېكت تەركىبىگە كىرگەن شېۋىلەر خېلى كۆپ تەكشۈرۈلگەن ۋە مەخسۇس ماقالىلەردە بايان قىلىنغان بولغاچقا، بىز مەركىزىي دىئالېكتنى باشقا دىئالېكتلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان مۇشۇ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلەردىن باشقا ھەرقايسى شېۋىلەر ئارا بولغان پەرقلەرنى ياكى بىر تۈركۈم شېۋىلەر بىلەن يەنە بىر تۈركۈم شېۋىلەر ئارا بولغان پەرقلەرنى، يەكەن، قاغىلىق شېۋىلىرىنى ئايرىم جەدۋەلدە كۆرسەتتۇق. مەركىزىي دىئالېكت تەۋەسىدىكى ھەرقايسى شېۋىلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنىڭ تەخمىنەن جايلىشىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىدىغان خەرىتىدە بايان قىلدۇق.

تۆۋەندە مەركىزىي دىئالېكتنىڭ جەنۇبىي چېگرىسىغا ئالاقىدار بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىمىز.

مەركىزىي دىئالېكتنىڭ جەنۇبىي چېگرىسى ئۈستىدە يۇقىرىدا توختالغىنىمىزدەك ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت. شۇڭا، يەكەن ۋە قاغىلىق شېۋىلىرى بىردە خوتەن دىئالېكتىغا، بىردە مەركىزىي دىئالېكتقا تەۋە دەپ ئايرىلىپ كەلدى.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، يەكەن ۋە قاغىلىق شېۋىلىرى ئەمەلىيەتتە ئارىلاش شېۋە. بۇ رايونلار مەركىزىي دىئالېكتنىڭ قەشقەر شېۋىسى بىلەن خوتەن دىئالېكتىنىڭ تۇتاشقان رايونى. يەكەن، قاغىلىق شېۋىلىرى ھازىرقى - كەلگۈسى زامان پېئىلنىڭ بىرىنچى شەخس فورمىسى جەھەتتىن مەركىزىي دىئالېكت

تەۋەسىدىكى باشقا شېۋىلەرگە ئوخشىشىدۇ. مەسىلەن:

كېلىمەن k'elimɛn بارىمەن bajimɛn

پۈتمىگەن سۈپەتداش فورمىسى جەھەتتىن خوتەن دىئا-
لېكتىغا ئوخشىشىدۇ. مەسىلەن:

كېلىدىغان k'elitq'an بارىدىغان bajitq'an

بۇلاردىن باشقا يەكەن، قاغىلىق شېۋىلىرىنىڭ مەركىزىي دىئالېكتقا تەۋە قەشقەر شېۋىسىگە ئوخشىشىدىغان نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىلەر:

① سۆز بېشىدا ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا z/j نۆۋەتلىشىشى بار.

يۈدۈمەك — zydy يىلان zilan يىل zil

② ئىزچىل ھازىرقى زامان پېئىلى فورمىسى «-jat'» سىنتېتىك فورمىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

ئىچىۋاتىدۇ itʃ'iwat'idu. كېلىۋاتىدۇ k'eliwat'idu.

③ سۆز بېشىدا كەلگەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىغا [ɦ] قوشۇلۇش ۋە سۆز بېشىدىكى [j] نىڭ [ɦ] بىلەن نۆۋەتلىشىشى بار.

تارىخىي جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ ھادىسە خوتەن دىئالېكتىنىڭ خۇسۇسىيىتى بولۇشى كېرەك ئىدى. مەھمۇت قەشقەرى بۇ ھەقتە «خوتەنلىكلەر بىلەن كەنچەكلەر سۆزنىڭ بېشىدىكى ‹ا — ئېلىف› نى ‹ه — ھا› [ɦ] غا ئالماشتۇرىدۇ، تۈركىي تىللاردا يوق بىر تاۋۇشنى كىرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن بىز ئۇلارنى تۈركلەردىن ھېسابلىمايمىز. مەسىلەن: تۈركلەر ‹ئاتا› نى ‹اَ تا — at'a› دېسە، ئۇلار ‹هَتا ɦat'a› دەيدۇ، تۈركلەر ‹ئانا› نى ‹اَ نا — ana› دېسە، ئۇلار ‹هَنا — ɦana› دەيدۇ»①

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە I توم 44 - بەت.

دىگەندى.

لېكىن «دىۋان» دەۋرىدىن ھازىرغىچە بولغان ئاز كەم 1000 يىل مابەينىدە بۇ شېۋىلەر ئارا جىق ئۆزگىرىشلەر بولدى. خوتەنلىكلەرنىڭ تىل خۇسۇسىيەتلىرىدىن بولغان [ɦ] لىنىشىش كۆپىنچە ئەينى دەۋردىكى خاقانىيە ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى بولغان قەشقەر ۋە ئاتۇش شېۋىلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى بولۇپ قالدى، ئەكسىچە بۇ ھادىسە خوتەندە كەمرەك ئۇچرايدىغان بولدى. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا يەكەن، قاغىلىق شېۋىلىرى خوتەن دىئالېكتىغا نىسبەتەن قەشقەر شېۋىسىگە يېقىن تۇرىدۇ. مەسىلەن:

| قاغىلىق | يەكەن | قەشقەر |
|---|---|---|
| ɦoʃuq‘ | ɦoʃuq‘ | ɦoʃuq (ئوشۇق) |
| ɦyz | ɦyz | ɦyz (يۈز، بەت) |
| ɦyz | ɦyz | ɦyz (يۈز، سان) |
| ɦoʃū(r)- | joʃū(r)- | ɦoʃū(r)- يوشۇر- |
| ɦϕt‘ɛl- | ɦϕt‘ɛl- | jϕt‘ɛl- يۆتەل- |
| ɦϕl | ɦϕl | jϕl ھۆل |
| | ɦȳ(r)k‘yp‘ | ɦȳ(r)k‘yp‘ ئۈركۈپ |
| | ɦϕlɛ- | jϕlɛ- يۆلە- |

④ «‘p-» رەۋىشداشتىن كېيىن «idi» قوشۇلغاندا، خوتەن دىئالېكتىدەك «‘p-» نىڭ جاراڭلىقلىشىشىمۇ مەۋجۇت، قەشقەر شېۋىسىدەك ئېيتىلىشىمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن:

| قاغىلىق | يەكەن | قەشقەر |
|---|---|---|
| k‘ept‘im | k‘ɛbdim∼k‘ɛpt‘im | k‘ɛpt‘im (كېلىۋىدىم) |
| apt‘im | ebdim∼apt‘im | apt‘im (ئېلىۋىدىم) |

t‘ujubdi∼ t‘ujupt‘i — t‘urupt‘i (تۇرۇۋىدى)

q‘ibdyk‘∼ q‘ipt‘uq‘. — q‘ipt‘uq‘ (قىلىۋىدۇق)

سوراق شەكلى:

| | | |
|---|---|---|
| k‘εp‘midim | k‘εp‘midim. | k‘εp‘midim |
| ap‘midim | ap‘midim. | ap‘midim. |

(بۇ ھەقتە مەركىزىي دىئالېكىت شېۋىلىرى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلغان جەدۋەلگە قاراڭ).

يەكەن، قاغىلىق شېۋىلىرىنىڭ خوتەن دىئالېكتىغا ئوخشىشىدىغان نۇقتىلىرى:

① r∼j/r ئۆزۈەتلىششى بار.

② ئىگىز سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ييىندىكى [r] تاۋۇش ياكى شۇ تاۋۇش كەلگەن بوغۇم چۈشۈپ قالىدۇ. مەسلەن:

| | |
|---|---|
| ȳ(ry)k‘ | ئۈرۈك |
| q‘itʃq‘ī(ri)p‘ | قىچقىرىپ |
| aʁī(ri)p‘ | ئاغرىپ |
| bū(ru)n | بۇرۇن (ئەزا) |
| q‘u(ru)p‘ q‘aldi | قۇرۇپ قالدى |
| zī(ri)ŋ | يىرىڭ |
| tʃ‘ȳ(ry)k‘ | چۈرۈك |

③ [l] تاۋۇشىنىڭ ئالدىدا بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن [t‘] تاۋۇش ياكى نەپەسسىز ئوقۇلىدۇ ياكى [ɦ] بىلەن ئۆزۈەتلىشىدۇ. ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا [l] تاۋۇشى [ɬ] بىلەن

ئۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| تاتلىق | t'aɦʨiʁ~t'aɦʨiq' |
| ئاتلاپ ئۆت | aɦʨap' ɸt' |
| ئاتلار (كۆپلۈك) | aɦʨā(r) |
| بارمايتتىلا | ba(r)majtʨɛ |
| ئالاتتىلا | alitʨɛ |

④ سۈپەتنىڭ سېلىشتۇرۇش دەرىجىسى «-jaq' ، -ɾaq'» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

⑤ پېئىلنىڭ ئاددىي ئۆتكەن زامان بىرىنچى شەخس فورمىسى ئۆچۈن بەزىدە «-t'am// -dam» فورمىلىرىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| بولدۇم | boldam |
| ئۆگىتىپ قويدۇم | △ ygyt'yp' q'ojdam. |

⑥ پېئىلنىڭ «k'ylyk' ،gylyk'//q'uluq' ،ʁuluq'» بىلەن ئىپادىلىنىدىغان زۆرۈرىيەت رايى بار.

⑦ پېئىلنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ رايى ئىككىنچى شەخس سىپايە تۈرى فورمىسى خوتەن دىئالېكتىدا ئوخشىشىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئۆزلىرى كەلسىلە. | △ ɸzliji k'ɛ̄(l)sɛʔ. |
| ۋېلسىپىتىم بار، كۆرسىلە. | △ welisip'it'im bā(r), k'ɸ(r)sɛʔ. |

⑧ مەجبۇرىي دەرىجە فورمىسى ئۆچۈن كۆپىنچە خوتەن دىئالېكتىدىكىدەك «t'yr ،t'ur//dyr ،dur» قوللىنىلىدۇ.

# مەركىزىي دىئالېكت تەركىبىدىكى شېۋىلەرنىڭ بىر قىسىم تىل خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە ئۆزئارا سېلىشتۇرمىسى

| | مەسىلىنىڭ كۆرۈلۈش ئەھۋالى / مەسىلىلەر / شېۋىلەر | تۇرپان | قۇمۇل | تارىم | كۇچا | موغال | ئىلى | قەشقەر | ئاتۇش | يەكەن | قاغىلىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| فونېتىكىلىق مەسىلىلەر | سۆز بېشىدا ئىگىز سوزۇق تاۋۇشلار ئالدىدا z/j نۆۋەتلىشىشى بار (+) يوق (−) | − | − | ± | ± | + | ± | + | + | + | + |
| | ʁ~g/w نۆۋەتلىشىشى بار (+) يوق (−) | + | + | + | + | − | ± | − | ± | − | − |
| | سۆز بېشىدا ئىگىز سوزۇق تاۋۇشلار ئالدىدا t‘/tʃ‘ نۆۋەتلىشىشى بار (+) يوق (−) | + | − | ± | − | + | + | + | + | + | + |
| | سۆز ئاخىرىدا [g]،[ʁ] تاۋۇشلىرىنىڭ ساقلىنىشى (+) ساقلانماسلىقى (−) | − | − | − | − | ± | − | + | + | + | + |
| | ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىلىقىدا [q‘]،[k‘]،[p‘] تاۋۇشلىرىنىڭ تۇراقلىقلىقى (+) تۇراقسىزلىقى (−) | − | − | − | − | − | − | + | + | + | + |
| | τ/r نۆۋەتلىشىش بار (+) يوق (−) | + | + | − | − | − | − | − | − | τ~j//r | τ~j//r |
| | سۆز بېشىدا سوزۇق تاۋۇشلار ئالدىدا [ɦ] تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇشى (+) قوشۇلماسلىقى (−) | ± | | ± | ± | ± | ± | + | + | + | + |
| | سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [a]،[ɛ] نىڭ ئاجىزلىشىشى (+) ئاجىزلاشماسلىقى (−) | + | + | + | + | + | + | + | + | + | + |
| | u — o، y — ɸ قورۇلمىسىدا كەلگەن سۆزلەرنىڭ a — o، ɛ — ɸ قورۇلمىسى بىلەن ئالمىشىشى (+)، ئالماشماسلىقى (−) | − | − | − | − | − | − | + | + | + | + |
| | بىر قىسىم سۆزلەردىكى [k‘]، [g] تاۋۇشلىرىنىڭ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىشى (+)، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىشى (−) | ± | + | + | + | − | + | − | − | − | − |
| | بەزى سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدا [o]،[ɸ] تاۋۇشلىرىنىڭ كېلىشى (+) كەلمەسلىكى (−) | − | − | + | + | + | − | − | + | − | − |
| مورفولوگىيىلىك مەسىلىلەر | ئۆزچىل ھازىرقى زامان پېئىلى فورمىسى-jar نىڭ سىنتېتىك فورمىغا ئايلىنىشى (+) ئايلانماسلىقى (−) | + | + | + | + | + | + | + | ± | + | + |
| | ar//r، ɛr سۈپەتداشنىڭ yr،ur//r فورمىسىدا قوللىنىلىشى (+) قوللىنىلماسلىقى (−) | + | + | − | − | − | − | − | − | − | − |
| | mi∫ - فورمىسىنىڭ قوللىنىلىشى (+) قوللىنىلماسلىقى (−) | − | − | + | + | − | − | + | + | + | + |
| | ئاددىي ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئىككىنچى شەخس سىپايە تۈردە «dis» قوشۇمچىسىنىڭ ساقلىنىشى — kɛ‘ldilɛ (+)، ساقلانماسلىقى — kɛllɛ (−) | + | + | + | − | + | + | − | − | − | − |
| | p‘ رەۋىشداش + idi فورمىسىدىكى پېئىلدا «i» تاۋۇشىنىڭ قىسقىرىشى — q‘ibdim~q‘ipt‘im (+)، قىسقارماسلىقى q‘iliwidim (−) | − | − | ± | + | + | − | + | + | + | + |
| | p‘ رەۋىشداش + t‘u فورمىسىدىكى پېئىلنىڭ ئىككىنچى شەخس سىپايە تۈردە «t‘u» نىڭ ساقلىنىشى — k‘ɛpt‘ila (+)، ساقلانماسلىقى — k‘ɛp‘la (−) | + | + | − | − | − | + | − | − | − | − |
| | ئاددىي ئۆتكەن زامان پېئىلى بىرىنچى شەخس كۆپلۈك فورمىسىنىڭ dyk/duq‘ شەكلىدە قوللىنىلىشى (+)، duq‘ شەكلىدە قوللىنىلىشى (−) | − | + | − | − | + | + | − | − | + | + |
| | ھازىرقى-كەلگۈسى زامان پېئىلى سوراق فورمىسىنىڭ بىرىنچى شەخستە «-mu» بىلەن ئىپادىلىنىشى (+)، ɛm،am//m بىلەن ئىپادىلىنىشى (−) | + | + | + | + | + | + | − | − | + | + |
| | p‘ رەۋىشداش + ik‘ɛn + t‘u فورمىسىدىكى پېئىلدا «t‘u» نىڭ قىسقىرىشى — beriwik‘ɛnmɛn (+)، قىسقارماسلىقى — beript‘ik‘ɛnmen (−) | + | − | + | + | + | + | + | + | + | + |
| | بۇيرۇق - خالاش رايى بىرىنچى شەخس كۆپلۈك فورمىسى ئۈچۈن ɛjlyk‘//ajluq‘ قوللىنىلىشى (+) ajli//jli، ɛjli، ili، niŋ، iniŋ، jniŋ قوللىنىلىشى (−) | − | + | − | − | − | − | − | − | − | − |
| | r سۈپەتداش + idi فورمىسىدىكى پېئىلنىڭ itt‘im، att‘im شەكلىدە قوللىنىلىشى (+)، rdum، urdum شەكلىدە قوللىنىلىشى (−) | − | − | + | + | + | + | + | + | + | + |
| | تۈرغۇن سۆز ۋە پېئىللاردىكى ئىككىنچى شەخس سىپايە تۈرى ئۈچۈن ŋizlɛ̄(r) - ، ŋizlɛ̄(r) فورمىسىنىڭ قوللىنىلىشى (+)، قوللىنىلماسلىقى (−) | + | + | − | − | − | − | − | − | − | − |
| ئىمكانىيەت تۈسى | سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا ماسلىشىشى (+) ماسلاشماسلىقى (−) | − | − | − | − | + | + | + | + | + | + |
| | سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللاردا بىر [j] نىڭ كۆپىيىشى (+) كۆپەيمەسلىكى (−) | − | − | + | + | + | − | + | + | + | + |

ئەسكەرتىش: ① قۇمۇل، تارىم، كۇچا، موغال، شېۋىلىرىدە سۆز بېشى بىرىنچى بوغۇمدىكى [ɛ] تاۋۇشى ئۈچۈق بوغۇم ھالىتىدە ئاجىزلاشسا [I] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ.
② ئۆزچىل ھازىرقى زامان پېئىلى فورمىسى ئاتۇش شېۋىسىدە تېخى سىنتېتىك فورمىغا تامامەن ئايلىنىپ كەتكەن ئەمەس. مەسىلەن: k‘elĩwat‘idu~k‘elĩjat‘idu
③ بۇيرۇق - خالاش رايى ئۈچۈن ‘iniŋ//niŋ jniŋ فورمىسى قوللىنىش ئاتۇش شېۋىسىدە كۆرۈلىدۇ.

## 2. خوتەن دىئالېكتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

خوتەن دىئالېكتى شەرقتە چارقىلىقتىن غەربتە گۇما ناھىيىسىگىچە بولغان توققۇز ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خوتەن دىئالېكتى تەۋەسىدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەر ئارا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە بەزى شىۋە پەرقلىرى بار. بىز خوتەن دىئالېكتى ئۈستىدە مەخسۇس توختالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن خوتەن دىئالېكتىغا تەۋە شىۋىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئايرىم - ئايرىم كۆرسىتىپ ئولتۇرمايمىز، پەقەت خوتەن دىئالېكتىنىڭ ئومۇمىي ۋە ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنىلا كۆرسىتىمىز. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىلا ئايرىم شىۋىلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى قىسقىچە بايان قىلىمىز.

1) ئاساسىي ئالاھىدىلىكى

① ھازىرقى - كەلگۈسى زامان پېئىلى «t‘urur>dur>t» فورمىسى بىلەن ياسىلىدۇ (گۇما شىۋىسى مۇستەسنا). مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| barïtmɛ(n) ~ bajitmɛ(n) | بارىمەن |
| k‘ϕrytmɛ(n)~ k‘ϕjytmɛ(n) | كۆرىمەن |

«k‘ɛl - ‹q‘il - ‹bol - ‹sal - ‹tʃ‘al - ‹q‘al - ‹al -» پېئىللىرى مۇشۇ فورمىدا تۈرلەنسە، ئاخىرىدىكى [l] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ā(li)tmɛ(n) | ئالىمەن |
| sā(li)tmɛ(n) | سالىمەن |
| bó(lu)tmɛ(n) | بولىمەن |

| | |
|---|---|
| q'i(li)tmɛ(n) | قىلسمەن |
| k'e(li)tmɛ(n) | كېلسمەن |

بۇ پېئىلنىڭ سوراق شەكلى «m –، am –، ɛm –» قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| alamt'imɛ(n) | ئالامدىمەن |
| k'øɪɛmtimɛ(n) ~ k'øjɛmt'imɛ(n) | كۆرەمدىمەن |
| dɛmt'imɛ(n) | دەمدىمەن |

هازىرقى ـ كەلگۈسى زامان فورمىسى ئۈچىنچىسى شەخستە «t'u –» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| baɪit'n ~ bajit'u | بارىدۇ |
| ā(li)t'u | ئالىدۇ |
| k'ē(li)t'u ~ k'ɛ̄(li)t'u | كېلىدۇ |
| bō(li)t'u ~ bo(li)t'u | بولىدۇ |

② پۈتمىگەن سۈپەتداش «-q'an + t < t'ur < t'urur» فورمىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. يۇقىرىقى پېئىللار بۇ فورمىدا كەلسە يەنىلا [l] تاۋۇش چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| baɪitq'an ~ bajitq'an | بارىدىغان |
| k'øɪytq'an ~ k'øjytq'an | كۆرىدىغان |
| tʃ'ā(li)tq'an | چالىدىغان |
| ā(li)tq'an | ئالىدىغان |
| bo(lu)tq'an | بولىدىغان |
| q'i(li)tq'an | قىلىدىغان |

## 2) قوشۇمچە ئالاھىدىلىكلىرى

### A. فونېتىكىلىق جەھەتتىن

خوتەن دىئالېكتىنىڭ فونېملىرى ئەدەبىي تىل بىلەن ئوخشاش. پەقەت بەزى فونېملارنىڭ شەرتلىك ۋارىيانتلىرىدىلا ئوخشاشماسلىق بار. مەسىلەن: [p‘] فونېمىسىنىڭ شەرتلىك ۋارىيانتى [f]، [l] فونېمىسىنىڭ شەرتلىك ۋارىيانتى [ɬ]، [t‘] فونېمىسىنىڭ شەرتلىك ۋارىيانتى [ʔ]، [ɦ]، [t] قاتارلىقلار.

خوتەن دىئالېكتىنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى تۆۋەندىكىلەر:

① سۆز بېشىدا ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلار ئالدىدا z//j نۆۋەتلىشىشى يوق (گۇما شېۋىسى مۇستەسنا)، چىرىيىدىن شەرقتىكى ناھىيىلەردە بەزەن j/ʃ نۆۋەتلىشىش بار. مەسىلەن:

| ئىلچى، لوپ، قارىقاش | گۇما | چىرىيىدىن - كېرىيە | ئەدەبىي تىل |
|---|---|---|---|
| jil | zil | jil | ييل |
| jip‘ | zip‘ | ʃip‘ | ييپ |
| jik‘ | zik‘ | ʃik‘ | ييك |
| jyrɛk‘ | zyjɛk‘ | jyrɛk‘ | يۈرەك |

② g/w نۆۋەتلىشىش ئومۇمەن يوق، كېرىيە ۋە كېرىيىدىن شەرقتە ئاندا - ساندا مۇنداق نۆۋەتلىشىش ئۇچراپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئىلچى، لوپ، قارىقاش | كېرىيە | ئەدەبىي تىل |
|---|---|---|
| suwa- | suwa- ~ suga- | سۇۋا- |
| uwal | uwal | ئۇۋال |

| | | |
|---|---|---|
| ياۋا | jawa | jawa |

③ ئەدەبىي تىلدىكى [r] فونېمىسى ئىلچى، لوپ، قارىقاش ناھىيىلىرىدە [j] ياكى [r] بىلەن، گۇما ناھىيىسىدە پۈتۈنلەي [j] بىلەن ئۆزگەرتىلەشتۈرۈلىدۇ. چىرىيىدىن شەرقتىكى ناھىيىلەردە ئەينەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | چىرىيىدىن شەرقتە | گۇما | ئىلچى، لوپ، قارىقاش |
|---|---|---|---|
| بىر | bij ~ bir | bij | bir ~ bij |
| سېرىق | seriʁ | sejiʁ | seriʁ ~ sejiʁ |
| قېرى | q‘eri | q‘eji | q‘eri ~ q‘eji |

④ سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش [o]، [ø] لەر مەيلى ئەسلىدە ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە بولسۇن، مەيلى قوشۇمچىلار قوشۇلۇش بىلەن ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالغان بولسۇن، ئوخشاشلا ئەسلىدىكى تىل ئورنىدىن سەل ئىلگىرىرەك تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇنى بەزىلەر تامامەن [u] ۋە [y] دەپ تونۇيدۇ، بىزچە بۇنداق تونۇش ۋە مۇنداق خاتىرىلەش توغرا ئەمەس. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| تۆمۈر | (ئەمەس | (t‘ymyj | t‘ømyi |
| ئويۇن | (ئەمەس | (ujan | ojan |
| ئوچاق | (ئەمەس | (utʃ‘aq‘ | otʃ‘aq‘ |

(ئەسلىدىكى تىل ئورنىدىن سەل ئىلگىرىرەك تەلەپپۇز قىلىنغان [o]، [ø] تاۋۇشلىرى مەتبەئە قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن ئالاھىدە بەلگە بىلەن خاتىرىلەنمىدى.)

⑤ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى كۈچلۈك ئەمەس. شۇڭا مەيلى تۈپ سۆزلەردە، مەيلى سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇشتا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆك ماس

لىشىش ھادىسىسى يوق. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| bojan | بويۇن | oɾan | ئورۇن |
| k'ɸŋɛl | كۆڭۈل | ɸt'ɛk' | ئۆتۈك |
| q'op'ap' | قوپۇپ | bolap' | بولۇپ |
| k'ɸɾɛp' ~ k'ɸjɛp' | كۆرۈپ | | |
| q'olam | قولۇم | k'ɸzɛm | كۆزۈم |
| ɸlɛg | ئۆلۈك | q'ojlaʁ ɛdɛm | قويلۇق ئادەم |
| q'aɾakɸzlɛg | قارا كۆزلۈك | | |

⑥ ئەرەب ـ پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەردە [g]، [k'] تاۋۇشلىرىنىڭ سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەسلىدىكى فونېتىكىلىق قائىدىلىرىگە ماسلاشقان ئەمەس. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| gul | گۇل | gulluq' | گۇللۇك |
| gó(ɾ) | گۆر | goʃ | گۆش |
| gol | گول | | |

⑦ سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى [g]، [ʁ] تاۋۇشلىرى ئاۋۇنا تۈركىي تىللارنىڭ خۇسۇسىيىتى بويىچە ئەينەن ساقلانغان. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| seɾiʁ ~ sejiʁ | سېرىق |
| uɾuʁ ~ ujuʁ | ئۇرۇق |
| issiʁ ئىسسىق bojaʁ | بوياق |
| t'aʔliʁ ~ t'aɦliʁ ~ t'aχliʁ | تاتلىق |
| ɛ̄(ɾ)lig | ئەرلىك، ئېرى بار |
| k'itʃ'ig | كىچىك |
| ɛllig | ئەللىك |

ئۈستا، ماھىر sɛlq'iliʁ

⑧ ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىسىدىكى [q']، [k']، [p'] تاۋۇشلىرى مۇقىملىقنى ساقلايدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| ئېتىكى (كۆڭلەكنىڭ) | ɪt'ɛk' | ɪt'ik'i |
| تەلپىكىم | t'ɛlp'ɛk' | t'ɛlp'ik'ɛm |
| كىتابىم | k'i̊t'ap' | k'i̊t'ip'im |
| پىچىقى | p'i̊tʃ'aq' | p'i̊tʃ'iq'i |

⑨ [l]، [m] تاۋۇشلىرىدىن ئالدىن كەلگەن [t'] تاۋۇش كۆپ ھاللاردا نەپەسسىز ئوقۇلىدۇ، بەزىدە بوغۇز تاۋۇشى [ʔ] ۋە [ɦ] بىلەن ئۆزگىرىشىدۇ. كېيىنكى ئەھۋالدا ۋە [p'] تاۋۇشىدىن كېيىن [l] فونېمىسى شەرتلىك ھالدا [ɬ] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، [p'] تاۋۇشمۇ [f] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| بارمايمەن | bā(r)majtmɛ(n)∼bā(r)majʔmɛ(n) |
| قويمايمەن | q'ojmajtmɛ(n) ∼ q'ojmajʔmɛ(n) |
| بارىدىلا | baritɬa ∼ bariʔɬa |
| تاتلىق | t'aʔɬiʁ ∼ t'aɦɬiʁ ∼ taχliʁ |
| ئاتلىق ئادەم | aʔɬiʁ ∼ aɦɬiʁ ɛdɛm |
| ئاتمىش | aʔmiʃ |
| يەتمىش | jɛʔmiʃ |
| ناھايىتى قارا | ɸɦlɛg q'ara ∼ q'aja |
| دەپتىلا | dɛfɬa |

| | |
|---|---|
| يەپتىلا | jɛf́ɖa |
| ئۆزلىرى ئالدىلا. | △ɸzliji āɦɖa ～ atɖa |

خوتەن دىئالېكتىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى باشقا شېۋىلەردىن تارىم شېۋىسىدە، كۇچا شېۋىسىدە، كەلپىن شېۋىسىدە كۆرۈنۈپ قالىدۇ.

[t‘] فونېمىسىنىڭ [m] تاۋۇشىنىڭ ئالدىدا نەپەسسىز ئوقۇلۇشى ياكى بوغۇز تاۋۇشى[ʔ] بىلەن ئۆزگىرىشى ھازىرقى - كەلگۈسى زامان پېئىلى فورمىسى «t‘urur» نىڭ ھازىرقى ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئۆل فورمىغىچە قىسقىرىش جەريانىنىڭ تەخمىنەن «o<ʔ<t<t‘u<t‘ur<t‘urur» شەكلىدە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. [l] فونېمىسىنىڭ [ɖ] ۋارىيانتىغا ئىگە بولۇشى بەلكىم غەيرىي تۈركىي تىل ھادىسىلىرىنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك.

⑩ ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدى - كەينىدە كەلگەن [r] تاۋۇشى خوتەن دىئالېكتىدا [j] ياكى [ɪ] بىلەن ئۆزگىرىشتۇرۇلمەيدۇ، بەلكى پۈتۈن بوغۇم بويىچە چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| تىرىك | t‘ī(ɾ)g |
| چىراق | tʃ‘i(r)aʁ |
| بىرىڭ (بەر -) | bī(ri)ŋ |
| قۇرت (ھاشارات) | q‘ū(ru)t‘ |
| چىرايلىق | tʃ‘i(r)ajliʁ |
| ئۆرۈك | ȳ(ry)k‘ |
| يىراق | ji(r)aq‘ |
| ئۇرۇڭ (بۇيرۇق رايى) | △ ū(ru)ŋ |

Δ zĨ(rɪ)ki'p' k'ɛtt'im ژىرىكىپ كەتتىم

⑪ سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [a] ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە ئاجىزلىشىپ [e] غا ئايلىنىدۇ. لېكىن گۇما شېۋىسىدە ئاجىزلاشمايدۇ. مەسىلەن:

| گۇما شېۋىسى | | خوتەن دىئالېكتى | |
|---|---|---|---|
| at'im | (ئېتىم) | et'im | at' |
| basip' | (بېسىپ) | besip' | bas |

سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [ɛ] تاۋۇشى گۇما شېۋىسىدە ئەدەبىي تىلدىكىدەك [e] گە ئاجىزلاشمىسىمۇ، قالغان شېۋىلەردە [i] غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| k'ɛt' – | k'it'ip' | (k'et'ip' گۇمىدا) |
| bɛr – | bijip'∼bi(ri)p' | (bejip' گۇمىدا) |
| bɛl | bilim | (belim گۇمىدا) |

## B. مورفولوگىيىلىك جەھەتتىن

⑫ پېئىلنىڭ ئاددىي ئۆتكەن زامان شەخس فورمىسى ئۇچۇن ئەدەبىي تىلدىكى قوشۇمچىلار قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، پېئىل تەكشىلەنگەندە كۆپىنچە [o]، [ϕ] تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق پېئىل يىلتىزلىرىغا ۋە a — o، ɛ — ϕ قۇرۇلۇشىدا كەلگەن ئىككى بوغۇملۇق پېئىل يىلتىزلىرىغا بىرىنچى شەخستە «-t'am //-dɛm ،-dam»، -t'ɛm ،-daq' ،-dɛk' //-taq' ،t'ɛk'» قوشۇمچىلىرى، ئىككىنچى شەخستە «-t'ɛŋ ،-t'aŋ //-dɛŋ ،-daŋ»، «-t'ɛŋlɛ̄(r) ،-t'aŋlā(r) //-dɛŋlɛ̄(r) ،-daŋlā(r)» قوشۇم

چىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

q‘oʃ – q‘oʃt‘am قوشتۇم q‘oʃt‘aq‘ قوشتۇق

q‘oʃt‘aŋ قوشتۇڭ q‘oʃt‘aŋlā(r) قوشتۇڭلار

ɸt‘ – ɸtt‘ɛm ئۆتتۈم ɸtt‘ɛk‘ ئۆتتۈق

ɸtt‘ɛŋ ئۆتتۈڭ ɸtt‘ɛŋlɛ̄(r) ئۆتتۈڭلار

ojna – ojnudam ئوينىدىم ojnudaq‘ ئوينىدۇق

ojnudaŋ ئوينىدىڭ ojnudaŋlā(r) ئوينىدىڭلار

t‘ɸlɛ – t‘ɸlydɛm تۆلىدىم t‘ɸlydɛk‘ تۆلىدۇق

t‘ɸlydɛŋ تۆلىدىڭ t‘ɸlydɛŋlɛ̄(r) تۆلىدىڭلار

⑬ سۈپەت دەرىجىسى ئۈچۈن «-jaq‘// -ɾaq‘» فورمىسىلا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

dz̄iq‘jaq‘ ～ dziq‘ɾaq‘ جىقراق.

bɛk‘jaq‘ ～ bɛk‘ɾaq‘ بەكرەك.

⑭ ئوخشاتما كېلىش قوشۇمچىسى «-t‘ɛg // -dɛg» نىڭ ئوغۇز - قىپچاق تۈركۈمىدىكى تىللاردىك «-t‘ɛj // -dɛj» ۋارىيانتىمۇ بار. مەسىلەن:

att‘ɛg ～ att‘ɛj ئاتتەك

q‘ojdɛg ～ qojdɛj قويدەك

⑮ تۇرغۇن سۆزلەرگە قوشۇلىدىغان «-lig // -liʁ» قوشۇمچىسىنىڭ «-lɛg // -laʁ» تۈرىمۇ بار. مەسىلەن:

q‘aɾa k‘ɸzlɛg قارا كۆزلۈك

q‘ojlaʁ ɛdɛm قويلۇق ئادەم

△ q‘ojlaʁ ɛdɛm goʃ jiijtk‘ɛn,

ɛ̄(r)lig ɛdɛm t‘ajaq‘ jiijtk‘ɛn,

قرىلىرق ئادەم گۆش يەيدىكەن،ئەرلىك (ئېرى بار) ئادەم تاياق يەيدىكەن. (ماقال)

| | |
|---|---|
| buʁdujøŋlɛg | بۇغداي ئۆڭلۈك |
| oŋlaʁ ɛdɛm | ئوڭلۇق ئادەم |
| otɕaʁ jɛ(r) | ئوتلۇق يەر |
| øjlɛg | ئۆيلۈك |

⑯ پېئىللارنىڭ ئىنچىل هازىرقى زامان فورمىسى تېخى سىنتېتىك فورمىغا ئايلانمىغان (گۇماشبۇدىسى مۇستەسنا). مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| jeziw jat'itmɛ(n) | يېزىۋاتىمەن. |
| itʃ'iw jat'itmɛ(n) | ئىچىۋاتىمەن. |

⑰ «p'» رەۋىشداشقا «idi» ۋە شەخس قوشۇلۇپ ياسالغان تۈس فورمىسىدا b/p' نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| dɛbdim ~ dıbdim | دېۋىدىم |
| dımɛbdim | دېمەۋىدىم |
| e(li)bdim | ئېلىۋىدىم |
| ā(l)mabdim | ئالماۋىدىم |

بۇنىڭ سوراق شەكلى:

| | |
|---|---|
| dɛmmidim | دەپمىدىم |
| dımɛmmidim | دېمەپمىدىم |
| e(li)mmidyk' | ئېلىپمىدۇق. |
| ā(l)mammidyk' | ئالماپمىدۇق |

⑱ «miʃ» فورمىسى كەڭ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

△ uz bejmiʃ-a, uz bejmiʃ,

q'atʃ'un bojida uz bejmiʃ.

soja'p' beq'iŋ q'oʃnis(i)t'in،
jā(r)niŋ q'eʃ(i)t'a k'im bejmiʃ.

△ mɛn k'ɸ(r)mydɛm، iʃt'sɛm q'aɾiq'aʃt'in jenip' k'e(li)gligmiʃ.

مەن كۆرمىدىم، ئاڭلىسام قارىقاشتىن يېنىپ كەلگەن ئىمىش.

△ ʃumniŋdinmu mɛslɛt' só(r)ʁuluq'miʃ.

شۇنىڭدىنمۇ مەسلىھەت سوراش لازىم ئىمىش.

△ u gadaj bɛk' jalʁan ejtq'aq'miʃ.

ئۇ نېمە بەك يالغانچى ئىمىش (يالغان ئېيتىدىكەن).

⑳ سۈپەتداش ياسىغۇچى «-iglig ،- glig //iʁliʁ ،- ʁliʁ» فورمىلىرى كەڭ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

△ tʃ'yʃ k'ɸjɛptimɛ(n)، aldimʁa dost'uʁanlā(r) seliwet'iʁliʁ، t'awaχ – t'awaχt'a aʃlini ɛkiligliɡ ،molla molliʁa q'ajnap' k'Iti'glig

بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، (قارىسام) ئالدىمىغا داستىخانلار سېلىنىپ كەتىكەن، تاۋاق - تاۋاقتا ئاشلارنى ئەكىلىۋاتقان، موللىنىڭ ئۈستىگە موللا قايناپ كەتكەن...

△ sIniŋ dɛ(r)diŋdɛ k'Itʃ'iniŋ jaŋq'isi bij uχlijammaʁliʁmɛn

سېنىڭ دەردىڭدە كېچىنىڭ بۇيىنى بىر ئۇخلىيالمىدىم.

△ mamtʃ'ɛ nomuɾum bā(r) p'itigsiz dIjt'u

مانچە نومۇرۇم بار، پۈتۈلمىگەن (يېزىلمىغان) دەيدۇ.

㉑ «-k'ɛk' ،- gɛk' // - q'aq' ،- ʁaq'» بىلەن ياسىلىدىغان سۈپەتداشلار كەڭ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

△ χɛqq'ɛ q'oʃalmiʁaq' jawa ɛdɛm

كىشىلەرگە قوشۇلمايدىغان ياۋا ئادەم

△ mɛndaj ā(l)ʁaq'ni t'ap'ammajla·

مېنىڭدەك ئالىدىغان ئادەمنى تاپالمايدىلا.

△ ojan – t'amaʃʃaʁa bɛk' bā(r)miʁaqt'im·

ɦelimu ba(r)miʁaq'

ئويۇن – تاماشىغا ئانچە بارمايدىغان ئىدىم، ھازىرمۇ بارمايدىغىنى.

«-ɛŋgy ·-ŋgy // -aŋʁu ·- ŋʁu» بىلەن يېزىلىدىغان ㉒ پېئىل

قوشۇلۇپ ياسالغان سۈپەتداشلار كەڭ قوللىنىلىدۇ. بۇ قوشۇمچە

«t'it'rɛŋgy ·iliʃaŋʁu ·jiʁlaŋʁu» ئەدەبىي تىلدىكى

ئوخشاش بىر قانچە سۆزدىلا قېتىپ قالغان ئەمەس، ئۇنۇملۇك

قوشۇمچە سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

△ k'iʃ(i)k'ɛ k'Iliʃɛŋgy· abdan ɛdɛmk'ɛn·

كىشى بىلەن كېلىشىدىغان، ئوبدان ئادەم ئىكەن.

△ bij q'uluq'i k'Isiwat'aŋʁuk'ɛn bu iʃt'niŋ·

بۇ ئىتنىڭ بىر قۇلىقى كېسىۋېتىلگەن ئىكەن.

△ u i'ʃtni ɛ jɛ̄(r)dɛ k'ø̄(r)dɛm· aʁzida bij

sønɛk' tʃ'iʃlɛgŋy· sok'uldap k'It'ip'

p'aji)t'u aʃiŋʁa·

ئۇ ئىتنى ئاۋۇ يەردە كۆردۈم، ئاغزىدا بىر سۆڭەك چىشلەكلىك،

ئاشۇ تەرەپكە سوكۇلداپ كېتىپ بارىدۇ.

△ mIniŋ tʃ'ap'inim jit'laŋʁu ɛmɛs·

مېنىڭ چاپىنىم يىرتىلغان ئەمەس (يىرتىق ئەمەس).

△ bɛk' ɛrk'idɛŋgy balik'ɛn·

بەك ئۇركىلەيدىغان بالا ئىكەن،

㉓ پېئىللارنىڭ مەجبۇردىي دەرىجە فورمىسى ئۈچۈن كۆپىنچە «-t‘ȳ(r) ،-t‘ū(r) // -dȳ(r) ،-dū(r)» قوشۇمچىلىرى قوللىنىلىدۇ. «-k‘yz ،-gyz // -q‘uz ،-ʁuz» نى قوللىنىش ئاز. [o]، [ϕ] بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق پېئىللاردا «-t‘ɛ̄(r) ،-t‘ā(r) // ،-dɛ̄r ،-dā(r)» قوشۇمچىلىرى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| t‘ɛp‘ - | t‘ɛpt‘y(r)dym | تەپتۈردۈم |
| jɛ - | jɪdȳ(r)dym | يېگۈزدۈم |
| al - | aldū(r)dum | ئالدۇردۇم |
| baq‘ - | baχtū(r)dum | باقتۇردۇم |
| soz - | sozdā(r)dim | سوزدۇردۇم |
| t‘os - | t‘ost‘ā(r)dim | توستۇردۇم |
| ϕs - | ϕst‘ɛ̄(r)dim | ئۆستۈردۈم |
| bϕl - | bϕldɛ̄(r)dim | بۆلدۈردۈم |

㉔ «p‘» رەۋىشداشتا «»t‘u» ۋە ئاندىن كېيىن شەخس قوشۇلۇپ ياسالغان ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ بىرىنچى شەخس بىرلىك، كۆپلۈك تۈرىدە، ئىككىنچى شەخس بىرلىك، سىپايە تۈرىدە مەزكۇر «t‘urur>t‘u» چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| al - | a(li)p(tu)mɛn | ئاپتىمەن ~ ئېلىپتىمەن، |
| | a(li)p(tu)miz | ئاپتىمىز ~ ئېلىپتىمىز |
| k‘ɛt‘ - | k‘ɪt‘ip(tu)mɛn | كېتىپتىمەن |
| dɛ - | dɛf(tu)ɖa | دەپتىلا |

كىرىيە، نىيە ناھىيىلىرىدە چۈشمەيدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| k‘ɛl - | k‘ɛ(li)pt‘ila | كەپتىلا ~ كېلىپتىلا |

㉕ بۇيرۇق - تەلەپ رايى بىرىنچى شەخس بىرلىك فورمىسى يىلتىزلارغا بارلىقتا «ij -، yj -، aj -، ɛj -»، يوقلۇقتا «maj -، mij -» قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| k'ɛt' - | k'ɪtij | كېتەي |
| | k'ɛt'mij | كەتمەي |
| yz - | yzyj | ئۈزەي |
| | yzmij | ئۈزمەي |
| k'ɸ(r) - | k'ɸjyj∼k'ɸjɛj | كۆرەي |
| | k'ɸ̄(r)mij | كۆرمەي |
| al - | alaj | ئالاي |
| | almaj | ئالماي |

بىرىنچى شەخس كۆپلۈك فورمىسى «jli -، yli -، uli -، ili -، mijli -، majli -» قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| dɛ - | dɪjli | دەيلى |
| k'ɸ(r) - | k'ɸjyli | كۆرەيلى |
| t'os - | t'osuli | توسايلى |
| itʃ' - | itʃ'ili | ئىچەيلى |

dɪmijli دېمەيلى  t'osmajli توسمايلى

al -، q'al -، sal -، tʃ'al -، k'ɛl -، q'il - پېئىللىرى بۇيرۇق - تەلەپ رايىنىڭ بىرىنچى شەخس كۆپلۈك، بارلىق فورمىسىدا كەلسە، يالغۇز «(i)li» قوشۇلىدۇ مەسىلەن:

al - al(i)li ئالايلى  k'ɛl' - k'ıl(i)li كېلەيلى

ئەگەر بۇ پېئىللار بۇيرۇق - تەلەپ رايىنىڭ ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك فورمىسىدا كەلسە، «li» بوغۇمى چۈشۈپ

قالىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| al – | e(li)ŋlā(r) | ئېلىڭلار |
| k'ɛl – | k'e(li)ŋlā(r) | كېلىڭلار |
| q'il – | q'i(li)ŋla(r) | قىلىڭلار. |

بۇيرۇق – تەلەپ رايىنىڭ ئىككىنچى شەخس سىپايە تۈرى يىلتىزغا «–sɛ//–sa» قوشۇلۇشى بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن ئاخىرقى سوزۇق تاۋۇش ئۇرغۇلۇق (يۇقىرى ئىنتوناتسىيە بىلەن) ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

△ ɛ̄(r)t'ɛ bij k'ɛ̄(l)sɛʔ.

ئەتە بىر كەلسىلە.

△ mamniŋdin bij jɪsɛʔ.

بۇنىڭدىن بىر يەپ باقسىلا.

△ jaŋiq'imʁa bij sā(l)saʔ.

ياڭقىمغا بىرنى سالسىلا.

△ miʃɛdɛ t'ū(r)ʁatʃ' t'ū(r)saʔ.

مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسىلا.

## C. لېكسىكىلىق جەھەتتە

خوتەن دىئالېكتىنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكى ئىككى جەھەتتە كۆرۈلىدۇ.

بىرى — ئۇنىڭدا ئەرەب – پارس تىلى سۆزلىرىنىڭ باشقا دىئالېكت رايونلىرىغا نىسبەتەن كۆپرەك بولۇشى. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| zɛ̄(r)dā(r) | باي، پۇللۇق |
| zulp'ik'ɛʃ | ئاياللارغا چاچ سالغۇچى |

| | |
|---|---|
| ĺaʻpiχǒ(r) | پوچى، پو ئاتقۇچى |
| χaɾɛt | ياغاچچى |
| sɛg | ئىت |
| sɛgwaz∼iʃtʻatʃʻi∼iʃtʻawaz | ئىت ئوينىغۇچى |
| ʁoɾapʻ | خام ئۆزۈم |
| mijaŋsal<mijan sal | خوتەندە بىر خىل شاپتۇلنىڭ نامى، ئەسلى مەنىسى «يىل ئوتتۇرىسى». |
| pʻajkʻā(r) | چىلىمدا تاماكا ساتقۇچى، ئەسلى مەنىسى خىزمەتچى خادىم |
| bakʻanijaz | بىكار تەلەپ |
| kʻunnus | پىخسىق، بېخىل |
| ʁoli | ئاشۇرۇش، تەكىتلەش رەۋىشى |
| gylɛʃ | ھۇرۇن، سۆرەلمە |
| ɦattʻa(r) | دورىپۇرۇش |
| damigij | ماختانچاق |
| sɛlqʻiliʁ | ئۇستا، ماھىر |
| nasɛlqʻi | نائۇستا |
| dɪwɛŋ | كالۋا، دۆت |
| zɛ̄(r)dɛkʻ | سەۋزە |

ئىككىنچىسى خوتەن دىئالېكتىغا خاس ياسالغان ياكى قوللىنىلغان سۆزلەرنىڭ بولۇشى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەرنىڭ ساقلىنىشى. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ɦallaŋ<alaŋ | ئۇچۇق، ھاڭغىرقاي ئۇچۇق. |

āmatʃ‘ نىشان، ئوق ئاتىدىغان قارا

t‘ɛlp‘ɛk‘ تېرىدىن ئىشلەنگەن باش كىيىم

t‘ɛlp‘ɛk‘saz تۇماقچى

azma شارقىراتما

soq‘maq‘ ياغاق ۋە كىشمىشنى قوشۇپ سوقۇپ ياسىلىدىغان بىرخىل يېمەكلىك

t‘ā(r)naj سۇ ئۆتكۈزۈلىدىغان نور

k‘ɸtʃ‘ȳ(r)mɛ. سۇنى يەر ئۈستى بىلەن ئىككىنچى بىر تەرەپكە ئۆتكۈزىدىغان نور

jalaq‘ ئەبرەز، پاسكىنا سۇ تۆكۈلىدىغان جاي

ɦim<im إمْ ئىم پارول.

ɦimi bij گېپى بىر

mɛk‘ı tʃ‘amʁuri ياڭيۇ

ɸndɛ يامان، قالتىس

ɸndɛrɛ - ~ ɸndɛjɛ ئالدىراپ قېلىش، پايپېتەك بولۇش

k‘ɸdzym jɛ̄(r) ئاۋات يەر

t‘onumaq‘ جېكىلىمەك

jasidaq‘ بېزەلگەن

bɸgmɛk‘ سۇنى توسماق

bɸgɛtʃ‘ سۇنى توسۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئوت-چاۋار

t‘aʃiliʁ يات، چەتتىن كەلگەن

uz چىرايلىق ئوبدان

بۇلاردىن باشقا يەنە ئېتىمولوگىيىسىنى ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدىغان ϕmilaq'man (ئوپۇل - توپۇل)، bidziq' (ئەمچەك)، - sɛŋk'i (پەرق ئېتىش، ئويلاپ كۆرۈش)، mum (جىك، راست — mum χot'ɛnlig - جىك خوتەنلىك)، wask'at'~lask'at' (يەڭسىز جىلتەكە)، wɛt'iwɛrɛk' (لەگلەك) قاتارلىق سۆزلەر بار.

## لوپنور دىئالېكتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

لوپنور دىئالېكتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى يۇقىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەردە بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بىز يەردە قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

1) ئاساسىي ئالاھىدىلىكى

① ھازىرقى كەلگۈسى زامان پېئىلى «di<dur<t'urur» فورمىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

baradimɛn بارىمەن baradiwiz ~ baradimiz بارىمىز

k'elɛdimɛn كېلىمەن k'elɛdiwiz ~ k'elɛdimiz كېلىمىز

② پۈتمىگەن سۈپەتداش «ʁan + dū(r)<dur<t'urur» فورمىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

baradū(r)ʁan بارىدىغان

k'elɛdū(r)ʁan كېلىدىغان

△ q'arajdimɛn k'elɛdū(r)ʁan joluŋŋa.

كېلىدىغان يولۇڭغا قارايمەن. (خەلق قوشىقى)

## 2) قوشۇمچە ئالاھىدىلىكلىرى

A فونېتىكىلىق جەھەتتىن

③ سۆز بېشىدا ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلار ئالدىدا z/j نۆۋەتلىشىش يوق. بەزىدە [j] چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

ju - يۇ -

ip' يىپ

il يىل

yz يۈز (كىشىنىڭ يۈزى)*

④ ʁ،g/w نۆۋەتلىشىش مەۋجۇت.

t'agar تاۋار

jugaʃ ياۋاش

ʃu ʁaχt'a شۇ ۋاقىتتا

sugaj سۇۋاي، سۇۋاي - سالتاك

gadɛ ۋەدە

⑤ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى كۈچلۈك.

لوپنۇر دىئالېكتىدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقىغا يۈزە قاراش بىلەن ئۇنى تارىخىي جەھەتتىن ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان قىرغىز تىلى، دەپ تونۇش س. يې. مالوۋ تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، كېيىن بۇ قاراشنى ئە. ر. تېنىشېۋمۇ قۇۋۋەتلىگەن. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ قويۇش زۆرۈركى، تارىختا لوپنۇر رايونىدا قىرغىزلارنىڭ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقى توغرىسىدا ھازىرغىچە ئېنىق مەلۇمات

يوق. لوپنۇر دىئالېكتىدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى يىلتىز (ياكى تومۇر) ۋە قوشۇمچە مۇناسىۋىتىدىن ئالغاندا قىرغىز تىلىدىكىدەك مۇقىم ئەمەس، يەنى لوپنۇر دىئالېكتىدا لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشتىن قۇرۇلغان يىلتىز ياكى تومۇرلارغا [o]، [ϕ] فونېمىلىرى بىلەن تۈزۈلگەن قوشۇمچىلار قوشۇلمايدۇ. قىرغىز تىلىدا بولسا مۇنداق ئەھۋال بار. مەسىلەن: bij — ئۇسسۇل، bijlϕ- — ئۇسسۇل ئويناش.

لوپنۇر دىئالېكتىدا قوشۇمچىلاردا [o]، [ϕ] فونېمىلىرىنىڭ كۆرۈلۈشى پەقەت يىلتىز ياكى تومۇردىكى [o]، [ϕ] فونېمىلىرىنىڭ ئوڭ ئاھاڭداشلىقىنىڭ نەتىجىسى. شۇڭا بۇنى قىرغىز تىلىدىكى لەۋلىشىش ھادىسىسى بىلەن ماھىيەتتە ئوخشاش دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. تۈپ سۆزلەردىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى، جۈملىدىن تۈپ سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى بوغۇملىرىدا [o]، [ϕ] فونېمىلىرىنىڭ كېلىشى تۈركىي تىللار ئىچىدە يالغۇز قىرغىز تىلىنىڭلا خۇسۇسىيىتى ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر - ئوغۇز گۇرۇپپىسىدىكى تىللاردىمۇ مۇنداق ھادىسە مەۋجۇت. شۇڭا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقىنى قىرغىز تىللىرىدىلا ئەمەس، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بار دەپ چۈشىنىش كېرەك.

لوپنۇر دىئالېكتىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى تۈپ سۆز، ياسالما سۆز ۋە سۆز تۈرلىنىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

تۈپ سۆزلەردە:

| | |
|---|---|
| تولا | t'olo |
| ئوڭاي | oŋŋoj |
| ئۆدەك | ϕrdϕg |

| | |
|---|---|
| k‘ørp‘ø | كۆرپە |
| | ياسالما سۆزلەر: |
| joʁono – | يوغىنا – |
| ojno – | ئوينا – |
| ørlø – | ئۆرلە – |
| øtk‘ørmø | ئۆتكەرمە (ئەسۋاب |
| q‘ojtʃ‘u | قويچى |
| k‘øzzø – | كۆزلە – |
| jøly – | هۆل بولماق |
| ott‘o – | ئوتلا – |
| bordo – | بوردا – |
| orʁoʁ | ئورغاق |
| q‘oʃoq‘ | قوشاق |
| bojoq‘ | بوياق |
| | سۆز تۈرلىنىشىدە: |
| oŋŋo | ئۇنىڭغا |
| ondo | ئۇنىڭدا، ئۇ يەردە |
| olor | ئۇلار، |
| k‘ørsø | كۆرسە (شەرت رايى) |
| k‘ørmøjly | كۆرمەيلى |
| k‘øjgøj | كۆيگەي |
| q‘ojʁoj | قويغاي |
| q‘ojso | قويسا (شەرت رايى) |

sφzzyk‘ سۆزمەن

⑥ ئەرەب - پارس تىلىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەردە [k‘] ، [g] تاۋۇشلىرىنىڭ سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەسلىدىكى فونېتىكىلىق قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن. مەسىلەن:

gφʃ گۆش gyl گۈل gφllɛ - گوللا

⑦ سۆز ئاخىرىدىكى [ʁ] ، [g] تاۋۇشلىرى كونا تۈركىي تىللارنىڭ خۇسۇسىيىتى بويىچە خېلى دەرىجىدە ساقلانغان. مەسىلەن:

q‘ariʁ قېرىق

t‘ariʁ تېرىق

bφlφg بۆلەك

φlyg ئۆلۈك

⑧ ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىسىدىكى [k‘] ، [q‘] ، [p‘] تاۋۇشلىرى [g] ، [ʁ]، [w] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ.

⑨ سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [a] تاۋۇشى ئۇچۇق بوغۇم ھالىتىدە تارىخىي ئاجىزلىشىشتا بولغان ئەمەس. مەسىلەن:

atʃ‘uq‘ ئۇچۇق aruq‘ ئورۇق

jaru‘q يورۇق t‘arilʁa تېرىلغۇ

بۇ تاۋۇش ھازىرمۇ ئاجىزلاشمايدۇ. مەسىلەن:

alip‘ ئېلىپ salip‘ سېلىپ

q‘aʃiŋ قېشىڭ baʃim بېشىم

سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [ɛ] نىڭ [e] غا ئاجىزلىشىش جەريانى ئاياغلاشمىغان. سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [ɛ]

تاۋۇشى بەزىدە ئاجىزلاشمايدۇ، كۆپىنچە [E] غا ئاجىزلىشىدۇ، ئەدەبىي تىل تەسىرى بارلاردا [e] غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| t'ɛʃ - | t'ɛʃilsɛ | تېشىلسە |
| k'ɛtʃ' - | k'etʃ'k' ∼ k'Etʃ'ik' | كېچىك |
| Eʃik' | ئىشىك | |
| k'Ejik' | كېيىك | |
| bEʃik' ∼ bɛʃik' | بۆشۈك | |
| k'ɛl - | k'ɛlɛrmisiz | كېلەمسىز؟ |

سۆزنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى بوغۇملىرىدىكى [a]، [ɛ] تاۋۇشلىرى زادى ئاجىزلاشمايدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| k'ala | كالا | k'alasi | كالىسى |
| inɛ | ئانا | inɛsi | ئانىسى |
| dʐemɛ | تاپا - تەنە | dʐemɛsi | تاپا - تەنىسى |

⑩ ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئوك ئاسسىمىلياتسىيىسى كۈچلۈك. بۇ ھادىسە ئىگىلىك كېلىش (جۈملىدىن چۈشۈم كېلىش) تە s، z، k'، q'، l، m، t'، p'، ŋ/n شەكلىدە، ئىسىملارنىڭ سان كاتېگورىيىسىدە s، z، t'/l شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| dzan | جان | dzanni | جاننى، جانىنىڭ |
| q'oj | قوي | q'ojnu | قوينى، قوينىڭ |
| k'yn | كۈن | k'ynny | كۈننى، كۈنىنىڭ |
| siz | سىز | sizzi | سىزنى، سىزنىڭ |
| muz | مۇز | muzzu | مۇزنى، مۇزنىڭ |
| k'ɸz | كۆز | k'ɸzzy | كۆزنى، كۆزنىڭ |
| k'im | كىم | k'immi | كىمنى، كىمنىڭ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| q,ojum | قويۇم | q'ojummu | قويۇمنى، قويۇمنىڭ |
| k'φzym | كۆزۈم | k'φzymmy | كۆزۈمنى، كۆزۈمنىڭ |
| jɛŋ | يەڭ | jɛuŋŋi | يەڭنى، يەڭنىڭ |
| q'ojuŋ | قويۇڭ | q'ojuŋŋu | قويۇڭنى، قويۇڭنىڭ |
| sφzyŋ | سۆزۈڭ | sφzyŋŋy | سۆزۈڭنى، سۆزۈڭنىڭ |
| t'al | تال | t'alli | تالنى، تالنىڭ |
| jol | يول | j'ollu | يولنى، يولنىڭ |
| k'φl | كۆل | k'φlly | كۆلنى، كۆلنىڭ |
| bɛg | بەگ | bɛkk'i | بەگنى، بەگنىڭ |
| k'φryk' | كۆرۈك | k'φrykk'y | كۆرۈكنى، كۆرۈكنىڭ |
| syt' | سۈت | sytt'y | سۈتنى، سۈتنىڭ |
| at' | ئات | atti | ئاتنى، ئاتنىڭ |
| ot' | ئوت | ott'u | ئوتنى، ئوتنىڭ |
| gɛp' | گەپ | gɛpp'i | گەپنى، گەپنىڭ |
| at' | ئات | att'ar | ئاتلار |
| t'oj | توي | tojlor | تويلار |
| siz | سىز | sizzɛr | سىزلەر |
| mɛs | مەست | mɛssɛr | مەستلەر |
| k'φz | كۆز | k'φzzφr | كۆزلەر |

⑪ سۆز بېشىدا كەلگەن [r] تاۋۇشىنىڭ ئالدىدا بىر سوزۇق تاۋۇش كۆپىيىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| irɛsim | رەسىم | iras | راست |
| iraq'a | رەخت | orodzɛk' | رۇجەك |

⑫ سۆز ئوتتۇرىسىدا كەلگەن [ʁ] ، [g] تاۋۇشلىرى ياكى شۇ تاۋۇشلار كەلگەن بوغۇملار چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| bó(ʁur)soq‘ | بوغۇرساق |
| t‘ó(ʁ)roʁ ∼ tó(ʁ)roq‘ | توغراق |
| k‘økȳ(gy)n | كۆكمىيۈن |
| t‘ynȳ(gy)n | تۈنۈگۈن |
| k‘ī(gi)z | كىگىز |
| mȳ(ŋy)z ∼ mygyz | مۈڭگۈز |
| bylȳ(gy) | بىلەي |
| buzū(ʁu) | موزاي |

⑬ سۆز بېشىدا ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدىكى [t‘] تاۋۇشى [tʃ‘] غا نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| t‘iʃ | چىش | t‘yʃ | چۈش ۋاقتى |
| t‘yʃ - | - چۈش | t‘iʃi | چىشى |
| t‘uʃ | ئۇدۇل، تۇش | | |

⑭ ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى باشقا دىئا- لېكتلارغا نىسبەتەن كۆپ. كۆپىنچە ئۇچرايدىغانلىرى:

ʁ ، t‘ ، d ، (b) w/l

| | |
|---|---|
| jilʁa - | يىغلا - |
| alt‘a - | ئاتلا - |
| t‘alt‘iq‘ | تاتلىق |
| ilda di | پۈرىدى، ھىدلىدى. |

q'ilwɛ　　　　　　　　قىبلە

irwajim　ئىبراھىم (كىشى ئىسمى)　　(b)w ، g ، ʁ/r

burʁa　　　　　　　　بۇغرا

ørgøn –　　øgrɛn – >　　ئۆگەن

s ·k'/p' (b) ، m

ap'sap'　　　　　　　　ئەسۋاپ

tʃ'ɛpk'ɛn　　　　　　　　چەكمەن

⑮ سۆز بېشىدا s/ʃ، قوشۇمچىلاردا l/ʃ نۆۋەتلىشىش بار. مەسىلەن.

ʃina –　سىنا –　ʃinaq'　سىناق:

ʃaldza –　سالجا

q'ijmɛt'ʃi –　　قىممەتلەشمەك

jenik'ʃi –　　يېنىكلىمەك

jaq'inʃi –　　يېقىنلاشماق

uzaq'ʃi–　　ئۇزاقلاشماق

بۇ نۇقتا قۇمۇل شېۋىسىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

B. مورفولوگىيىلىك جەھەتتە

⑯ ئىگىلىك ۋە چۈشۈم كېلىش بىرلا «ni» (يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەنىدەك 28 ۋارىيانتى بار)» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

△ awaŋŋi aʃini tʃ'iq'ar
aram k'alani jaʁiʁa.

داداڭنىڭ نەزىرىنى بەرگىن، ھارام كالىنىڭ يېغى بىلەن (قوشاق)

بۇ مىسالدا «k'alani، awaŋŋi» ئىگىلىك كېلىشتە، «aʃini» سۆزى چۈشۈم كېلىشتە ھېسابلىنىدۇ.

لوپنۇر دىئالېكتىدا ئىگىلىك كېلىشنىڭ «-niŋ» فورمىسى پەقەت biz، sɛn، mɛn قاتارلىق شەخس ئالماشلىرى ئاخىرىغا «sajan، oχʃoʃ، ytʃ'yn، bilɛn» قاتارلىق ياردەمچى سۆزلەر ۋە tʃ'ɛ، dɛk' قاتارلىق قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ كەلگەندىلا كۆرۈلىدۇ، لېكىن ئىگىلىك مۇناسىۋەتنى بىلدۈرمەيدۇ. مەسىلەن:

△ seniŋ ytʃ'yn aŋlaʁan dɛrdim t'olo

سېنىڭ ئۈچۈن ئاڭلىغان دەردىم تولا. (قوشاق)

△ t'uzaʁ joqt'oj baramsɛn meniŋ bilɛn

تۇزاق يوقلاپ كېلەي، مېنىڭ بىلەن بارامسەن؟ (قوشاق)

△ ojnoj desɛm ɦ'ɛrk'im bā(r)
ala bojoq' seniŋtʃ'ɛ

ئويناي دېسەم، سېنىڭدەك تۇراقسىز، شالاقلاردىن ھەركىم بار. (قوشاق)

△ bizziŋ sajan tillɛri Erimɛjdu

بىزگە ياخشى گەپ قىلىپ قويۇشقا ئۇنىڭ تىللىرى بارمايدۇ. (قوشاق)

⑰ ھازىرقى - كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ بىرىنچى شەخس كۆپلۈكى ئۈچۈن «-miz» فورمىسى بىلەن بىللە «-wiz» مۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

k'et'ɛdimiz ~ k'et'ɛdiwiz

⑱ ھازىرقى - كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئۈچىنچى شەخس كۆپلۈكى ئۈچۈن «-lar» فورمىسى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

baradu ئۇ بارىدۇ    baradulā(r) ئۇلار بارىدۇ
jyryjdu ئۇ يۈرىدۇ    jyryjdulā(r) ئۇلار يۈرىدۇ

△ bizziŋ bilɛn barawɛrlɛ̄(r) baʁtʃ'ada jyryjdulā(r)

بىز بىلەن تەڭ كىشلەر قېرىلار باغچىسىدا يۈرۈشىدۇ.

⑲ ئىزچىل هازىرقى زامان پېئىل فورمىسى «-jat» تېخى سىنتېتىك فورمىغا ئايلىنىپ كەتمىگەن. مەسىلەن:

iʃt'ɛwjat'adu ئىشلەۋاتىدۇ

oq'uwjat'adu ئوقۇۋاتىدۇ

⑳ پېئىللارنىڭ ئىمكانىيەت تۈسى فورمىسى «-al» سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا بويسۇنىدۇرۇلمايدۇ. مەسىلەن:

q'ilalajdimɛn قىلالايمەن jasajaldim ياسيالىدىم

dejaldim دېيەلىدىم k'ɸralajdimɛn كۆرەلەيمەن

㉑ بۇيرۇق تەلەپ رايى ئىككىنچى شەخس كۆپلۈكتە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنى بويىچە «-lā(r)» «-lɛ̄(r)» قوشۇمچىلىرى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

aliŋlā(r) ئېلىڭلار

beriŋlɛ̄(r) بېرىڭلار

k'ɸryŋlɛ̄(r) كۆرۈڭلار

㉒ يۆنىلىش كېلىش «بىلەن» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

△ … ʁa k'ɸryʃt'ym.

… بىلەن كۆرۈشتۈم.

△ sɛn ʃoŋŋo gɛpt'ɛʃip' alaridiŋmu?

سەن شۇنىڭ بىلەن گەپلىشىۋالاتتىڭمۇ؟

△ oʁliʁa t'ap'iʃip' …

ئوغلى بىلەن تېپىشىپ …

㉓ بەزى ئالاھىدە فورمىلار بار. بۇلار:

a. «-ɛtʃʻi ،- atʃʻi//- tʃʻi» بىلەن ياسىلىدىغان سۈپەتداش فورمىسى. مەسىلەن:

△ sɛn kʻɸntʃʻigɛ baratʃʻi bolsoŋ…

سەن كۆنچىگە بارىدىغان بولساڭ…

△ bir iʃ qʻilatʃʻi bolsoqʻ…

بىر ئىش قىلىدىغان بولساق…

△ bir adɛmmi izzɛpʻ ∼ issɛpʻ tʻapatʃʻi bolso tʻapʻalmajdikʻɛnlā(r)

بىر ئادەمنى ئىزدەپ تاپماقچى بولسا، تاپالمايدىكەن.

△ qʻatʃʻan qʻojupʻ berɛtʃʻi bolso…

قاچان قويۇپ بەرمەكچى (بېرىدىغان) بولسا…

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا پېئىلدىن ياسىلىدىغان مۇنداق سۈپەتلەرنى تۆۋەندىكىدەك ئىككىگە بۆلۈپ بايان قىلىدۇ: بىرى، «ئوغۇز، قىپچاق، يەمەك، ياغما، ئارغۇ ۋە سۇۋارلاردىن پەچەنەكلەرگىچە بولغان كۆچمەنلەر» دە قوللىنىلىدىغان بَرْداجِي bardatʃʻi — بارغۇچى، بارىدىغان، تُرْداجى tʻurdatʃʻi — تۇرغۇچى — تۇرىدىغان» فورمىسىدىكى سۈپەت، يەنە بىرى «چىگىل، قەشقەر، بالاساغۇن، ئارغۇ، بارسغان ۋە يۇقىرى چىنغىچە بولغان ئۇيغۇر تىللىرى» دا قوللىنىلىدىغان « بُرْغُوجِي barʁutʃʻi — بارغۇچى، بارىدىغان، تُرْغُوجِي tʻurʁutʃʻi — تۇرغۇچى، تۇرىدىغان» فورمىسىدىكى سۈپەت.

لوپنۇر دىئالېكتىدىكى بۇ سۈپەتداشنى كېيىنكى خىلغا كىرگۈزگىلى بولمايدۇ. چۈنكى لوپنۇر دىئالېكتىنىڭ فونېتىكىلىق

خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە «غۇچى»، «گۇچى» فورمىلىرىدىكى [g]، [ʁ] تاۋۇشلىرىنى قىسقارغان دەپ پەرەز قىلغاندا، بۇ سۈپەتداش ھازىرقى زامان قازاق تىلىدىدىكىدەك «baruwtʃ‘i»، «t‘uruwtʃ‘i» بولۇشى كېرەك ئىدى. ۋەھالەنكى لوپنۇر دىئالېكتىدا بۇ سۈپەتداشنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدا [u] ئورنىدا [a] كەلمەكتە. بۇ يەردە ئىككىنچى بوغۇمدىكى [a] نىڭ [u] بىلەن نۆۋەتلىشىشىگە ئاساس يوق. شۇنىڭغا قارىغاندا، لوپنۇر دىئالېكتىدىكى بۇ سۈپەتداشنى ئالدىنقى خىلغا ياتقۇزۇشقا، يەنى پېئىل يىلتىزى بىلەن «tʃ‘i» قوشۇمچىسى ئارىلىقىدىكى «da» نىڭ [d] تاۋۇشى قىسقىراپ مۇشۇ ھالەتكە كەلگەن، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ①.

b. «-k‘ylyk‘، -gylyk‘//-q‘uluq‘، -ʁuluq‘» + شەخس فورمىسى.

بۇ فورما خوتەن دىئالېكتىدىكىدەك زۆرۈرىيەت رايى مەنىسىنى بىلدۈرمەيدۇ، بەلكى مەلۇم ھەرىكەتنىڭ ئىزچىل ئىكەنلىكىنى، ئادەتكە ئايلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

△ nEmEnEgɛ t‘uʁmaʁuluq‘sɛn?

نېمىشقا تۇغمايدىغانسەن؟

△ ʃu tʃ‘aqq‘atʃ‘ɛ nEmEnEgɛ saq‘ajmaʁuluq‘siz?

شۇ چاققىچە نېمىشقا ساقايمايدىغانسىز؟

△ ɸjyŋdyn k‘iʃi k‘elip‘ t‘urʁuluqt‘ū(r)?

ئۆيۈڭدىن كىشى كېلىپ تۇرىدىغاندۇر؟

---

① بۇ سۈپەتداش ھەققىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە II توم، 43 - بەت ۋە 64 - بەتلەردە بېرىلگەن بايانلارغا قاراڭ.

c. «–k‘y ،–gy//–qu ،–ʁu» ھەردەكەت نامەلىك
ۋى + tʃ‘ɛ + شەخس فورمىسى.

△ meni jáʃimʁa k‘irgytʃ‘ɛŋdɛ sɛnmu ʃondoq‘ bolosɛn.

مېنىڭ يېشىمغا كىرگۈچە سەنمۇ شۇنداق بولسەن.

△ k‘ønt ʃ‘igɛ maŋŋutʃ‘ɛsidɛ bizgɛ bir utʃ‘urap‘ k‘ɛtk‘ɛj.

كۆنچىگە ماڭغۇچە بىزگە بىر يولۇقۇپ كەتسۇن.

d. «–ʁan ،–qan//–gɛn ،–k‘ɛn –» سۆپەتداشلىرى +
ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى «–k‘i ،–qi» + «–da» فورمىسى.

△ bɛrgɛndɛk‘i tʃ‘ajiŋŋi galimʁa jut‘up‘ itʃ‘mɛj,

بەرگەن چېيىڭنى گېلىمغا يۇتۇپ ئىچمەي، (قوشاق)

△ baqq‘andaq‘i q‘ojunu øzy sojup jejalmaj,

باققان قويىنى ئۆزى سويۇپ يېيەلمەي (قوشاق)

## C. لېكسىكىلىق جەھەتتە

لوپنۇر دىئالېكتىنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكى مۇنداق:
بىرىنچىدىن، ئۇنىڭدا باشقا دىئالېكتلاردا ئۇچرىمايدىغان
dzara — كىرپە، gøk‘y — بېلىق تۇتىدىغان قارماق،
gølmø — بېلىق تورى، gøn — چوكقۇر، t‘oroʃɛn —
چوشقىنىڭ كۈچۈكى، ʁarʁalt‘a — كېپە توختايدىغان جاي
قاتارلىق موڭغۇل تىلى سۆزلىرى كەڭ قوللىنىلىدۇ.
ئىككىنچىدىن، tʃ‘ølmøg — كىچىك كۆلچەك، q‘ara siŋŋɛk‘—
چىۋىن، sat‘ — پەيت، ياخشى پەيت، jezɛk‘ — زەربە،
دەككە، t‘yŋyl — ئايرىل -، ئۆمىد ئۈز -، q‘aratʃ‘i — ئاد-

دىي پۇقرا، -t‘alq‘it‘ — چۈۋۈ-، sewit‘ — سۆيۈنچە، ol — ئۈچىنچى شەخس كىشىلىك ئالمىشى، jaŋŋu ~ ajaŋŋu — ئەكس سادا، -asiʁda ~ assiʁda- قىسىماق، كۆزى قىپماسلىق، -esirk‘ɛ — ئاسراش، ئاۋايلاش، k‘ϕlygɛ — سايە قاتارلىق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىنىڭ قوللىنىلىپ كېلىشى ۋە بۇلاردىن باشقا p‘yrdʐɛ — پۇرسەت، dɛwɛsk‘ɛl — قېلىن كۆرپە، tʃ‘aq‘tʃ‘iʁar — چولپان يۇلتۇزى، ϕdygɛn — ئاغمىخان، t‘oχʃurʁuq‘ — كۆسەي، ʁariʃt‘amal — شەپەرەڭ، p‘ut‘a — يۇلغۇن، sarwa — غۇنان تاي، q‘ulaj — يىڭناغۇچ قاتارلىق سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىشى لوپنۇر دىئالېكتىنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ھېسابلىنىدۇ.

لوپنۇر دىئالېكتى جەنۇب (چاقىلىق) تا خوتەن دىئالېكتى بىلەن، شىمالدا قۇمۇل، تۇرپان شېۋىلىرى بىلەن، غەربتە تارىم، كۇچا شېۋىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. شۇڭا جەنۇب تەرەپتىن ئالغاندا خوتەن دىئالېكتى لوپنۇر دىئالېكتىنىڭ مىرەن رايونىغا j/r نۆۋەتلىشىش جەھەتتىن تەسىر قىلغان، بۇنى ئە. ر. تېنىشېۋ لوپنۇر دىئالېكتىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى دەپ كۆرسىتىدۇ، س. يې. مالوۋ خاتىرىلىگەن بىر قىسىم تېكىستلار مىرەن ۋە يېڭىسۇدىن بولۇپ، j/r نۆۋەتلىشىش جەھەتتە خوتەن دىئالېكتىنىڭ تەسىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە j/r نۆۋەتلىشىش لوپنۇر دىئالېكتىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئەمەس.

شىمال تەرەپتىن ئالغاندا، قۇمۇل شېۋىسىدە ئېنىق ھازىرقى كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ لوپنۇرغا ئوخشىشىپراق baridimɛn، k‘elidimɛn شەكلىدە قوللىنىلىشى، شۇنىڭدەك قۇمۇل شېۋىسىدە ۋە قىسمەن تۇرپان شېۋىسىدە ئىگىلىك كېلىش بىلەن چۈشۈم كېلىشنىڭ لوپنۇر دىئالېكتىدەك بىر قوشۇمچە ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى

بەزنى بۇلار بىر ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ تىلى بولغان بولسا كېرەك، دېگەن تونۇشقا كەلتۈرىدۇ. بۇ كېيىنكى ئالاھىدىلىك ۋە بىر قىسىم ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيىسى ئۇيغۇر - قارلۇق تارماق گۇرۇپپىسى ئىچىدە يالغۇز ئۇيغۇر تىلى دائىرىسىدىلا كۆرۈلۈپ قالماستىن ھەتتا ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىنىڭ تاشكەنت دىئالېكتىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. ① مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ لوپنۇر دىئالېكتى تارىخىي جەھەتتىن قانداقتۇر قىرغىز تىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولماي، بەلكى، قۇمۇل، تۇرپان شېۋىسىدە سۆزلەشكۈچى ئاھالە بىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن بىر تىل تارماق گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولۇپ تۇرغان ئۆزبېك تىلىنىڭ تاشكەنت شېۋىسىدە سۆزلىشىدىغانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

لوپنۇر دىئالېكتىنىڭ بەزى مۇھىم تىل ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بولۇپمۇ مەركىزىي دىئالېكت تەركىبىدىكى قۇمۇل ۋە تۇرپان شېۋىلىرىدە كۆرۈلۈشى، بىرىنچى بوغۇمدىكى [a] نىڭ ئاجىزلاشماسلىق ئەھۋالىنىڭ خوتەن دىئالېكتى تەركىبىدىكى گۇما شېۋىسىدە كۆرۈلۈشى لوپنۇر دىئالېكتىنى ئايرىم بىر دىئالېكت دەپ ئايرىپ چىقىشقا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، چۈنكى بۇ تىل ھادىسىلىرى مەركىزىي دىئالېكت بىلەن خوتەن دىئالېكتىنىڭ ئاساسىي قىسمىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئەمەس.

① «ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلى»، 317 - بەت، 1957 - يىل، تاشكەنت.

## 4. كەلپىن شېۋىسى

كەلپىن شېۋىسى جۇغراپىيىۋى جەھەتتىن مەركىزىي دىئالېكت رايونى ئىچىدە بولغان كەلپىن ناھىيىسى ئاھالىسىنىڭ قوللىنىدىغان شېۋىسىدۇر.

كەلپىن ناھىيىسى ھازىر كەلپىن بازار ئىچى، گەزلىك يېزىسى، يۇرچى يېزىسى ①، ئاچال يېزىسى دېگەن تۆت مەمۇرىي رايونغا بۆلۈنىدۇ. بۇلاردىن ئاچال يېزىسى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ غەربىي يېزىلىرى بىلەن چېگرىداش. كەلپىن بازار ئىچىدىمۇ ئانچە - مۇنچە سىرتتىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلار بار. شۇڭا كەلپىن شېۋىسىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلىدىغان رايونلىرى گەزلىك بىلەن يۇرچى ھېسابلىنىدۇ (بىز ئاساسەن گەزلىكنىڭ تىل خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە تونۇشتۇرىمىز).

كەلپىننىڭ ھازىرقى نوپۇسى 30 مىڭ ئەتراپىدا. 1986 - يىلدىكى مەلۇمات بويىچە گەزلىك يېزىسىدا 9936، يۇرچى يېزىسىدا 8631 نوپۇس بار.

---

① كەلپىن ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسەن «يۇرچى» دېگەن نامنى تارىختىكى «月氏» بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراشقا بولىدۇ. مۇندىن باشقا ئاقسۇ قۇمباشتىمۇ «يۇقىرى يۇرچى»، «تۆۋەن يۇرچى» دېگەن ئىككى يېزا بار.

كەلپىن شېۋىسى دىئالېكتلارغا قويۇلغان ئاساسىي ئۆلچەم بويىچە خوتەن دىئالېكتىغا ئوخشاشسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن باشقا ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىن مەركىزىي دىئالېكت تەركىبىدىكى تارىم ۋە قەشقەر شېۋىلىرىگە ئوخشىشىدۇ، شۇنىڭدەك ئۆزىگە خاس بەزى ئالاھىدىلىكلىرىمۇ بار. شۇ سەۋەبتىن بۇ شېۋە ئالاھىدە شېۋە قىلىپ كۆرسىتىلدى.

## كەلپىن شېۋىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

1) ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى

① كەلپىن شېۋىسى ھازىرقى - كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ فورمىسى جەھەتتە خوتەن دىئالېكتىغا تامامەن ئوخشاش.

مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| bar - | baritmɛ(n) | | بارىمەن |
| | baritmiz | | بارىمىز |
| q'il - | q'ilitmɛ(n)∼q'i(li)tmɛ(n) | | قىلىمەن |
| | q'ilitmiz∼q'i(li)tmiz | | قىلىمىز |
| barisɛn | بارىسەن | baris(i)lē(r) | بارىسىلەر |
| barisiz | بارىسىز | baritɕa | بارىدىلا |
| qilisɛn | قىلىسەن | q'ilisiz∼qī(li)siz | قىلىسىز |
| | | q'ī(li)tɕa | قىلىدىلا |
| bari't'u | بارىدۇ | q'ilit'u∼q'i(li)t'u | قىلىدۇ |

△ p'aldi bilɛn **jerip'** q'alajtmiz.

پالتا بىلەن **يېرىپ** قالايمىز.

△ ʁɛlwi̠(r) salmīʁutʃ'ɛ buʁdaj p'ak'iz bolmajt'u.

غەلۋىر سالمىغۇچە بۇغداي پاكىز بولمايدۇ.

△ itʃk'ili su alīt miz.

ئىچكىلى سۇ ئالىمىز.

△ maŋmaχtʃ'i bolap' t'uruj'tmɛ(n)

ماڭماقچى بولۇپ تۇرىمەن.

② پۈتمىگەن سۈپەتداش فورمىسى جەھەتتە خوتەن دىئالېكتىغا تامامەن ئوخشىشىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| al - | alitq'an | ئالىدىغان |
| aŋla - | aŋlajtq'an | ئاڭلايدىغان |
| q'oʃalma - | q'oʃalmajtq'an | قوشۇلمايدىغان |
| tiŋʃɛ - | t'iŋʃɛjtq'an | تىڭشايدىغان |

△ q'ojdin bɛʃni ɛpk'iritq'an boldam.

قويدىن بەشنى ئەكىرىدىغان بولدۇم.

△ k'Isitq'an ɛdɛmni t'ep'ip' kɪ'lit'u.

كېسىدىغان ئادەمنى تېپىپ كېلىدۇ.

△ ȳ(r)k'yjtq'an aʰtk'ɛn.

ئۈركۈيدىغان ئات ئىكەن.

2) قوشۇمچە خۇسۇسىيەتلىرى

A. فونېتىكىلىق جەھەتتە

a. ئۈزۈك تاۋۇشلار بويىچە

① g/w نۆۋەتلىشىش ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت. مەسىلەن:

dzugan جۇۋان t'agā(r) تاۋار

dzugaz جۇۋاز jagaʃ ياۋاش

ɛndygɛ ئەندۈۋا uga ئۇۋا (قۇشنىڭ ئۇۋىسى)

مۇنداق ئۆۋەتلىشىش ھەتتا كۆرستىش ئالماشلىرىدىمۇ بار.

مەسىلەن:

magu, mogu～mo～mowu ماۋۇ

ɛ̄gu ئەۋۇ ī̜gu ئىۋۇ t'ɛ̄gu ئەۋۇ

t'ī̜gu ئەۋۇ

② سۆز بېشىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا بىر [ɦ] كۆپىنچە ياكى سۆز بېشىدىكى [j] تاۋۇشىنىڭ [ɦ] لىشىشى جەھەتتىن باشقا شېۋىلەرگە قارىغاندا، ئاتۇش ۋە قەشقەر شېۋىلىرىدە يېقىن. مەسىلەن:

ɦaŋʁuq' ئاڭغۇق

ɦarʁij ئايغىر

ɦildam ئىلدام

ɦagul ئاۋۇل، ھويلا

ɦalɛm ئالەم

ɦeq'illiʁ ئەقىللىق

ɦɛjnɛk' ئەينەك

ɦeziz ئەزىز (كىشى ئىسمى)

ɦabdirā(χ)man ئابدۇراخمان (كىشى ئىسمى)

③ سۆز بېشىدا ئىككىنچى سوزۇق تاۋۇشلار ئالدىدا z/j ئۆۋەتلىشىش يوق. مەسىلەن:

jil يىل jilan يىلان

jir - يىر - jilman يىلمان

| | | | |
|---|---|---|---|
| jyk‘ | يۈك | jygɛn | يۈگەن |
| iχil | | iχilip k‘ɛtt‘i | يىقىلىپ كەتتى |
| jut‘ | | | يۇرت |
| julduz | يۇلتۇز | jum - | يۇم - |

△ k‘φzlirini jum(u)baldila.

كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدىلا.

مۇنداق شارائىتتىكى [j] بەزەن [s]، [ʃ] تاۋۇشلىرى بىلەنمۇ نۆۋەتلىشىدۇ، لېكىن مۇنداق سۆزلەر بەك ئاز. مەسىلەن:

ʃip — يىپ

△ jyzigɛ ʃip‘ saldurup‘.

يۈزىگە يىپ سالدۇرۇپ...

suq‘ - — يۇق -

△ suq‘uʃup‘ q‘a(li)pt‘u

يۇقۇشۇپ قاپتۇ.

④ [ʃ] بىلەن ئاياغلاشقان بىر قىسىم سۆزلەردە سۆز بېشىدىكى [t‘] نىڭ [tʃ‘] بىلەن نۆۋەتلىشىشى ئۇمۇمىيۈزلۈك. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| tʃ‘iʃ | چىش | tʃ‘iʃim | چىشىم |
| tʃ‘yʃ | چۈش | tʃ‘yʃym | چۈشۈم |
| tʃ‘yʃ- | چۈش - | tʃ‘yʃyk‘ | چۈشۈك |

△ on t‘uʁutt‘in bij tʃ‘yʃyk‘ jaman

ئون تۇغۇتتىن بىر چۈشۈك يامان.

tʃ‘yʃɛ - — چۈشە -

△ aʰt‘ni tʃ‘yʃɛp‘ q‘ojdaq‘.

ئاتنى چۈشەپ قويدۇق.

⑤ tʃʻ/s نۆۋەتلىشىش بار. مەسىلەن:

tʃʻaʰtʃʻ- چاچ- tʃʻeʰtʃʻiwattʻim چېچىۋاتتىم

tʃʻatʃʻ چاچ

tʃʻatʃqʻa asitqʻan gojɛkʻ.

چاچقا ئاسىدىغان چاچتەڭگە.

tʃʻaʃra- چاچرا-

پەقەت satʃqʻan ، sytʃʻyg - atʃtʃʻiʁ سۆزلىرىدىلا نۆۋەتلەشمەيدۇ.

△ sytʃʻytʻypʻ pʻolu qi̅(li)tmiz.

چۈچۈتۈپ پولۇ قىلىمىز.

⑥ [i] بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ بەزىلىرىدىلا بوغۇم ئاخىرىدىكى [r] تاۋۇشى [j] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. بۇ نۇقتىدا كەلپىن شېۋىسى خوتەن دىئالېكتىغا قىسمەن ئوخشىشىدۇ. مەسىلەن:

bir بىر bijsi بىرى

qʻir ~ qʻij قىر eʰtʻisniŋ qʻiri ئېتىزنىڭ قىرى

△ jɛ̅(r)ni qʻijliduqʻ

gijdɛ گىردە

kʻij- △ mi̅ma̅n kʻijdi. مېھمان كىردى.

qʻir- ~ qʻij-

△ qʻi̇jipʻ jɪdi. قىرىپ يېدى.

qʻijmaqʻ قىرماق sytʻnig qʻijmiqʻi سۈتنىڭ قىرمىقى

⑦ سۆز ئاخىرىدىكى [ʁ]، [g] تاۋۇشلىرى ئومۇمەن قەدىمكى تۈركىي تىللار خۇسۇسىيىتى بويىچە ئەينەن ساقلانغان. بۇ نۇقتىدا خوتەن ۋە لوپنۇر دىئالېكتلىرىغا ئوخشىشىدۇ.

jenig يېڭىدك ɛllig ئەللىك

atʃtʃ'iʁ – sytʃ'yg ئاچچىق – چۈچۈك

k'ɸṅɛg كۆنۈك

itt'ig ئىتتىك

jirig يىرىك

bɛlɛt'lig بېلەتلىك

ulaʁ ئۇلاغ

q'ojaʁ قويۇق

seriʁ سېرىق

t'olʁaʁ تولغاق

△ t'olʁaʁ t'ut'up' q'a(li)pt'u.

issiʁ ئىسسىق k'itʃ'ig كىچىك

ئەدەبىي تىلدىكى ئوخشاتما كېلىش قوشۇمچىسى «-t'ɛk' – dɛk'» ۋە ئوخشىتىش ئالماشلىرى ئاخىرىدىكى [q'], [k'] تاۋۇشلىرى [g], [ʁ] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

jil, jildɛg يىلدەك

△ on jildɛg boldi.

ئون يىلدەك بولدى.

q'oj, q'ojdɛg قويدەك

ojna – ojnatq'idɛg ئويناتقۇدەك

△ ojnatq'idɛg bolʁanda...

ئويناتقۇدەك بولغاندا ...

mundaʁ مۇنداق ʃundaʁ شۇنداق

andaʁ ئانداق bundaʁ بۇنداق

⑧ تەركىبىدە [k‘]، [g] تاۋۇشلىرى كەلگەن ئەرەب-پارس تىلى سۆزلىرى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىشتە ئەينەن ئۆزلەشكەن. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| gul | گۈل | gó(r) | گۆر |
| gal | گال | gunā(h) | گۇناھ |
| goʃ | گۆش | gugut‘ | گۇگۇت |
| gol | گول | gólla- | گوللا- |
| k‘ó(ɦ)na | كونا | | |

⑨ ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىلىقىدىكى [k‘]، [q‘]، [p‘] تاۋۇشلىرى مۇقىملىقىنى ساقلايدۇ، مەزكۇر تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدىكى [i] تاۋۇشى ئومۇمەن سەل سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| milt‘iq‘ | | milt‘ī q‘im | مىلتىقىم |
| t‘ajaq‘ | | t‘ajī q‘im | تايىقىم |
| tʃ‘elɛk‘ | | tʃelik‘im | چېلىكىم |
| k‘ewɛk‘ | كېپەك | k‘ewik‘i | كېپىكى |
| ki‘t‘ap‘ | | k‘it‘īp‘im | كىتابىم |

⑩ بىر بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ بوغۇم ئاخىرىدا، كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئوچۇق بوغۇملىرىدىن كېيىنكى بوغۇم بېشىدا χ/q‘ نۆۋەتلىشىشى بار. مەسىلەن:

jaχ- ياق-

△ joʁan jaχitmiz. يوغان ياقىمىز.

△ t‘awlap‘ jaχalmajtmiz تاۋلاپ ياقالمايمىز.

tʃ‘aχ- چاق- tʃ‘aχiwat‘- ~ tʃ‘eχiwat‘- چېقىۋەت-

saχ ساق sexi سېقى

q‘irχ قىردق

q‘ijχi ~ q‘irχi ~ q‘ijχisi (قىردق نەزىرى) قىردقى

oχ ئوق ɦarwiniŋ oχi هارۋىنىڭ ئوقى

oχu - ئوقۇ oχuwat‘idu ئوقۇۋاتىدۇ

q‘ijχi - قىرقى ɛtʃk‘yni q‘ijχip‘… ئۆچكىنى قىرقىپ…

tʃ‘eχitmaq‘ ~ tʃ‘etmaq‘ (بىر خىل ئۆسۈملۈك) چېغىرتماق

t‘oχu - ~ t‘uχi - bapk‘ā(r) t‘oχujt‘u بابكار توقۇيدۇ.

△ ʃiʃini t‘uχi! ماتانى توقۇ!

jaχa ياقا

△ tʃ‘ap‘anniŋ jaχi̅si چاپاننىڭ ياقىسى

ixil - يىقىل - iχilip‘ يىقىلىپ

p‘oχaq‘ پوقاق

⑪ بىر بوغۇملۇق پېئىللارنىڭ ئاخىرىدىكى [p‘] تاۋۇشى، كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئوچوق بوغۇملىرىدىن كېيىن بوغۇم بېشى بولۇپ كەلگەن [p‘] تاۋۇشى ياكى كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە [l]، [r]، [d] تاۋۇشلىرىنىڭ يېنىدا كەلگەن [p‘] تاۋۇشى [w] بىلەن ئۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

q‘o$^{h}$p‘ - قوپ - q‘o$^{h}$wap‘ قوپۇپ

△ ɛ$^{h}$t‘igɛn q‘o$^{h}$wutmiz. ئەتىگەن قوپىمىز.

k‘ϕ$^{h}$p‘ - كۆپ -

△ k‘ϕ$^{h}$wɛp‘ tʃ‘iχit‘u. كۆپۈپ چىقىدۇ.

ja$^{h}$p‘ - ياپ je$^{h}$wintʃ‘a يېپىنچا

△ je$^{h}$ wintʃ‘aq‘liniwaldila. يېپىنچاقلىنىۋالدىلا.

| | | | |
|---|---|---|---|
| oq'up' | ئوقۇپ | o'q'uwla... | ئوقۇپلا... |
| dzawduq' | جابدۇق | χɛwryk' | خەۋرۈك |
| k'irwi | كىرپە | owdan | ئوبدان |
| q'ulwi | قۇلۇپ | k'ɛlwin | كەلپىن |
| ʃó(r)wa | شورپا | t'ó(r)waq' | توپاق |
| ɸrɛ – t'ɸwɛ | ئۆرە – تۆپە | k'awam | كاپام |

△ ɸrɛ – t'ɸwɛ boldaɳlɛ̄(r), issiʁ itʃ'iŋlɛ̄(r)dɛp'...
ئۆرىتۆپە بولدۇڭلار، ئىسسىقلىق بىرنەرسە ئىچىڭلار، دەپ...

△ bajniŋ t'ó(r)wiq'jdɛg sımiz

باينىڭ توپىقىدەك سېمىز

لېكىن [p'] بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدا ئىنگىز ياكى سەل ئىنگىز سوزۇق تاۋۇشلار كەلگەن بولسا، ياكى پەس سوزۇق تاۋۇشلار كەلگەن بولسىمۇ، ئاجىزلىنىش نەتىجىسىدە ئىنگىز سوزۇق تاۋۇشلارغا ئايلىنىپ كەتسە، مۇنداق شارائىتتا w/p' نۆۋەتلىشىشى كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| dzup' | جۇپ | dzup'i | جۇپى |
| t'urup' | تۇرۇپ چامغۇر | t'urup'imiz | تۇرۇپ چامغۇرىمىز |
| t'op' | توپ | t'op'am | توپۇم |
| ḥesip' | ھېسىپ | ɦesip'im | ھېسىپىم |
| gɛp' | گەپ | gıp'im | گىپىم |
| k'awap' | كاۋاپ | k'awip'im | كاۋىپىم |

تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇملىرىدىكى پەس سوزۇق تاۋۇش ئىنگىز سوزۇق تاۋۇشقا ئايلانمايدۇ، شۇڭا w/p' نۆۋەتلىشىشى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| insap‘ | ئىنساپ | insawi | ئىنساپى |
| t‘anap‘ | تاناپ | t‘anawi | تاناۋى |
| ɛt‘rap‘ | ئەتراپ | ɛt‘rawini | ئەتراپىنى |

⑫ [l] بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللار بولۇشسىزلىق فورمىسى بىلەن ياكى «maq‘ –، mɛk‘ – » مەستەر قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەندە، مەزكۇر [l] تاۋۇشى شىمالىي شېۋىلەردىكىدەك چۈشۈپمۇ قالمايدۇ، قەشقەر شېۋىسىدىكىدەك ئاسسىمىلياتسىيىمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن:

al – alma – ئالما almaq‘ ئالماق almaχtʃ‘i ئالماقچى
k‘ɛl– k‘ɛlmɛ – كەلمە k‘ɛlmɛk‘ كەلمەك k‘ɛlmɛktʃ‘i كەلمەكچى

⑬ [s] تاۋۇشنىڭ ئالدىدا f/p‘ نۆۋەتلىشىشى بار. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| t‘ap‘ – | t‘afsam تاپسام | | tʃ‘afsan چاپسان |
| dɛ – | dɛfsɛ̄(n) دەپسەن | | jafsa ياپسا |

b. سوزۇق تاۋۇشلار بويىچە

① سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [a] تاۋۇشى ئەدەبىي تىلدىكىدەك [e] غا ئاجىزلاشسىمۇ، [ɛ] تاۋۇشى [ı] غا، بەزىدە [i] غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| dʐan | جان | dʐeni | جېنى |
| sɛn | سەن | sını | سىنى |
| al – | ئال – | elip‘ | ئېلىپ |
| sal – | سال – | selip‘ | سېلىپ |
| k‘ɛt‘ – | كەت – | k‘ıtip‘ | كېتىپ |
| jɛ – | يە – | jiwaldi | يەۋالدى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| dɛ – | – ده | diwaldim | دەۋالدىم |
| jimiʃ | يىمىش | | |
| t‘ɛ̄(r) | – تەر | | |

△ p‘ɪ̄ʃiŋligɛ t‘ɪ̄rŋilɛ̆̄(r). پىشىڭلارغا تىرىڭلار

| | |
|---|---|
| bɛ(r) – | – بەر |

△ dɛp‘ bɪ̄riŋ. دەپ بىرىڭ

ئىككىنچى، ئۈچىنچى بوغۇملاردىكى [a]، [ɛ] نىڭ ئاجىز-لىشىشى ئەدەبىي تىلدىكىدەك، ئاجىزلاشقان سوزۇق تاۋۇش سەل سوزۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| at‘a | ئاتا | at‘ɪ̄si | ئاتىسى |
| ap‘a | ئاپا | ap‘ɪ̄si | ئاپىسى |
| ɛdɛm | ئادەم | ɛdɪ̄mi | ئادىمى |

② كەلپىن شىۋىسىدە لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى شىمالىي شىۋىلەرگە نىسبەتەن ئاجىز. پەقەت بىر-قانچىلا ئىككى بوغۇملۇق سۆزدە مۇنداق ئاھاڭداشلىق كۆرۈلگەن-دىن سىرت، قالغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى تۆپ سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا [o]، [ø] تاۋۇشلىرى كەلسە، ئىككىنچى بو-غۇمىدا ياكى شۇ سۆزلەرگە قوشۇلغان قوشۇمچىلاردا، شۇنىڭدەك [o]، [ø] بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇلغان قوشۇمچىلاردا [u] ئورنىغا [a]، [y] ئورنىغا [ɛ] قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى بويىچە تۈزۈلگەن سۆزلەر:

| | |
|---|---|
| t‘oʰqq‘us | توققۇز |
| ŏtt‘us | ئوتتۇز |

| | |
|---|---|
| χot‘un | خوتۇن |
| ū(j)q‘u | ئۇيقۇ |

لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى بويىچە تۈزۈلمىگەن ياكى شۇ بويىچە تۈرلەنمەيدىغان سۆزلەر (تۈپ سۆزلەردىن):

| | | | |
|---|---|---|---|
| q‘oŋʁaz | قوڭغۇز | bojan | بويۇن |
| oʁal | ئوغۇل | oran | ئورۇن |
| ϕt‘ɛk‘ | ئۆتۈك | k‘ϕmɛ̄(r) | كۆمۈر |
| k‘ϕŋɛl | كۆڭۈل | | |

ياسالما سۆزلەردىن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ϕlɛm | ئۆلۈم | ϕlɛg | ئۆلۈك |
| ϕsɛg | ئۆسۈك | k‘ϕiɛk‘ | كۆيۈك |
| k‘ϕnɛg | كۆنۈك | | |

bolaq‘ بولۇق △ bolaq‘ mant‘a بولۇق مانتا

jollaq‘ يوللۇق △ jollaq‘ t‘utt‘uq‘ يوللۇق تۇتتۇق

sϕllɛg سۆللۈك

sϕllɛg t‘amaq‘ سۆلى بار تاماق، سۆللۈك تاماق

سۆز تۈرلىنىشىدىن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| q‘ol | قول | q‘olam | قولۇم |
| | | q‘olaŋ | قولۇڭ |
| k‘ϕz | كۆز | k‘ϕzɛm | كۆزۈم |
| | | k‘ϕzɛŋ | كۆزۈڭ |
| soχaʃ | سوقۇش | k‘ϕrɛʃ | كۆرۈش |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ó(r) – | ئۇر – | orap‘ | ئۇرۇپ |
| k‘ϕ(r) – | كۆر – | k‘ϕrɛp‘ | كۆرۈپ |
| q‘oj – | قوي – | q‘ojap‘ | قويۇپ |
| bϕl | بۆل – | bϕlɛp‘ | بۆلۈپ |
| ó(r) – | ئۇر – | ó(r)daq‘ | ئۇردۇق |
| q‘oʰʃ – | قوش | q‘oʰʃt‘aq‘ | قوشتۇق |
| | | q‘oʰʃt‘am | قوشتۇم |
| | | q‘oʰʃt‘aŋ | قوشتۇڭ |
| bol – | بول – | boldam | بولدۇم |
| | | boldaŋ | بولدۇڭ |
| k‘ϕ̄(r) – | كۆر | k‘‾ϕ(r)dɛm | كۆردۈم |
| | | k‘‾ϕ(r)d̦ɛŋ | كۆردۈڭ |
| | | k‘‾ϕ(r)dɛk‘ | كۆردۈق |
| ϕʰt‘ – | ئۆت | ϕʰtt‘ɛm | ئۆتتۈم |
| | | ϕʰtt‘ɛŋ | ئۆتتۈڭ |
| | | ϕʰtt‘ɛk‘ | ئۆتتۈق |
| bol – | بول – | bolaŋ | بولۇڭ |
| k‘‾ϕ(r) | كۆر – | k‘ϕrɛŋ | كۆرۈڭ |
| k‘ϕrɛndi | كۆرۈندى | oraldi | بۇغداي ئورۇلدى |
| k‘ϕj – | كۆي – | k‘ϕjdɛ̄(r)dim | كۆيدۈردۈم |
| soj – | سوي – | sojdā(r)dim | سويدۇردۇم |
| ϕʰl – | ئۆل – | ϕʰlt‘ɛ̄(r)dim | ئۆلتۈردۈم |
| k‘ϕt‘ɛ̄(r) – | كۆتۈر – | k‘ϕt‘yrɛp‘ | كۆتۈرۈپ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ɸt‘ɛk‘ | ئۆتۈك | ɸt‘yk‘ɛm | ئۆتۈكۈم |
| bojan | بويۇن | bojnam | بوينۇم |
| oʁal | ئوغۇل | oʁlam | ئوغلۇم |

a — o، ɛ — ɸ قۇرۇلۇشىدىكى سۆزلەر تۈرلەنگەندە ئۈچىنچى بوغۇمدا [a]، [ɛ] ئورنىغا [i] كېلىشىمۇ مۇمكىن.

| | | | |
|---|---|---|---|
| ojan | ئويۇن | ojunim | ئويۇنۇم |
| t‘oχam | توقۇم | t‘oχumim | توقۇمۇم |

ئىككىنچى بوغۇمدا [o]، [ɸ] كېلىدىغان سۆزلەر گەزلىك يېزىقىدا يوق، يۇرچى يېزىقىدىلا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| k‘owok‘ | (k‘awak | گەزلىكتە) | كاۋاك |
| mozoj | (mozaj | گەزلىكتە) | موزاي |
| nogoj | (nogaj | گەزلىكتە) | نوگاي |
| oŋoj | (oŋaj | گەزلىكتە) | ئوڭاي |
| osol | (osal | گەزلىكتە) | ئوسال |

③ جىددىي سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بولۇشى كەلپىن شېۋىسىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى. كەلپىن شېۋىسىدە كۆپىنچە [a]، [ɛ]، [o]، [ɸ] سوزۇق تاۋۇشلىرى بىر قىسىم سۆزلەردە [t‘]، [p‘]، [k‘]، [q‘]، [tʃ‘] تاۋۇشلىرىنىڭ ئالدىدا جىددىي سوزۇق تاۋۇش بولۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. كەلپىنلىكلەر بۇ سوزۇق تاۋۇشلارغا ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ، بۇ تاۋۇشلارنى چىقارغاندا، خۇددى سوزۇق تاۋۇشتىن كېيىن بىر [ɦ] تاۋۇشى قوشۇلۇپ چىققاندەك بولىدۇ، دېيىشىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| a$^{h}$t‘ - | ئات - | △t‘aʃ a$^{h}$t‘. | تاش ئات. |
| a$^{h}$t‘ | ئات | △a$^{h}$t‘ mynyp‘ k‘ɛl | ئات مىنىپ كەل |

q‘aʰt‘ قات △ikk‘i q‘aʰt‘ k‘ɸ̄(r)p‘itʃ‘ɛk‘
ئىككى قات كۆرپە

q‘aʰtlima nan قاتلىما نان
q‘aʰtmu q‘aʰt‘ قاتمۇ قات

q‘aʰt‘- قات- △aʁramtʃ‘ini q‘aʰt. ئارغامچىنى قات.
saʰt‘- سات- △alma saʰtq‘in. ئالما ساتقىن.
aʰtʃ‘- ئاچ- △ʃik‘ni aʰtʃ‘ ئىشىكنى ئاچ.
k‘ɸʰtʃ‘- كۆچ- △mo dyjdin k‘ɸʰtʃt‘i
بۇ دۈيدىن كۆچتى.
tʃ‘ɸʰp‘ چۆپ △aʃniŋ tʃ‘ɸʰ‘i ئاشنىڭ چۆپى

| | | | |
|---|---|---|---|
| dɛʰpt‘ɛ(r) | دەپتەر | sɛʰkk‘is | سەككىز |
| eʰt‘is | ئېتىز | t‘ɛʰp‘- | تەپ - |
| t‘oʰqq‘us | توققۇز | g‘oʰp‘- | قوپ - |
| nɛʰtʃtʃ‘ɛ | نەچچە | jaʰp‘- | ياپ - |
| t‘oʰp‘ | توپ | daʰp‘ | داپ |
| χɛʰt‘ | خەت | aʰt‘la- | ئاتلا - |
| t‘aʰt‘liʁ | تاتلىق | | |

«lt‘، jt‘، rt‘» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاخىرلاشقان بوغۇملاردا مەزكۇر [r] [j] ۋە [l] تاۋۇشلىرى چۈشۈپ قېلىپ، [t‘] تاۋۇشى يەنىلا سوزۇق تاۋۇشقا ياندىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن جىددىي سوزۇق تاۋۇشلار پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن:

t‘art‘- ᐳt‘aʰ(r)t‘- تارت -
ejt‘- ᐳeʰ(j)t‘ ئېيت -

altmiʃ >aʰ(l)tmiʃ ئاتمىش (سان)

جىددىي سوزۇق تاۋۇشلاردىن [a]، [ɛ] لەر ئاجىزلىشىپ [e] غا ئايلانغاندىمۇ ئۇنىڭ جىددىيلىكى يوقالمايدۇ. مەسىلەن:

qʻaʰtʻ - قات -

△ɪʃɛkʻni ɦarwiʁa qʻeʰtʻiwatʻ

ئىشەكنى هارۋىغا قېتىۋات.

saʰtʻ - سات

△seʰtʻiwal سېتىۋال

tʻɛʰpʻ - △χaman tʻɪʰwitmiz خامان تېپىمىز

جىددىي سوزۇق تاۋۇشلار تۆپەيلىسىدىن ئەدەبىي تىلدا ئومۇمەن ئاهاڭداش دەپ قارىلىپ كەلگەن تۆۋەندىكى سۆزلەر كەلپىن شىۋىسىدە ناهايىتى روشەن هالدا تەلەپپۇزى ۋە مەنىسى جەھەتتە پەرقلىنىدىغان سۆزلەر دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن:

tʻaʰpʻ - تاپماق — پېئىل

tʻapʻ تاپ — ئىسىم

△tʻapʻ salduqʻ. تاپ سالدۇق.

kʻɸʰpʻ - كۆپمەك — پېئىل

kʻɸpʻ كۆپ، جىق — سۈپەت

saʰʻpʻ - ساپماق — پېئىل

△tʃʻapʻanniŋ jɪŋini saʰpʻ

چاپاننىڭ يېڭىنى ساپ.

saʰpʻ ساپ، پاكىز، ئارىلاشمىغان — سۈپەت.

sapʻ ساپ، كەتمەن سېپى — ئىسىم

ياتماق — پېئىل　jaʰt‘ -

يات، يات ئادەم — سۈپەت　jat‘

ئۆتمەك — پېئىل　øʰt‘ -

ئۆت، ئۆت خالتىسى — ئىسىم　øt‘

ئوت، ئوت - چۆپ — ئىسىم　oʰt‘

ئوت، ئوت قويماق — ئىسىم　ot‘

ئات، تاشلا - — پېئىل　aʰt‘ -

ئات، هايۋان — ئىسىم　aʰt‘

ئات، ئىسىم، ئات قويماق — ئىسىم　at‘

گۆش — ئىسىم　ɛʰt‘

ئەتمەك، تاماق ئەتمەك — پېئىل　ɛt‘ -

ئۆچمەك — پېئىل　øʰtʃ‘ -

ئۆچ — سۈپەت.　øtʃ‘

[l] تاۋۇشىدىن ئالدىن كەلگەن [o]، [ø]، [a]، [ɛ] تاۋۇشلىرىنىڭ جىددىي سوزۇق تاۋۇش ئىكەنلىكى ياكى [l] تاۋۇشىنىڭ ئەمەلىيەتتە خوتەن دىئالېكتىدىكىدەك [ɭ] ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىش تەس. بۇ يەردە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ جىددىيلىكىنى ئىپادە قىلىۋاتقان بىر ئۆتكۈنچى بوغۇز تاۋۇشى [ɦ] نىڭ بارلىقى ئېنىق. ئەمما ئۇنى سوزۇق تاۋۇشنىڭ تەركىبى ياكى [l] نىڭ تەركىبى دەپ تونۇشتا ئىككىلىنىش بار. مەسىلەن:

ئۆل -　øʰl - ～ øɭ -

ئۆلتۈرۈپ　øʰlt‘yryp‘～øɭt‘yryp‘

كالتە　k‘aʰlt‘ɛ～k‘aɭt‘ɛ

كالتەك　kaʰlt‘ɛk‘～k‘aɭt‘ɛk‘

maʰlt'la - ~ maɫt'la - دالتلا -

aʰlt'ɛ~aɫt'ɛ ئالته

χaʰlt'a~χaɫt'a خالتا

ʁaʰlt'ɛk'~ʁaɫt'ɛk' غالتەك

كەلپىن شېۋىسىگە خاس جىددىي سوزۇق تاۋۇشلار توغرىسىدىكى بۇ بايانلىرىمىزنى تېخى سىستېمىلىق دېگىلى بولمايدۇ، بۇ پەقەت دەسلەپكى ئۇچۇردىن ئىبارەت. كەلپىن شېۋىسىدىكى جىددىي سوزۇق تاۋۇشلار ئەدەبىي تىلنىڭ ۋە ئەتراپتىكى شېۋىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن يوقىلىۋاتقان شارائىت ئاستىدا تاۋۇش بەرگۈچىلەردىمۇ ئىككىلىنىش، ئىككى خىللىق مەۋجۇت. شۇڭا قىسقىغىنا بىر جەريان ئىچىدە بۇنىڭدىن مۇكەممەل خۇلاسىلەرنى چىقىرىشقا بولمىدى، ئامما، كەلپىن شېۋىسىدىكى جىددىي سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ هازىرقى ئەهۋالى ئۇنىڭ تەتقىق قىلىنىشىنىڭ ئۇيغۇر تىلى تارىخىدا ئاهاڭداش سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشتە مۇهىم رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

④ كەلپىن شېۋىسىدە سۆز ئاخىرىدا ئەدەبىي تىلدىكى [a] تاۋۇشى [i] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

p'aldi پالتا

aʁramtʃ'i ئارغامچا

mant'i مانتا

## B. مورفولوگىيىلىك مەسىلىلەر جەھەتتە

① پېئىللارنىڭ ئىمكانىيەت تۈسى فورمىسى «al-» سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاهاڭداشلىق قانۇنى بويىچە «al-، ɛl-» بولۇپ ئىككىگە ئايرىلغان. مەسىلەن:

q'ilalajtmɛ(n) قىلالايمەن.

q'ilammajtmɛ(n) قىلالمايمەن.

k'ørɛlɛjtmɛ(n) كۆرەلەيمەن

k'ørɛmmɛjtmɛ(n) كۆرەلمەيمەن.

سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان يىلتىزلاردىن كېيىن بىر «ja» « – » قوشۇلسىمۇ بولىدۇ، قوشۇلمىسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

jasa – jasijalajtmɛ(n) ∼ jasalajtmɛ(n)

ياسىيالايمەن.

dɛ – dıjɛlɛjtmɛ(n) ∼ dɛlɛjtmɛ(n)

دېيەلەيمەن.

dıjɛlɛmsɛ̄(n) ∼ dɛlɛmsɛ̄(n)

دېيەلەمسەن؟

② «r» سۈپەتداشى + idi + شەخس فورمىسىدىكى ئۆتكەن زامان پېئىلى قەشقەر شېۋىسىگە تامامەن ئوخشاش. مەسىلەن:

alitt'im ئالاتتىم almajtt'im ئالمايتتىم

alitt'iŋlɛ̄(r) ئالاتتىڭلار.

k'ılitt'im كېلەتتىم k'ɛlmɛjtt'im كەلمەيتتىم

k'ılitt'iŋlɛ̄(r) كېلەتتىڭلار

بۇ پېئىلنىڭ سوراق شەكلى:

alamt'im ئالامتىم

k'ilɛmt'iŋlɛ̄(r) كېلەمتىڭلار

پەرقى پەقەت ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك فورمىسىدا، يەنى قەشقەر شېۋىسىدە t'iŋlā(r) قوللىنىلسا، كەلپىن شېۋىسىدە

قوللىنىلىدۇ. t‘iŋlε̄(r)

③ خوتەن دىئالېكتىدىكىدەك زۆرۈرىيەت رايى يوق. سۆپەتداش فورمىسى «iʁliʁ- ،iglig -» بەك ئاز قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

△ʃikk‘ε q‘ulwi seliʁliʁ t‘urit‘u.

ئىشىككە قۇلۇپ سېلىقلىق تۇرىدۇ.

△ʃik itʃ‘idin ıt‘iglig oχʃajt‘u.

ئىشىك ئىچىدىن ئېتىكلىك ئوخشايدۇ.

④ ئىزچىل ھازىرقى زامان پېئىلى فورمىسى «jat‘ -» سىنتېتىك فورمىغا ئايلانغان. مەسىلەن:

oχuwat‘idu. ئوقۇۋاتىدۇ.

△t‘εjjā(r)gεrlik kørywat‘itmε(n)

تەييارگەرلىك كۆرۈۋاتىمەن.

k‘ørεwat‘idu~kørywat‘idu. كۆرۈۋاتىدۇ

q‘ojawt‘idu~q‘ojuwat‘idu. قويۇۋاتىدۇ

⑤ «p‘» رەۋىشدىشى + tu‘ + شەخس تەرزىدە ياسىلىدىغان ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى شەخسلىرىدە مەزكۇر «t‘u» چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن.

| | | |
|---|---|---|
| bar- | beripmε̄(n) | بېرىپتىمەن |
| | bā(r)mapmε̄(n) | بارماپتىمەن |
| | berifsε̄(n) | بېرىپسەن |
| | berifsiz | بېرىپسىز |
| | berip‘la | بېرىپتىلا |
| | beript‘u | بېرىپتۇ |

q‘ut‘ulalmapmɛ̄(n) قۇتۇلالماپتىمەن

△unt‘upmu q‘eʰmɛ(n) ئۇنتۇپمۇ قاپتىمەن

سوراق شەكلى

berimmit‘imɛ̄(n) بېرىپتىمەنمۇ؟

bā(r)mammit‘imɛ̄(n) بارماپتىمەنمۇ؟

بۇ پېئىل فورمىسىدا كۆپىنچە پەس يىاكى سەل پەس سوزۇق بىلەن تۈزۈلگەن پېئىللارنىڭ ئاخىرىدىكى [1] تاۋۇشى چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن،

al- ئال- elipmɛ(n)∼e(li)pmɛ(n) ئېلىپتىمەن

k‘ɛl-كەل- k‘ɪlipmɛ(n)∼k‘ɛ(li)pmɛ(n) كەپتىمەن

q·il- قىل- qi‘lipmɛ(n)∼q‘i(li)pmɛ̄(n) قىلىپتىمەن

tʃ‘al- چال tʃ‘elipmiz∼tʃ‘a(li))pmiz∼tʃ‘e(li)pmiz چېلىپتىمىز.

⑥ سۈپەتلەرنىڭ سېلىشتۇرۇش فورمىسى ئۈچۈن «raq‘» فورمىسى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

k‘ɸp‘rq‘ كۆپرەك k‘ɪjinra‘q كېيىنرەك

△k‘ɪjinraq‘ p‘iʃit‘u. كېيىنرەك پىشىدۇ.

⑦ بىر قىسىم ۋاقىت رەۋىشلىرىدىن كېيىن «- q‘urun» قوشۇپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

k‘ɛtʃq‘urun كەچلىكى

p‘ḭ‘ʃimq‘urun پېشىنغا يېقىن

ɛʰt‘isq‘urun ئەتىگەنلىكى، ئەتىگەنلىكتە

△ɛʰt‘isq‘urun soʁaq‘mu bolap‘ t‘urit‘u. ئەتىگەنلىكى سوغۇقمۇ بولۇپ تۇرىدۇ.

⑧ «p'» رەۋىشداشتىن كېيىن «idi» قوشۇلۇپ ئىپادىلەنـ
گەن پېئىل فورمىسىدا رەۋىشداشتىكى [p'] تاۋۇشى [w] بىلـەن
ئۆزگىرىشىدۇ، «idi» پېئىلىدىكى ئالدىنقى [i] چۈشۈپ قالىدۇ.
مەسىلەن:

dɛ- dɛwdim دېۋىدىم

dımɛwdim دېمىۋىدىم

q'oj- q'ojawdim قويۇۋىدىم

q'ojmawdim قويمىۋىدىم

k'ɛl- k'ıliwdim～k'ı(li)wdim كېلىۋىدىم

k'ilimmidim～k'ı(li)mmidim كېلىپمىدىم؟

al- ئال awduq'～eliwduq' ئېلىۋىدۇق

elimmidim～e(li)mmidim ئېلىپمىدىم؟

⑨ «-atʃ'i» ، «-ɛtʃ'i» فورمىسى بىلەن ياسىلىدىغان سۈپەتـ
داشلار قوللىنىلىدۇ. بۇ ئۇقتىدا كەلگۈسى شېۋىسى لوپنۇر دېئالـ
ېكتىغا ئوخشىشىدۇ. مەسىلەن:

baratʃ'i bolsaq' باردىغان بولساق...

k'ılɛtʃ'i bolsa. كېلىدىغان بولسا...

كەلپىن شېۋىسىدىن بەزى مىساللار:

△ ɛʰt'isp'run soʁaq'mu bolap' t'urut'u.

ئەتىگەنلىكى سوغۇقمۇ بولۇپ تۇرىدۇ.

△ ʃumlidin maŋa bir q'uruq' søŋɛk' aʃq'iniʁa rɛχmɛt' dıdim.

شۇلاردىن ماڭا بىر قۇرۇق سۆڭەك ئاشقىنىغا رەھمەت دېدىم.

△q‘ojdin bɛʃni ɛ(li)p‘ k‘iritq‘an boldam.

قويدىن بەشنى ئەكىرىدىغان بولدۇم.

△t‘unuk‘ a$^{h}$tʃq‘utʃ‘ bolaŋ، k‘ül ā(l)ʁutʃ‘ bolaŋ، ɦagul syp‘ȳ(r)gytʃ‘ bolaŋ.

تۈكلۈك ئاچقۇچ بولۇڭ، كۆل ئالغۇچ بولۇڭ، ھويلا - ئارامنى سۈپۈرىدىغان بولۇڭ - (يېڭى كېلىنگە بېرىلىدىغان تەلىملەردىن)

△tʃ‘ap‘anniŋ t‘owusini q‘eχwat‘a.

چاپاننىڭ توپىسىنى قېقىۋېتە.

△ɸrɛ-t‘ɸwɛ boldaŋlɛ̄(r)، issiʁ itʃ‘iŋlɛ̄(r) dɛp‘...

ئاۋارە بولدۇڭلار، ئىسسىقراق بىر نەرسە ئىچىڭلار، دەپ...

△ʃumniŋʁimu ʃu gɛp‘ni t‘awamsɛ(n).

شۇنىڭغىمۇ شۇ گەپنى تاپامسەن؟

△ʃumniŋʁa q‘ā(r)lap‘ t‘ū(r)ʁitʃ‘ɛ، baʃq‘a ɛ̄(r)gɛ t‘ɛgsɛŋ bolmamdu?

شۇنىڭغا قاراپ تۇرغۇچە باشقا ئەرگە تەگسەڭ بولمامدۇ؟

△ot‘anni k‘ɛslɛp‘ k‘a$^{h}$lt‘ɛk‘ (k‘aɖt‘ɛk‘) q‘iliwa-t‘itmɛ(n)

ئوتۇننى كەسلەپ كالتە قىلىۋاتىمەن.

△ bij nanni t‘ɸ$^{h}$t‘ balis(i)q‘a t‘ɸ$^{h}$t‘ t‘oʁramdin bɛ̄(r)di.

بىر ناننى تۆت بالىسىغا تۆت توغرامدىن بەردى.

△bizniŋ gɪp‘imizni ɸmsɛ k‘ɸrɛp‘ zaŋliq‘ q‘ilit‘u.

بىزنىڭ گېپىمىزنى غەلىتە كۆرۈپ زاڭلىق قىلدۇ.

△otʃʻaχniŋ t'ϕwis(i)k'ɛ q'azan asitmiz.

ئوچاقنىڭ تۆپىسىگە قازان ئاسىمىز.

△bajniŋ t'ó(r)wiq'idɛg sīmiz

باينىڭ تويىقىدەك سېمىز.

△ ugutk'ɛtk'in(i)ni q'ā(r)laŋ.

ئىزا تارتىپ كەتكىنىنى قاراڭ.

△ q'ijamɛt' q'ajim bolapt'u.

قىيامەت قايىم بوپتۇ.

△ on t'uʁutt'in bij tʃ'yʃyk' jaman.

ئون تۇغۇتتىن بىر چۈشۈك يامان.

△ ɦaliŋʁa t'yʃlyk'raq' gɛp' q'ilsaŋtʃ'u.

هالىڭغا تۇشلۇقراق گەپ قىلساڭچۇ؟

△ u'ʃʃaq'–t'ʃy'ʃɛk' gɛp' bilɛn tʃ'at'iq'im joq'.

ئۇششاق - چۈششەك گەپ بىلەن چاتىقىم يوق.

△ ϕlɛm–jit'im dziq'raq' boldi.

ئۆلۈم - يېتىم جىقراق بولدى.

△ almaχniŋ bɛ̄(r)mik'i bā(r).

ئالماقنىڭ بەرمىكى بار.

△ almaχtʃ'i boldam.

ئالماقچى بولدۇم.

△ ʃikk'ɛ q'ulwi seliʁiʁ t'urut'u.

ئىشكىكە قۇلۇپ سېلىقلىق تۇرىدۇ.

△ ʃık‘ itʃ‘idin It‘iglig oχajt‘u

ئىشىك ئىچىدىن ئىتتىكلىك ئوخشايدۇ.

△ ʁɛlwī(r) salmi‘ʁitʃ‘ɛ buʁdaj p‘ak‘iz bolmajt‘u.

غەلۋۈر سالمىغۇچە بۇغداي پاكىز بولمايدۇ.

△ iʃk‘ili su alitmiz.

ئىچكىلى سۇ ئالىمىز.

△ maŋmaχtʃ‘i bolap‘ t‘urutmɛ(n).

ماڭماقچى بولۇپ تۇرىمەن.

△ buʁdaj t‘erijtq‘an boldaq‘.

بۇغداي تېرىيدىغان بولدۇق.

△ bu jɛ̄(r)dɛ jaŋaq‘ bolmajtk‘ɛn.

بۇ يەردە ياڭاق بولمايدىكەن.

△ χɛʰp‘ to‘χt‘ap‘ t‘ū(r) ɛdiwiŋni bɛ̄(r)misɛm.

خەپ، توختاپ تۇر، ئەدىبىڭنى بەرمىسەم.

△ ɦɛmmɛ balaŋʁa jɛʰtt‘imu?

ھەممە بالاڭغا يەتتىمۇ؟

△ balam q‘iŋ(ʁ)ī(r) bolap‘ jaʰt‘.

بالام، يىڭنىچە بولۇپ يات.

△ saŋa t‘ɛgmisɛm ɸʰlytmɛ̄(n)∼ɸɖytmɛ̄(n) dɛpt‘u.

ساڭا تەگمىسەم ئۆلىمەن، دەپتۇ.

△ yɖt‘ylɛp‘ k‘et‘ipt‘u.

يېمىرىپ، پارقىراپ كېتىپتۇ.

## هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىنىڭ جايلىشىش خەرىتىسى



## 5. ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىغا ئائىت تېكىستلار توغرىسىدا

ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى تەكشۈرۈلگەندىن بۇيان، دۆلىتىمىزدە ۋە چەت ئەللەردە ئالدىن - كېيىن بولۇپ بىر قىسىم تېكىستلار ئېلان قىلىندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەجمىنىڭ چوڭلۇقى ۋە ژانىرلىرىنىڭ خىلمۇ خىل بولۇشى جەھەتتىن س.يې.مالوۋ، گ.ياررىڭ، ئە.ر. تېنىشېۋلارنىڭ ئەمگەكلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ دىئالېكت ۋە شېۋىلەرگە بولغان تەسىرىنىڭ كۈنسېرى كېڭىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشى ئارقىسىدا دىئالېكتلار بىلەن ئەدەبىي تىلىمىز ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بارغانسېرى ئازىيىپ بارماقتا. شۇڭا بۇ تېكىستلار ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى تەتقىقاتى ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ قالماقتا.

بىز 1955 - ۋە 1956 - يىللىرىدىن باشلاپ دۆلىتىمىزدە ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشكە قاتنىشىپ، ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بىۋاسىتە تونۇشۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇق ۋە بىزدىن بۇرۇن

چەت ئەللىك كەسپداشلىرىمىز تەكشۈرۈپ ئېلان قىلغان تېكىستلار ئىچىدە ترانسكرىپسىيىلىك خاتىرىلەش، تەرجىمە قاتارلىق جەھەتلەردە بەزى مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇق.

بىرقانچە قېتىملىق دىئالېكت تەكشۈرۈشكە قاتنىشىش جەريانىدا تەكشۈرۈلۋاتقان دىئالېكت ياكى يەرلىك شېۋىلەرنىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىسىغا نىسبەتەن تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ تونۇشلۇقىنىڭ كەم بولۇشى ۋە ئەمەلىي تەكشۈرۈش تەجرىبىسى قاتارلىق سەۋەبلەر ئارقىسىدا ئوخشاش بىر تاۋۇشنىڭ بىردە ئۇنداق، بىردە مۇنداق خاتىرىلىنىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىلا تەكشۈرگۈچىنىڭ ماتېرىياللىرى (جۈملىدىن بىزنىڭمۇ ماتېرىياللىرىمىز)نى ياكى بىر تەكشۈرگۈچىنىڭ ھەممىلا ماتېرىياللىرىنى مۇتلەق توغرا خاتىرىلەنگەن، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا ۋە شۇ ئاساستا دىئالېكتلار توغرىسىدىكى خۇلاسىلەرنى چىقىرىشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. دىئالېكتلار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، ئۇلارنى نەشر قىلغۇچىلار بۇ ماتېرىياللارنىڭ شۇ دىئالېكت ۋە شېۋىلەرنىڭ بىر پۈتۈن فونېتىكىلىق سىستېمىسىغا ۋە گراماتىكىلىق سىستېمىسىغا ئۇيغۇنلۇقى ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشى، تېكىستلارغا تەنقىدىي قاراشتا بولۇشى كېرەك.

ئوخشاش بىر فونېتىكىلىق ھادىسىنىڭ تەرەققىياتى ھەلۇم دىئالېكت ياكى شېۋىدە ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىرقانچە تاۋۇش بەرگۈچىدە بىرقانچە خىل ئېيتىلىشى، ھەتتا بىر شەخستىمۇ بىرقانچە خىل ئېيتىلىشى مۇمكىن. شۇڭا مۇنداق توختالمىغان فونېتىكىلىق ھادىسىلەرمۇ تەكشۈرگۈچى تەرىپىدىن بىرقانچە خىل خاتىرىلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [ε]

تاۋۇشنىڭ ئۇچۇق بوغۇم ھالىتىدە ئاجىزلىشىشىنى① ئالساق، بۇ فونېتىكىلىق ھادىسىنىڭ تەرەققىياتى دىئالېكت ۋە شېۋىلەردە ئوخشاش ئەمەس. لوپنۇر دىئالېكتىدا بۇ تاۋۇش بىر قىسىم سۆزلەردە ئاجىزلاشمايدۇ، بىر قىسىم سۆزلەردە [E] گە، ئەدەبىي تىلنىڭ تەسىرىگە يولۇققان كىشىلەردە [e]گە ئاجىزلىشىدۇ؛ كۇچادا بىر قىسىم سۆزلەردە ئاجىزلاشمايدۇ، بىر قىسىم سۆزلەردە [e]گە، بىر قىسىم سۆزلەردە [i]گە ئاجىزلىشىدۇ؛ خوتەن دىئالېكتىدا كۆپ ھاللاردا [I] گە ئاجىزلىشىدۇ، I/j تاۋۇشلىرىنىڭ ئالدىدا كۆپىنچە [i]گە ئاجىزلىشىدۇ، مەسىلەن، jitmɛ(n)~ jijtmɛ(n) — يەيمەن، ditmɛ(n) ~ dijtmɛ(n) — دەيمەن، biɪtmɛ(n)~bijtmɛ(n) — بېرىمەن، ئوخشاش. بۇ بىر ئەمەلىي ئەھۋال. مۇشۇنداق ئۇچۇق بوغۇم شارائىتىدا [ɛ] تاۋۇشنىڭ ئاجىزلاشقان شەكلىنى ئەھۋالغا قاراپ ئېگىز سوزۇق تاۋۇش بەلگىلىرىدىن [e]، [I]، [i] لار بىلەن ئىككى ياكى ئۈچ خىل خاتىرىلەش مۇشۇ دىئالېكت ياكى شېۋىلەرنىڭ ئومۇمىي فونېتىكىلىق سىستېمىسىنى بۇزمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇڭا دىئالېكت تېكىستلىرىدىكى مۇنداق ئىككى خىللىقنى تامامەن چۈشىنىشكە بولىدۇ.

---

① سۆزنىڭ بىرىنچى ئۇچۇق بوغۇمىدىكى [a] [ɛ] تاۋۇشلىرىنىڭ ئومۇمەن ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلارغا نۆۋەتلىشىشىنى بىر خىل ئاجىزلىشىش دېمەي، تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە دەيدىغان قاراشلارمۇ بار. بىزچە بۇ ھادىسە ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا ئۇرغۇنىڭ ئاخىرقى بوغۇملارغا كۆچۈشى بىلەن يۈز بەرگەن فونېتىكىلىق ھادىسە. ئەگەر بۇ تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە بولىدىغان بولسا، ھەر ئىككى بوغۇمى [ɛ] بىلەن قۇرۇلغان سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [ɛ] نىڭ تارىخىي يوسۇندا ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلارغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى (مەسىلەن، eʃɛk'، k'elɛr — بىر خىل ئۆمىلىگۈچى ھايۋان، k'erɛk'، nemɛ، et'ɛk'، terɛk' قاتارلىقلار) چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ.

يەنە بىر مىسال ئالساق، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى [a]، [ɛ] تاۋۇشلىرى لوپنۇر دىئالېكتىدىن باشقا دىئالېكت ۋە شېۋىلەرنىڭ خەلق قوشاقلىرىدا ۋەزن ئېتىبارى بىلەن ئاجىزلاشمىغانلىقىنى (مەسىلەن، k‘elɛdu ،t‘uradu، baradu ،k‘ϕrɛdu) ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەتتە [i] غا ئاجىزلىشىدۇ، لېكىن بۇ [i] تاۋۇشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش ـ ئۇچرىماسلىق ئەھۋالى ئەمەلىيەتتە دىئالېكتلاردا بىر خىل بولماسلىقى، ھەتتا بىر تاۋۇش بەرگۈچىدىمۇ ئىككى خىل بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا دىئالېكت تەكشۈرگۈچى بۇنى بەزىدە «k‘ϕridu ،t‘uridu» تەرزىدە، بەزىدە «k‘ϕrydu ،t‘urudu» قىلىپ خاتىرىلەپ قويۇشى مۇمكىن. بۇمۇ [i] تاۋۇشىنىڭ مۇشۇنداق شارائىتتا ئىككى خىل ھالەتتە تۇرۇشى بولۇپ، دىئالېكتلارنىڭ بىر پۈتۈن فونېتىكىلىق سىستېمىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. شۇڭا مۇنداق ئىككى خىللىقنى ئىككى خىل قىلىپ خاتىرىلەشنىمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ. لەۋلىشىش بىلەن لەۋلەشمەسلىك ئارىلىقىدا تۇرغان مۇنداق ئىككى تەرەپلىمە تاۋۇشلارنى قۇلاقنىڭ ئىقتىدارىغا تايىنىپ توغرا خاتىرىلەپ كەتكىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە سۆزنىڭ ئىككىنچى بوغۇملىرىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇنداق تۇراقسىز فونېتىكىلىق ھادىسىلەر تۈركىي تىللار، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇنىڭ دىئالېكتلىرى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس.

لېكىن بەزى مەسىلىلەر باركى، ئۇلار دىئالېكت ۋە شېۋىلەرنىڭ بىر پۈتۈن فونېتىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق سىستېمىسىغا بېرىپ تاقىلىدۇ، بۇنداق خاتىرىلەشلەردىن كەسىپداشلار بەزى خاتا خۇلاسىلەرنى چىقىرىپ قويۇشى مۇمكىن بولىدۇ (مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى [i] لىق دىئالېكتلار

ۋە [ɨ] لىق دىئالېكتلار دەپ ئىككىگە بۆلگەنىدەك). بىز مانا مۇشۇنداق مەسىلىلەر ئۈستىدە بەزى پىكىرلەرنى بېرىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر ھېسابلىدۇق.

ئالايلى، ئۇيغۇر تىلىدا، k‘//q‘ نۆۋەتلىشىشى بۇ تاۋۇش- لارنىڭ مورفوفونېما بولۇپ كەلگەن شارائىتىدىلا (مەسىلەن، يۆنى- لىش كېلىش قوشۇمچىلىرى «gɛ، k‘ɛ، ʁa، q‘a»، يولاۋچى رەۋىشداش قوشۇمچىلىرى «gɛtʃ‘، k‘ɛtʃ‘، ʁatʃ‘، q‘atʃ‘» سۈپەتداش قوشۇمچىلىرى «gɛn، k‘ɛn، ʁan، q‘an» قاتار- لىقلاردا) مۇمكىن. ئادەتتىكى سۆزلەردە مۇنداق نۆۋەتلىشىش ئەدەبىي تىل بىلەن دىئالېكتلار ئارا، شۇنداقلا دىئالېكتلار بىلەن دىئالېكتلار ئارا پەقەت كۆرۈلمەيدۇ. لېكىن، ئە. ر. تېنىشېۋنىڭ «ئۇيغۇرچە تېكىستلار» دېگەن ئەسىرىدە بىز ئادەتتىكى سۆزلەردە k‘//q‘ نۆۋەتلىشىشىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن: «k‘at‘ (خوتەن دىئالېكتىدا ‹كارىۋات› مەنىسىدە)» سۆزى «q‘at» خاتىرىلەنگەن (مەزكۇر كىتاب 116 - بەت)، «k‘ejiliq‘ (كېرىيىلىك)» سۆزى «q‘eriliq‘» خاتىرىلەنگەن (مەزكۇر كىتاب 116 - بەت)، «k‘āliʁan (كولىغان)» سۆزى «q‘aliʁan» خاتىرىلەنگەن (مەزكۇر كىتاب 100 - بەت)...

ئەگەر مۇشۇنداق ئەھۋاللارغا قاراپ خۇلاسە چىقىرىشقا توغرا كەلسە، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى [k‘] بىلەن باشلىنىدىغان سۆزلەر (ياكى بىر قىسىم سۆزلەر) خوتەن دىئالېكتىدا [q‘] بىلەن باشلىنىدۇ، دېيىش كېرەك. لېكىن بۇ ئەھۋال خوتەن دىئالېكتىنىڭمۇ، شۇنىڭدەك باشقا دىئالېكتلارنىڭمۇ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن ئەمەس.

سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدا (كۆپىنچە ئوچۇق بوغۇم) [o]، [e] تاۋۇشلىرىنى كېلىدۇ، دەپ قاراش ۋە شۇنداق خاتىرىلەشمۇ دىئالېكت تېكىستلىرى ئۈستىدە ئېيتىپ ئۆتۈشكە

تېگىشلىك بىر مەسىلە. مۇنداق ئەھۋال س.يې.مالوۋ ۋە ئە.ر. تېنىشېۋنىڭ يۇقىرىدىكى ئەسەرلىرىدە ئېلان قىلىنغان ھەرقايسى دىئالېكت ۋە شېۋىلەرنىڭ تېكىستلىرىدا ئۇچرايدۇ.

ئەگەر مۇشۇنداق ترانسكرىپسىيىنى مۇۋاپىق دەپ تونۇيدىغان بولساق، ئۇ چاغدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەممىلا دىئالېكتلىرىدا سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى [i]، [u]، [y] لەرنى [e]، [o]، [ϕ] بىلەن خاتىرىلەش كېرەك. چۈنكى پۈتۈن ئۇيغۇر تىلىدا جۈملىنىڭ ئاخىرى بولۇپ كەلگەن سۆزلەر ياكى يۆزتۇرا تۇرۇپ سورالغاندا بېرىلگەن جاۋابتىكى يەككە سۆزلەردە مەيلى ئوچۇق بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشسۇن، مەيلى يېپىق بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشسۇن ، ئوخشاشلا [i]، [u]، [y] تاۋۇشلىرى كەڭرەك ياكى [e]، [o]، [ϕ] گە يېقىن ئېيتىلىدۇ.

مەسىلەن: aldi ئەمەس، alde تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

″ ″ q'ilido ″ ″ q'ilidu

″ ″ yzϕk' ″ ″ yzyk'

ئە. ر. تېنىشېۋنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىدە مۇنداق سۆزلەردىن بىردە [u] بىلەن، بىردە [o] بىلەن، بىردە [i] بىلەن، بىردە [e] بىلەن خاتىرىلەنگەن سۆزلەر خېلى ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

q'apt'o – قاپتۇ، q'ilipt'o – قىلىپتۇ (مەزكۇر ئەسەر 14 – بەت).

bolamdo – بولامدۇ، t'egɛmdo – تېگەمدۇ (مەزكۇر ئەسەر 15 – بەت)،

salidu – سالىدۇ، t'uʁmamdu تۇغمامدۇ (مەزكۇر ئەسەر 15–بەت)،

ɛk'eldoq' – ئەكەلدۇق، aʃurduq' – ئاشۇردۇق، t'ap'ʃurduq' – تاپشۇردۇق (مەزكۇر ئەسەر 15 – بەت)،

dejdö – دەيدۇ (مەزكۇر ئەسەر 19 – بەت).
dejdu – دەيدۇ (〃 〃 21 – بەت)، k'ɸt'ɛmɛjdu –
كۆتۈرمەيدۇ (مەزكۇر ئەسەر 21 – بەت)،
aʃt'e – ئاشتى (مەزكۇر ئەسەر 21 – بەت)،
baʁlandi – باغلاندى، besir woldi (مەزكۇر ئەسەر، 28 –
بەت) قاتارلىقلار.

مۇنداق ئەھۋاللار س. يې. مالوۋنىڭ تېكىستلىرىدىمۇ بار. مەسىلەن:

keldi – كەلدى (مەزكۇر ئەسەر 25 – بەت)،
emde – ھازىر (مەزكۇر ئەسەر 54 – بەت)،
alat'o – ئالىدۇ، salat'o – سالىدۇ (مەزكۇر ئەسەر 26 – بەت)،
set'ipt'o – سېتىپتۇ (مەزكۇر ئەسەر 29 – بەت)،
bolormo – بولارمۇ (〃 〃 34 – بەت)،
χawamudu – ھاۋامۇدۇر (〃 〃 33 – بەت)،
jaʁamudu – ياغامۇدۇر (〃 〃 33 – بەت)،
bɛrmɛmdo – بەرمەمدۇ (〃 〃 51 – بەت)،
lajdo – لايدۇر (〃 〃 33 – بەت)،
k'erdoq' – كىردۇق (〃 〃 55 – بەت)،
boldum – بولدۇم (〃 〃 40 – بەت)،
قاتارلىقلار.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، «dur» ياردەمچى پېئىلى بىردە «t'o»، بىردە «du» قىلىپ، «mu» يۈكلىمىسى بىردە «mo»، بىردە «mu» قىلىپ، زامان ۋە شەخس قوشۇمچىسى بىرلىكتە «dum»، كۆپلۈكتە «doq'» قىلىپ خاتىرىلەنگەن.

بۇ مەسىلىلەرنى دىئالېكتلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، دىئالېكتتا سۆزلىشىدىغانلار بۇ سۆزلەرنى مۇشۇنداق ھەر خىل تەلەپپۇز قىلىدۇ، دەپ چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. بۇ يالغۇز دىئالېكتلارغىلا ئەمەس، بەلكى شۇ دىئالېكتلارغا ئاساسلىنىپ تۇرغان بىر پۈتۈن ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق سىستېمىسىغا بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە پەقەت كونكرېت تىل شارائىتىدا سۆزلىگۈچى شەخسنىڭ ئىنتوناتسىيىسىگە ئالاقىدار بولغان، شۇنىڭدەك ئومۇمىي ئۇيغۇر تىلىغا ئورتاق بولغان بۇ ھادىسە دىئالېكتلارنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيىتى بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى، بۇ سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇمچىلار قوشۇلسا، بىز بۇ [o]، [ϕ]، [e] تاۋۇشلىرىنىڭ دەرھال [u]، [y]، [i] تاۋۇشلىرى بىلەن ئالمىشىدىغانلىقىنى، تۇراقسىزلىقىنى كۆرەلەيمىز. مەسىلەن:

alde — ئالدى، aldemu ئەمەس، aldimu،

q'ilido — قىلىدۇ، q'ilidoʁan ئەمەس، qilidiʁan،

set'ipt'o — سېتىپتۇ، set'ipt'omu ئەمەس، set'ipt'umu،

yzϕk' — ئۈزۈك، yzϕk'ym ئەمەس، yzyk'ym

ئوخشاشلار.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ئاخىرىدىكى [o]، [ϕ]، [e] تاۋۇشلىرى [u]، [y]، [i] لەرگە نۆۋەتلىشىدىغان فونېتىكىلىق ھادىسە مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا بىز مۇنداق تۇراقسىز، ۋاقىتلىق فونېتىكىلىق ھادىسىنى مۇمكىنقەدەر خاتىرىلىمەسلىك، خاتىرىلىگەندىمۇ شۇ دىئالېكت ۋە شېۋىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى دەپ كۆرسەتمەسلىك لازىم، دەپ قارايمىز.

گ. يارىڭنىڭ ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرىدە ۋە ئۇ ئېلان

قىلغان تېكستلەردىمۇ مۇشۇنداق بەزى ئەھۋاللارنى ئۇچرىتىمىز.

گ. ياررىڭ ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرىدە لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار ئۈچۈن a، ɘe، ɛ، e، i، ï بەلگىلىرىنى ئىشلىتىدۇ. لېكىن بۇلاردىن كۆپىنچە ɘe، e بەلگىلىرى قايسىلا شېۋىدە بولسا بولسۇن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قائىدىلىرىگە نامۇۋاپىق ھالدا قوللىنىلغان. مەسىلەن: ɘe بەلگىسى [a]، [ɛ] ھەم [i] تاۋۇشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن:

ɘedawɛt' — ئاداۋەت

ɘexlas — ئىخلاس

ɘejb — ئەيىب

ɘejril — ئايرىل —

e بەلگىسى [e] فونېمىسىدىن باشقا بەزىدە [ɛ] فونېمىسى ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن: bedɛ — بېدە، belwaq — بەلباغ، bera:ber — باراۋەر.①

بىزنىڭ قارىشىمىزچە گ. ياررىڭنىڭ تېكستلىرى بىلەن دەۋرىمىزدىكى شۇ دىئالېكت ياكى شېۋىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇ پەرقلەرنىڭ 50 — 60 يىل جەريانىدا يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بىز گ. ياررىڭنىڭ تېكستلىرىغىمۇ تەنقىدىي قاراشتا ھەقلىقمىز.

سائادەت چاغاتاي گ. ياررىڭنىڭ مۇنداق ئىنچىكە ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى ئۈستىدە توختالغىنىدا «dɛ» پېئىلىنىڭ degen، dɛsɛm، desɛm، dɛjdu، dejt'u شەكىللىرىدە ھەرخىل خاتىرىلەنگەنلىكىگە تاسادىپىيلىك ھېس قىلىدۇ (ئەمەلىيەتتە بۇ يەردىكى [ɛ] تاۋۇشى ɘe، ɛ، e بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇشىمۇ، سائادەت چاغاتاي مەتبەئە قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن

① گ. ياررىڭ، «تۈركچە - ئىنگلىزچە لۇغەت»، 1964 - يىل، لوند.

مۇشۇنداق ئىككى خىل ھەرپ بىلەن كۆرسەتكەن).①

سائادەت چاغاتاي گ. ياررىڭ ئېلان قىلغان تېكىستلاردىن كەلتۈرگەن نەقىلدە «kʻyndɛ — كۈندە» سۆزى ئوخشاش بىر كۇپلېت خەلق قوشىقىدا «kʻu̯ndɛ، kʻunde» شەكلىدە ئىككى خىل خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردە «kʻyn — كۈن» سۆزىدىكى [kʻ] نىڭ [qʻ]ḳ بىلەن ئۆۋەتلەشكەنلىكىنى ۋە [y] تاۋۇشىنىڭ بىردە u̯ بىردە u خاتىرىلەنگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى، فونېتىكىلىق شەرتىنى چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى «dɛ» نىڭ بىردە، «dɛ»، بىردە «de» خاتىرىلەنگەنلىكى پەقەت خاتىرىلىگۈچىنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى تۈپەيلىدىن كۆرۈلگەن سەۋەنلىك.

مۇشۇ بىر كۇپلېت خەلق قوشىقىدا «sanaseŋ»، «jatʻemen» دېگەن ئىككى سۆز بار.② ئالدىنقىسى «sanisaŋ» بولۇشى كېرەك. چۈنكى، «sana» دېگەن پېئىل يىلتىزىغا شەرت رايى قوشۇمچىسى «saŋ» (ئەمەس seŋ) قوشۇلغاندا، قوشاقنىڭ ۋەزنى ئىككىنچى بوغۇمدىكى [a] نىڭ ئاجىزلىشىپ [i] بىلەن ئۆۋەتلىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. كېيىنكىسى «jatʻimɛn» بولۇشى كېرەك، چۈنكى، «jatʻ –» دېگەن پېئىل يىلتىزىغا رەۋىشداش قوشۇمچىسى «a» دىن كېيىن بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى «mɛn» («men» قوشۇمچىسى پەقەت ئاتۇش شېۋىسىدىلا قوللىنىلىدۇ) قوشۇلغاندا، ئوخشاشلا قوشاقنىڭ ۋەزنى ئىككىنچى بوغۇمدىكى [a] نىڭ ئاجىزلىشىپ [e] بىلەن ئەمەس، [i] بىلەن ئۆۋەتلىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

---

① سائادەت چاغاتاي، «تۈرك لەھجەلەرى ئۈزەرىنە دېنەمەلەر»، 114 ‑ بەت، 1978 ‑ يىل، ئەنقەرە.

② سائادەت چاغاتاي، مەزكۇر ئەسەر، 115 ‑ بەت.

ئوخشاش ئىككىنچى بوغۇمدىكى [a] تاۋۇشىنىڭ بىردە ئاجىزلاشتۇرۇلماي، بىردە ئاجىزلاشتۇرۇلۇپ [e] غا نۆۋەتلەشتۈرۈلۈشى، شەرت رايى فورمىسىنىڭ ئىككىنچى شەخستە «saŋ» شەكلىدە ئەمەس، «seŋ -» شەكلىدە ئېلىنىشى، بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسىنىڭ «mɛn» ئەمەس «men» شەكلىدە ئېلىنىشى بىر پۈتۈن قەشقەر شېۋىسىگە، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىسىغا ئائىت مەسىلە.

بۇنىڭدىن باشقا تېكىستلارنىڭ تەرجىمىسىدىمۇ خېلى مەسىلىلەر بار. مەسىلەن: س. يې. مالوۋ باللار ئەدەبىياتىغا خاس بولغان

t‘aqq‘a, t‘uqq‘a
zɛndʐir ɦalq‘a

دېگەن بېيتىنىڭ بىرىنچى مىسراسىنى «توخۇ» دەپ چۈشەنگەچكە «о курица курица» دەپ تەرجىمە قىلغان. ①

سائادەت چاغاتاي تېكىستلار تەرجىمىسى مەسىلىسىدە گ. ياررىڭنىڭ خاتالىرىنى تۈزەتمەكچى بولدۇ ۋە نەتىجىدە قەشقەر تېكىستلىرىدىن ئېلىنغان:

mɛzlum k‘iʃniŋ gatʃ‘isidin,
p‘ana bɛrgil χudajim.

دېگەندىكى «gatʃ‘a» نى «نومۇسسىز» مەنىسىدە چۈشەندۈردى. ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سۆز «نومۇسسىز» مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى «سۆز ئۇقتۇرالمايدىغان، تىلسىز» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، قوشاقنىڭ بۇ ئىككى مىسراسىنىڭ مەزمۇنى «گاچا خوتۇن بىلەن مەقسەتنى ئۇقۇشقىلى بولمايدۇ، چاتاق چىقىدۇ، شۇڭا خۇدايىم

① س. يې. مالوۋ: «شىنجاڭ ئۇيغۇر شېۋىلىرى»، 58 - بەت، 1961 - يىل، موسكۋا.

مۇنداق خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتۇشتىن ساقلىغىن» بولىدۇ.
يەنە، سائادەت چاغاتاي گ. ياررىڭنىڭ خاتالىرىنى تۈزمت-
مەكچى بولىدۇ، لېكىن تۈزەتمەكچى بولغان سۆزلىرىنىڭ ئۆيغۇر-
چىدىكى مەنىسىنى چۈشەنمىگەچكە يەنە خاتاغا يول قويىدۇ.
مەسىلەن:

q‘olaŋdiki ɛswimu?
bojnaŋdik‘i t‘ɛswimu?
q‘ojap‘ bɛrsɛŋ bolmamdu,
q‘eri χot‘un dɛsmimu?

دېگەن قوشاقتىكى «ɛswi» نى «يارا» دەيدۇ، ئاخىرقى ئىككى
مىسرانى بولسا «سېنى قويۇپ بەرسەم بولمامدۇ، سېنى قېرى
خوتۇن دېيىشمەمدۇ؟» دەپ تەرجىمە قىلىشنى تەكلىپ قىلىدۇ.①
بىزچە، بۇ يەردىكى «ɛswi» سۆزى «يارا» مەنىسىدە ئەمەس،
بەلكى بىر خىل ئاغرىقنىڭ سەۋەبىدىن كىشىنىڭ بەدىنىگە
چىقىدىغان كىچىك بۆرتمىلەر بولۇپ، بەزى شېۋىلەردە «ئەسۋى»،
بەزى شېۋىلەردە «ئىلما» دەپ ئاتىلىدۇ.
قوشاقنىڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسى پۈتۈنلەي خاتا
تەرجىمە قىلىنغان. بۇ قوشاقنىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسراسىدىن
قوشاقنىڭ بىر شەخستىن ئىككىنچى بىر شەخسكە قارىتىپ ئېيتىل-
لىۋاتقانلىقى ئېنىق. شۇڭا ئىككىنچى مىسرادىكى «bɛrsɛm» سۆزى
بىزنىڭ تۈزەتكىنىمىزدەك «bɛrsɛŋ» بولۇشى كېرەك. شۇنىڭدا
ئۈچىنچى مىسرانىڭ مەنىسى «قويۇپ بەرسەڭ بولمامدۇ؟» بولىدۇ،
تۆتىنچى مىسرا بولسا «قېرى خوتۇن ساڭا دەسمىمىدى» بولىدۇ،
بۇ يەردىكى «دەسمى» سۆزى پارسچە «دست مايە» سۆزىنىڭ

---

① سائادەت چاغاتاي، يۇقىرىقى ئەسەر 116 - بەت. بىز بۇ قوشاقنىڭ
ترانسكرىپسىيىسىنى توغرىلاپ قويدۇق.

ئۇيغۇر جانلىق تىلىدىكى شەكلى بولۇپ،① مىسرا «قېبرى خوتۇننى دەسمايە ساقلىغاندەك ساقلاشنىڭ نېمە ھاجىتى» دېگەن مەنىدە كەلگەن.

ئە. ر. تېنىشېۋ تېكىستلىرىدا بەزى سۆزلەر خاتا ئاڭلىنىپ، خاتا خاتىرىلەنگەنلىكتىن ئالدىنقى مىسرانىڭ تەرجىمىسىدىن ئىپادە قىلىنغان مەزمۇن كېيىنكى مىسرالارنىڭ مەزمۇنى بىلەن چىپىشلاشمايدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. مەسىلەن:

ølt‘ȳ(r) sɛk‘ tʃ‘ɛndan k‘ørɛ̄(r)miz

damliʁan ol jālini ②

«ølmiɛsk‘» سۆزى «ølt‘ȳ(r) sɛk‘» دېگەن بېيىتتىكى بولۇشى كېرەك ئىدى، يەنى بۇ بېيىتنىڭ مەزمۇنى «ئەگەر ئۆلمەيدىغانلا بولساق، سېنىڭ داملىغان يارىڭنى تېخى قانچە - قانچە قېتىم كۆرەرمىز؟» دېگەن بولىدۇ. شۇڭا بۇ ئىككى مىسرا كۆپ جايلاردا:

ølmisɛk‘ tʃ‘ɛndan k‘ørɛ̄(r)miz

t‘alliwalʁan jarini ~ jariŋni

شەكلىدە قوللىنىلىدۇ.

مۇشۇ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەن ھالدا مەن پۈتۈن ئۇيغۇر تىلىغا ئورتاق بولغان تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى تېكىستلارنى خاتىرىلەشتە ئومۇمەن كۆزدە تۇتىمدىم.

1) [i] فونېمىسىنىڭ ۋارىيانتلىرى، جۈملىدىن ɨ ۋە جاراڭسىز ۋارىيانتى i̥.

2) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تاۋۇشلارنىڭ تەبىئىي

① گ. ياررىڭ، يۇقىرىقى ئەسەر 84 - بەت. dɛsmi سۆزىنى ئىزاھلىماي، سوئال ئالامىتى قويغان.

② ئە. ر. تېنىشېۋ، يۇقىرىقى ئەسەر، 98 - بەت.

ئەلەپپۈزىغا ئالاقىدار فونېتىكىلىق ھادىسىلەر:

ônbir > ombir — ئاسسىمىلياتسىيىسى b/n①

at'sa > assa — 〃 〃 s/t

aʃsa > assa — 〃 〃 s/ʃ

atʃ'sa > assa — 〃 〃 s/tʃ'

onlap > ollap — 〃 〃 l/n

aq'la - >aχla - بوغۇم ئاخىرىدا χ/q' نۆۋەتلىشىش

aq'sa > aχsa,

tʃ'ɛk'lik' > tʃ'ɛk̥lik' 〃 〃 k°/k' 〃 〃

3) كونكرېت نۇتۇق شارائىتىدا كۆرۈلىدىغان فونېتىكىلىق ھادىسىلەر.

① سۆز ئاخىرىدىكى [i] ، [u] ، [y] لەرنىڭ [e] ، [o] ، [ϕ] ئېيتىلىشى.

② نۇتۇق شارائىتىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى:

nɛgi wā(r)diŋ <nɛgɛ bā(r)diŋ.

③ نۇتۇق شارائىتىدىكى تۈرلۈك نۆۋەتلىشىش، تەسىر قىلىشلار:

dɛp p'oldum < dɛp' boldum.

# لوپنۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن پارچىلار

1. لوپنۇر كۆزلەك يېزىسى بىلەن چارا يېزىسىنىڭ ئېيتىشىشلىرىدىن پارچە.

بۇ ئېيتىشىش تەخمىنەن XX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى چارىكىدە بولغان بولسا كېرەك. كۆزلەكتىن ئىسمايىل تونۇق ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى مۇسا بىر تەرەپ، چارادىن توڭنىياز ۋە ئۇنىڭ بالىسى بۆكۈر يەنە بىر تەرەپ بولۇپ قوشاق ئېيتىشقان. قوشاقنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى بىر - بىرىنى سىندۇرۇش، كەمسىتىش بولۇپ، لوپنۇر رايونىدا بۇ قېتىمقى ئېيتىشىش خېلى مەشھۇر بولغان. شۇڭا بۇ ئېيتىشىشتىكى قوشاقلار تا هازىرغىچە لوپنۇرلۇقلاردا ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرمەكتە. ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ ئېيتىشىشتا ئوتتۇرىغا چىققان قوشاقلار بىرنەچچە يۈز كۇپلېت بولسا كېرەك، ئامما بىز تەكشۈرگەن چاغدا بۇنى تولۇق بىلىدىغان ئادەم چىقمىدى. بۇ قوشاقلارنىڭ بىرمۇنچە كۇپلېتلىرى ئۆزىنىڭ ئەسلى ئورنىدىن ئاجراپ ئادەتتىكى قوشاقلارنىڭ قاتارىغا كىرىپ قالغان. شۇڭا ئە. ر. تېنىشېۋنىڭ «ئۇيغۇرچە تېكىستلار» دېگەن ئەسىرىنىڭ 140 - بېتىدىمۇ بۇ قوشاقلار پارچە هالدا بېرىلگەن. بىزنىڭ خاتىرىلىگەنلىرىمىزمۇ ئانچە تولۇق ئەمەس. مەن ئاساسەن شۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن قىسمىنى

بىرقەدەر تولۇقلاش ۋە ئىككى تەرەپىنىڭ قوشقىنىنى ئايرىپ كۆرسىتىش ھەم بەزى سۆزلەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى توغرىلاش مەقسىتىدە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىنى كۆرسەتتىم.

قوشاق ئېيتىشىش ئۇيغۇرلاردىمۇ بىر خىل ئەنئەنە. بۇ ئەنئەنە ئۇيغۇرلاردا كۆپىنچە قۇمۇل، تۇرپان، لوپنۇر، دولان قاتارلىق جايلاردا كېيىنكى مەزگىللەرگىچە، ھەتتا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. كۆزلەك بىلەن چارانىڭ ئېيتىشىشى گەرچە بىر - بىرىنى كەمسىتىش مەزمۇنىدا بولسىمۇ، ئۇ شۇ ئەنئەنىنىڭ داۋامى. بۈگۈن كۆزلەكلىكلەر بىلەن چارالىقلار بىللە ياشىماقتا، مەن ئۇيلايمەنكى، ئىسمايىل تونۇقنىڭ ئەۋلادى بىلەن نىيازنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ بىللە ياشىماقتا. ئۇلار ھازىر بىر - بىرلىرىنى «قالماقلار»، «پاقا يەيدىغان كۆلچىلەر» دېيىشمىسە كېرەك. مېنىڭ بۇ قوشاقلارنى ئېلان قىلىشىم لوپنۇرلۇقلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ ئىسمايىل تونۇق ۋە نىياز قاتارلىق ئۇيغۇر قوشاقچىلىقىدا داڭق چىقارغان ئاتا - بوۋىلىرى بىلەن پەخىرلىنىشىگە ۋە ئۇلارنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئەسكە ئېلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالار.

ماڭا بۇ قوشاقنى 1960 - يىل 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كۆزلەك تارىم بويىدا كۆزلەكلىك نىياز قۇلى ئاتا (79 ياش) ئېيتىپ بەرگەن، بۇ چاغدا ئىسمايىل تونۇق كۆزلەكتە بولۇپ 110 ياشقا كىرگەن، كۆزى ئاجىزلىشىپ، قېرىلىق يەتكەنىكەن. شۇڭا ئۆزىدىن سوراش ئىمكانىيىتى بولمىغان.

كۆزلەكنىڭ چارىغا قارىتا قوشقان قوشىقى

1· tʻʃariʁa ʃutʻaŋ salipʻ

tʻoqtʻimɛttʻi baʃ qʻilipʻ

tʻoŋnijazzi mojnunu

liŋŋirtʃ'aqq'a q'aʃ q'ilip':
liŋŋirtʃ'aq' t'oq'umasaŋ,
jaʁir tʃ'iq'ad(u) ulaʁiŋ.
q'oʃmodum dɛp' ʃɛrt' q'ilip',
u bizgɛ q'ilʁan dʑulaʁiŋ.①
tʃ'iq'raʁan q'oʃoʁuŋŋu,
aŋlap' turadu q'ulaʁim.
q'oʃoqq'u ajt'iʃali,
...tʃ'i anda t'urmaʁin.

2. q'oʃoqq'u ajt'iʃali,
jiʁiliʃip' sorun bilɛn.
bir mallɛni q'oʃuʃsaŋ.
ʁozʁoladu urun bilɛn.
alt'iniʁa salipt'u
t'eri t'art'ip' juruŋ bilɛn
ilgɛri ϕj bolmoʁon
seni inɛŋ tʃ'ulum bilɛn.

3. ilgɛri ϕj bolmoʁon,
awalq'i t'ɛkk'ɛn erigɛ.
bawudun baj q'onuwalip',
seni inɛŋŋi sɛrigɛ.
t'olo - t'olo maŋŋ(a) ɛrgigɛn

(ilgɛri mɛni k‘yjlɛgɛn)
q‘aʃq‘idaq‘i ɛrgin tʃ‘ek‘ɛ,
nal ɛt‘ip‘ k‘ynyn(i) alʁan
tʃ‘äradaq‘i osman ak‘ɛ.
t‘oqt‘i begi dɛjd(u) ajlasi,
(alʁandaqi q‘at‘uni)
mɛn aŋlasam q‘aʃq‘a t‘ek‘ɛ,

× ×

①جۇلاق - سىلتاۋ، ھىيلە - نەيرەڭ.

تەرجىمىسى:

1. چاراغا شوتاڭ سېلىپ (چارا دېگەن جايغا شوتاڭ مەكتەپ سېلىپ) ئۇنىڭغا توختىمەت دېگەن كىشىنى باش قىلدى. توڭنىياز (چارلىق، ئىسمايىل تونۇقتا قارشى قوشاق ئېيتقۇچى) نىڭ بويىنىنى (توڭنىيازنىڭ بويىنى ئەگرى ئىكەن) لىڭگىرچاقتا قاش قىلدى. لىڭگىرچاق سالمىساڭ، ئۆلگىنىڭ يېقىن بولىدۇ، بىزگە قارىتا قوشاق قوشمىدىم دەۋاتىسەن، بۇ سېنىڭ بىزگە قىلىۋاتقان سىلتاۋىڭ. ھىيلە - نەيرىڭىڭ. سېنىڭ توقۇغان قوشاقلىرىڭنى قۇلىقىم ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، ھەي... چى (بۇ يەردە تىللىغان سۆز بار ئىدى) كەل، قوشاقنى ئېيتىشايلى، ئۇ يەردە تۇرمىغىن.

2. قوشاقنى يىغىلىپ، سورۇن بىلەن ئېيتىشايلى. سەن ئەگەر بىر مەھەللىنى قوشاققا قوشساڭ، ئۇران - جۇراتى بىلەن

قوزغىلىپ كېتىدۇ. سىلەر تېگىشلارغا تېرە - تەرسەك، (urun bilɛn)
لاتا - پېتىلەرنى سالىسىلەر، سىنىڭ ئاپاڭ بۇرۇن چۇلۇم
دېگەن كىشى بىلەن ئۆي بولماي، ئايرىلىپ كەتكەنغۇ؟

3. سىنىڭ ئاپاڭ ئىلگىرى تەگكەن ئېرى بىلەن ئۆي بول
مىغان، (بۇ يەردىكى تىل - ھاقارەت مەزمۇنىدىكى ئىككى مىسرا
ۋە بىلەلمىگەن ئىككى مىسرانى تەرجىمىدە تاشلىدىم، تېكىستتىقا
قارالسۇن)، چارىدىكى ئوسمان ئاكا نال سوقۇپ جان باقىدۇغۇ،
ئۇنىڭ ئاچىسىنى توختى بېگى دەيدىكەن، مەن ئاڭلىسام بىر
قاشقا تېكىمگە ئوخشايدىكەن.

چارىنىڭ كۆزلەككە جاۋابى:

1· k'alani p'y't$\overline{y}$(j) sojup',
ʃawazi t'uŋŋandin q'atʃ'ip'.
ʁulp'uluq' ϕjni tʃ'aq'ip',
baq'(i)ak'ɛŋŋi jyk'yn atʃ'ip'.
mɛtʃ'itt'i $\overline{k}$i(g)zin alip',
maltʃ'iʁa utʃ'urap' q'atʃ'ip'.
awaŋŋ(i) aʃini tʃ'iq'ar,
daʃ q'ajnat'ip' tʃ'alma tʃ'atʃ'ip'.

2· awaŋŋ(i) a'ini tʃ'iq'ar,
aram(∼ɦaram) k'alani jaʁiʁa,
mɛn seni q'oʃmowidim.
ismajil adaʃ t'aʁiʁa

bøzzysalip‘ tʃ‘idamaj
t‘aʁar jørmøpt‘u aʁiʁa
qa‘runani q‘apt‘aʁan
zur(a) ajlaŋŋi t‘aziʁa.

3. silɛrgɛ dɛs k‘ɛtt‘imu,
olornu q‘aqq‘an t‘aq‘asi.
jegɛŋŋɛ t‘ygɛp‘ q‘alʁan,
k‘øltʃ‘ylɛrni p‘aq‘asi.
ajlammi yzy k‘øjyk‘,
nɛridɛ bardur q‘aʃ‘qasi.

تەرجىمىسى:

1. كالىنى تۇلۇمچە قىلىپ سويۇپ، شاۋازا دېگەن تۇڭگانـ
دىن قاچقانىدىڭلار. قۇلۇپلاپ قويغان ئۆيىنى چېقىپ كىرىپ،
باقى ئاكا دېگەن كىشىنىڭ يۈك ـ تاقىنى ئېلىپ قاچقاـ
نىدىڭلار، دەسچىتىنىڭ كىگىزىنى ئوغرىلاپ چىققىنىڭلاردا بىر مالـ
چىغا ئۇچراپ قېلىپ قېچىپ كەتكەنىدىڭلار، داش قايىنىتىپ،
ئۇماچ ئېتىپ داداڭنىڭ نەزىرىنى بەرگىن.

3. هارام كالىنىڭ يېغىنى ئىشلىتىپ داداڭنىڭ نەزىرىنى
بەرگىن، ئاداش ئىسمايىل! مەن تېخىچە ساڭا قوشاق
قوشمىغانىدىم. سىلەر ئىشتىنىڭلارنىڭ ئېغىغا بۆز ئېلىپ
سېلىشقا چىدىماي، تاغارنى يۆمگەن ئەمەسمۇ؟ سەن زورا ئايلاڭ
(ئىسمايىل تونۇقنىڭ ھەدىسى بولسا كېرەك) نىڭ پېشىدىكى

ئازغا قارونا (ئۆردەكتىن يوغان، رەڭگى قارا، دائىم سۇدا يۈرۈپ بېلىق تۇتۇپ يەيدىغان بىر قۇش) نى قاپلىغان ئەمەسمۇ؟

3. ئۇلارنىڭ سوققان تاقىسىدىن سىلەرگە نېمە دەز كەتتى؟ سىلەر — كۆلچىلەر (كۆلدە يۈرۈپ جان باقىدىغانلار) پاقىلارنىمۇ يەپ تۈگىتىشۈەتتىڭلار، مېنىڭ ئايلام (ھەدەم) نىڭ يۈزى كۆيۈپ قالغان، نەدە قاشقىسى بولىدۇ؟

كۈزلەكنىڭ چارىغا قارىتا قوشقان قوشىقى:

minip‘ tʃi‘qt‘im t‘ϕgϕny t‘ajlaʁiʁa,
nεzmi saldim sεrdzunu q‘almaʁiʁa.
zuwanimda ikk‘i aʁiz maχladim,
jaŋŋi t‘as bolʁon ik‘εn ajmaʁiʁa

تەرجىمىسى:

مەن تۆگىمنىڭ تايلىقىغا مىنىپ چىقتىم، سەرجۇ (لخاسا تەرەپنى، يەنى موڭغۇللارنىڭ كەبىسىنى دېمەكچى — ئاپتور) نىڭ قالمىقىغا نەزمە سالدىم، ئۇنى ئۆز ئاغزىم بىلەن ئىككى ئېغىز ماختاپ قوياي: پۈتۈن ئايمىقى بىلەن يېڭىدىن تاز بولغان ئىكەن ئەمەسمۇ؟

چارىنىڭ كۈزلەككە جاۋابى:

jaŋŋi t‘as bolʁon ik‘εn k‘imiwiz,
(jaŋŋi t‘azʁa būrup‘ k‘εtk‘εn k‘imiwiz)
q‘arlap‘ t‘urup‘ t‘εkt‘iŋizzi biliŋiz,

ȁt‘aŋlȁ(r)din silɛrgɛ miras q‘alʁañ
t‘oŋŋus at‘ip‘ t‘erisigɛ k‘iriŋiz.

تەرجىمىسى:

بىزنىڭ كىمىمىز يېڭىدىن تاز بوپتۇ؟ سىز ئۇبدان قاراپ ئۆزىڭىزنىڭ تەكتىنى بىلىۋېلىڭ! سىلەرگە ئاتاڭلاردىن مىراس قالغان نەرسە شۇ، توڭگۇزنى ئېتىپ تېرىسىگە كىرىڭ، يەنى توڭگۇزنىڭ تېرىسىگە ئۆزىڭىزنى ئېلىڭ (كۆزلەكتە توڭگۇزلۇق دېگەن بىر ئورۇن بار، شۇڭا ئۇلارنى توڭگۇز يەيدۇ، دېيىشىدۇ).

2. قارا قوشۇنلۇقلار قوشىقى.

بۇ قوشاقنىڭ چىققان ۋاقتى مەلۇم ئەمەس، قوشاقنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، لوپنۇرنىڭ دۇرال دېگەن يېرىگە ئاشلىق توشۇلغان ۋاقىتتا بولسا كېرەك. قوشاق ئە. ر. تېنىشېۋنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا يېڭىسۇلۇق ياۋاقاسىم تەرىپىدىن چىقىرىلغان. مەن ئۇنى مىرەندىكى ئابدۇرېھىم بايدىن خاتىرىلىگەن.

بۇ قوشاق قانداقتۇ بىر ئەپسانىۋى مەزمۇندا ئەمەس، بەلكى ئاپتور چاقىلىقتىن كېمە ئارقىلىق دۇرالغا ئاشلىق توشۇۋېتىپ، ئۆز يارىنى يادىغا كەلتۈرگەن ۋە ئۇنى مەدھىيىلىگەن، خالاس.

بۇ قوشاق ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ قىسقارغان ۋە بەزى نۇقتىلىرى ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئە. ر. تېنىشېۋنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى 156 - بەتتە بۇ قوشاق بەك قىسقا بېرىلگەن. مەن ئۇنى قىسمەن تولۇقلاش ۋە بەزى نۇقتىلىرىنى توغرىلاش مەقسىتىدە ئۆز خاتىرەمگە ئاساسەن كۆرسىتىپ ئۆتتۈم. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا تەرجىمە قىلالىغان نۇقتىلارنى تەرجىمە قىلدىم، چۈشىنەلمىگەن نۇقتىلارنى قالدۇر-

دۇم. كەسپداشلارنڭ، لوپنۇرلۇق يولداشلارنڭ سلشتۇرۇپ
كۆرۈشنى ۋە مۇلاھزە قلىپ كۆرۈشنى ئۈمد قلمەن.

قوشاق تېكستى:

1· myz assida k'yn p'at'ip',
dyjaŋŋa k'ɛldim uxt'amaj.
ʃol itʃ'imdɛk'i ɦajmanim,
maxt'aw at'iŋŋi q'uʃt'amaj.
jaj k'ɸzy xumaj.

2· jaj k'ɸzy xumaj idi,
bajnuʁ(a) asq'an t'umaj idi.
bult'ujq'u ɦabdaldaq'i,
ʃol q'ijamɛt' dunja idi·
tʃ'ijajiŋ bɸlɸg dʑosun.

3· bɸlɸg dʑosun tʃ'ijajiŋ,
sɛndɛla bajmudu dʑaɦan.
t'yzgɛ tʃ'iq'ip' q'itʃ'q'ijaj.
ʃu gɛp'immi ajit'asam.
bɛglɛ̄(r) q'at'aj χiliʁa.

4· bɛglɛ(r) q'at'aj, χiliʁa,
tʃ'ɸllɸ̄(r) su bolʁon jiʁimʁa·

aʁatʃ'alā(r)dɛk siniŋlā(r),
namda basqan iziŋlā(r).
mis t'aχsida tʃ'iniŋlā(r).

5· mis t'aχsiŋ tʃ'ini bilɛn,
k'ɛldim baq'ip' jaʃi bilɛn.
mɛn munda ɸldym dɛjmu,
ɦomuj syjmɛj jaχʃi bilɛn.
dʑan t'ilɛj baχt'im bilɛn,

6· baχt'immi janiʃt'at'ip',
k'ɸjmɸj p'ajsiz edʑilimgɛ.
q'ujʁujum ʁojos t'aq'ap',
jana k'eluj sejiligɛ.
q'ojmodu ɸz mɛjligɛ.

7· q'ojmodu ɸz mɛjlige,
k'ɛtt'(i) ajaqq'a bizzin t'ojup'.
χ'endʑɛjgɛ sandʑilali,
bizma zojoχandɛg bolup'.
t'aldʑilaj suχsuj bojuŋ.

8· t'aldʑilaj suχsuj bojuŋ,
ʈ'ajazu q'ilmadi χijal.

tʃʻinladin zɛwiŋŋ(i) aŋlapʻ,
anda χanlā(r) kʻɛjgɛn pʻila.
ʃol dʐamaɛttʻin suja.

لۇغەت:

1. myzassi — مۇزگۈز ئاستى، تىكەنلىك بىلەن چاقىلىق ئارىلىقىدىكى بىر جاي ئىسمى.

2. dyjaŋ — دۇرال بولسا كېرەك. r/j ۋە l/ŋ ئۆۋەتلەشكەن.

3. ɦabdal — مىرەنىنىڭ شىمالىدا جاي ئىسمى.

4. jaʃi — جاي ئىسمىمىكىن؟

5. pʻajsiz — چىدىمايدىغان، چىدىغىلى بولمايدىغان، ئۆتىغا پايلىمايدىغان.

6. edʐil — يار، ئېجىل.

7. ʁojos tʻaqʻapʻ — ياسىنىپ، خورازدەك بولۇپ.

8. suχsuj — سۇخسۇر.

9. zɛwiŋ — زېمىن، جاي، ئورۇن؛ تىنچ-ئامانلىق.

10. pʻila — پىلە، يىپەكلىك رەخت.

تەرجىمىسى:

1. (چاقىلىقتىن كېمە بىلەن كېلىۋېتىپ) مۇزگۈز ئاستى دېگەن يەرگە كەلگەندە كۈن پاتتى، مەن دۇرالغا ئەل ياتار ۋاقتى بىلەن كەلدىم. يارىم سېنى ماختاپ، سېنىڭ داڭقىڭنى چىقارسام دېگەن ئارمانىم بار.
يارىمنىڭ كۆزى خۇمار.

2. يارىمنىڭ كۆزى خۇمار ئىدى،
بوينىغا ئاسقىنى تۇمار ئىدى.
بۇلتۇر ئابدال دېگەن يەردە،
قىيامەت بىر ئىش (بۇ بىزگە مەلۇم ئەمەس)بولغانىدى.
سېنىڭ چىرايىڭ ئالاھىدىلا.

3. سېنىڭ چىرايىڭ ئالاھىدىلا (سەن ئالاھىدە چىرايلىق)،
پۈتۈن جاھان سەندىلا مۇجەسسەملەنگەنمىكىن؟
مەن مۇشۇ گېپىمنى ئېيتماقچى بولسام،
تۈز يەرگە چىقىپ تووۋلايمەن.
مېنى بەگلەر ئۆز قاتارىغا قوشار.

4. بەگلەر ئۆز قاتارىغا قوشار،
چۆللەر مېنىڭ يېشىم بىلەن سۇ بولۇپ كەتتى،
سېنىڭ سىياقىڭ ئاغىچىلارغا ئوخشايدۇ،
نەم يەرگە باسقان ئىزىڭ (بۇ مىسرانىڭ مەنىسى
ئانچە ئېنىق ئەمەس)،
چىنەڭ مىس تەخسىنىڭ ئۈستىدە.

5. مىس تەخسەڭ چىنە بىلەن بىللە،
مەن (jaʃi — بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس)
ياشى بىلەن قاراپ كەلدىم.
مەن بۇ يەردە ئەمدى ئۆلدۈم دەيمۇ
ياخشى بىلەن بىللە ئۆمۈر سۈرمەستىن؟
بەختىمنى ساڭا ئاتاپ، ئامانلىقىڭنى تىلەي.

6. بەختىمنى ساڭا ئاتاپ (؟)
نېمىشقا ساڭا ـــ مەن ئاشىقى بىقارار بولغان يارىمغا كۆيمەي؟

مېنىڭ يارىم ياسىنىپ،
يەنە سەيلىگە كېلىدۇ.
ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇشمىدى.

7. ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويمىدى،
ئۇ ئاياق تەرەپكە بىزدىن تويۇپ كەتتى.
خەنجەرگە سانجىلايلى (خەنجەرنى ئۆزىمىزگە سانجايلى)،
بىزمۇ زۆھرادەك بولۇپ،
سۇخسۇردەك بويۇڭنى تالدەك دەپ بىلەي.

8. سۇخسۇردەك بويۇڭنى تالدەك دەپ بىلەي،
ئۇلار توغرا پىكىر قىلىشمىدى (توغرا ئويلاشمىدى)،
راست يېرىڭنى ئاڭلىدىم (تىنچ ـ ئامانلىقىڭنى ئاڭلىدىم؟)،
ئۇ يەردە خانلار كىيگەن يىپەكلىك رەختلەر (بۇ
مىسرانىڭ مەزمۇنى ئانچە ئېنىق ئەمەس)
شۇ جامائەتتىن سورىغىن.

2. ماقال ـ تەمسىل، تېپىشماق، جۈملىلەر:

△ onoq‘ onoqq‘a k‘ɛlmɛdi, arq‘adaq‘i jɛ̄(r) q‘onoqq‘a k‘ɛlmɛdi

ئوناق ئوناققا كەلمىدى، ئارقىدىكى يەر قوناق تېرىشقا يارىمىدى.

△ alwaŋŋi k‘im q‘iladu — galwaŋ, ormonu k‘im

oradu — arq‘ada q‘alʁan.

ئالۋاننى كىم قىلدۇ؟ — گالۋاڭ،

ئورمىنى كىم ئوردۇ؟ — ئارقىدا قالغان.

△ jaman t‘aʁā(r) jamaqt‘iq‘, jaman k‘iʃi dimaqt‘iq‘.

يامان تاغار ياماقلىق، يامان كىشى دىماغلىق.

△ alɛmmi su basip‘ k‘ɛtsɛ, ϕrdϕkk‘y t‘ϕʃy jϕlymɛjdu.

ئالەمنى سۇ بېسىپ كەتسە، ئۆردەكنىڭ تۆشى ھۆل بولمايدۇ.

△ ajmaqq‘i begi bilɛn, q‘at‘unnu eri bilɛn.

ئايماقنى بېگى بىلەن، خوتۇننى ئېرى بىلەن.

△ ɛrgɛ bɛrsɛm q‘atʃ‘asɛn, elli tʃ‘iwilliʁini atʃ‘asɛn.

ئەرگە بەرسەم قاچىسەن، خەقنىڭ پاشلىقىنى ئاچىسەن.

△ namaz ϕt‘ϕgϕn iʃi joq‘ k‘iʃi, orozo t‘utq‘an aʃi joq‘ k‘iʃi.

ناماز ئۆتىگەن ئىشى يوق كىشى، روزا تۇتقان ئېشى يوق كىشى.

△ t‘ilimmi q‘isuqt‘uʁu, sejitt‘i k‘itʃ‘ikt‘igi.

تىلىمنىڭ قىسقىلىقى سېيىت (بالىسنىڭ ئىسمى) نىڭ كىچىكلىكى.

△ uʃʃaq‘ t‘alli t‘erip‘ bolmas,
q‘att‘iq‘ k‘ϕnny ɛgip‘ bolmas.

ئۇششاق تالنى تېرىپ بولماس.
قاتتىق كۆننى ئېكىپ بولماس.
(تېپىشماق — يۇلتۇز ۋە بۇلۇت)

△ uzun ʃuruq‘, k‘ϕlϕgϕsy joq‘.

ئۇزۇن شورۇق كۆلەڭگىسى يوق.
(تېپىشماق — يول)

△ salammi sap‘i, imanni q‘ap‘i, ɛtt‘ɛjat‘unu jan jiʁatʃ‘i.

سالامنىڭ سېپى، ئىماننىڭ قېپى، ئەتتەھياتۇنىڭ يان ياغىچى.
(تېپىشماق — قول، ئېغىز، پۇت)

△ q‘ulaʁi q‘uruʁunu q‘aʃida, ytʃ‘ȳ(j)si q‘ur-saʁini t‘aʃida.

قۇلىقى قۇيرۇغىنىڭ قېشىدا، ئۈچىيى قورسىقىنىڭ تېشىدا.
(تېپىشماق — راۋاب)

△ k‘ϕk‘ ujum k‘ϕgϕndϕ tʃ‘oŋujadu.

كۆك ئۈيۈم كۆگەندە چوڭىيىدۇ.
(تېپىشماق — قوغۇن)

△ ɦawa atʃ‘uq‘, julduz tʃ‘atʃ‘uq‘.

ھاۋا ئوچۇق، يۇلتۇز چېچىق.
(تېپىشماق — ئۇماچ ۋە ئۇستىدىكى جىگدە)

△ lopp‘os, ojnudun q‘opp‘os.

لوپپاس، ئورنىدىن قوپماس.
(تېپىشماق — تونۇر، مىرەندىن خاتىرلەنگەن)

△ q'ij baʃida q'izil ʁojos.

قىر بېشىدا قىزىل غوراز.

(تېپىشماق — يېڭى چىققان ئاي، مەرەندىن خاتىرىلەنگەن)

△ anammima t'uʁulʁan jeri ʃūt'aŋ.

ئانامنىڭمۇ تۇغۇلغان يېرى شوتاڭ (يەر ئىسمى).

△ atʃ'inip' itʃ'almajsilɛ̄(r)

مەززە قىلىپ ئىچەلمەيسىلەر.

△ at'aŋizʁa χat' jazip' t'urʁuluq'siz?

دادىڭىزغا خەت يېزىپ تۇرىدىغانسىز؟

△ at'amalā(r) q'aʃiʁa barip' k'elɛdimɛn.

دادامىلارنىڭ قېشىغا بېرىپ كېلىمەن.

△ baʃim aʁirt'ip' t'uradu bygyn.

بۈگۈن بېشىم ئاغرىپ تۇرىدۇ.

△ bizzi ɛʃɛkk'i nɛ̄gɛ baʁlap' q'ojduŋ.

بىزنىڭ ئېشەكنى نەگە باغلاپ قويدۇڭ؟

△ bizzi ajalli oʁut'up' - oʁut'upt'a t'uradu.

بىزنىڭ ئايال هۆ بولۇپ - هۆ بولۇپلا تۇرىدۇ.

△ biz ʃonuŋ bilɛn t'ygydimik'in dɛpt'iwiz.

بىز شۇنىڭ بىلەن تۈگىدىمىكىن، دەپتىمىز.

△ χijaliŋŋa nɛmɛnɛ k'ɛtʃ'ti

خىيالىڭغا نېمە كەلدى؟

△ ilgiri ysyp'p'y ot'oq' q'ilʁan dzajnini bilɛmisɛn?

ئىلگىرى يۈسۈپنىڭ ئوتـاق قىلغان جايىنى بىلەمسەن؟

△ dzaniŋŋi tʃ'iq'aramɛn, jaʁliʁ bilɛn tʃ'ϕgynny t'utq'aniŋŋa.

ياغلىق بىلەن چۆگۈننى تۇتقىنىڭ ئۈچۈن جېنىڭنى چىقىرىمەن!

△ dzawaʁajim tʃ'awurt'up' q'alipt'u.

جاۋغىيىم چاۋۇرۇپ قاپتۇ.

△ k'esɛlim ɛrdɛmʃip' q'aldi.

كېسىلىم كۈچىيىپ قالدى.

△ k'ϕntʃ'i bina bo(l)ʁonda meni nobɛr ʁaq'tim idi.

كۆنچى بىنا بولغاندا نوبەر (ياش) ۋاقتىم ئىدى.

△ ma ɛʃɛkk'i k'ϕt'ϕrsϕŋ maŋŋa bodolʁo k'elɛsɛn dedim.

مۇنۇ ئېشەكنى كۆتۈرسەڭ، ماڭا تاقابىل كېلەلەيسەن، دېدىم،

△ muntʃ'ɛlik'ma q'ilip' q'ojmoso bolmojdu.

مۇنچىلىكمۇ قىلىپ قويمىسا بولمايدۇ.

△ nemiq'ap' q'alipt'u.

نەملىشىپ قاپتۇ.

△tʃ'ap'aniŋŋi jɛŋlɛn.

چاپىنىڭنىڭ يېڭىنى ساپ.

△ sup'arani gϕwyp' q'oj.

سۇپىرىنى قېقىپ قوي.

△ siz andaʁ - mundaʁ q'ilʁutʃ'ɛŋizzɛ u jet'ip' k'elɛdu.

سىز ئانداق ـ مۇنداق قىلغۇچىلىك ئۇ يېتىپ كېلىدۇ.

△t'iʃt'ɛri q'almaʁan, gep'i salp'a tʃ'iq'adu.

چىشلىرى قالمىغان، گېپى كەمتۈك چىقىدۇ.

△ t'oqq'uz at'aʁa urwajdi.

توققۇز ئاتىغا يۈز تۇتتى.

△ t'ynȳ(gy)nma aq'ɛlli juz baliʁ idi.

تۈنۈگۈنمۇ كەم دېگەندە يۈز بېلىق ئىدى.

△ utʃ'up' ɸtsɸ ɸtk'ylykt'u, bij j'ɛ̄gɛ t'yʃ-k'ynyny k'ɸrmɸdyk'.

ئۇچۇپ ئۆتسە ئۆتىدىغاندۇ، بىر يەرگە چۈشكىنىنى كۆرمىدۇق.

△ ɦɛj, maŋ, inɛŋ t'ānda t'uradu.

هەي، ماڭ، ئاپاڭ ئاۋۇ يەردە تۇرىدۇ.

△ q'atʃ'an q'ojup' berɛtʃ'i bolso, alip'q'alarsilɛ̄(r).

قاچان قويۇپ بېرىدىغان بولسا، ئېلىپ قالارسىلەر.

△ ɸtʃ'ɛʃmɛŋlā(r) meniŋ bilɛn.

مېنىڭ بىلەن ئۆچەشمەڭلار.

△ ɸzyny ɸzy azʁuruwat'adu.

ئۆزىنى ئۆزى ئازدۇرۇۋاتىدۇ.

# خوتەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن پارچىلار

(1956 - يىل 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كېچىسىدە ئابابەكرى نىيازدىن خاتىرىلەنگەن)

bir pʻadiʃaniŋ ytʃʻ wiziri bejkʻɛn. pʻadiʃa ytʃʻ wizirimni sorapʻ baqʻaj dɛpʻ aldiʁa qʻatʻā(r) oltʻū(r)ʁuzdi. pʻadiʃa tʻurupʻ mandaʁ bāla tʻorusqʻa qʻarapʻ› tʃiqʻ tʻɛpʻ kʻij dıdi. ɦeliqʻi wizir jugū(ru)pʻ tʻalaʁa tʃʻiχti. tʻalada apʻtʻapʻliqʻ uqʻū(r)qʻa bir jaliŋatʃʻ oltʻuraptʻikʻɛn, ij wizir nɛ̄gɛ barisɛ(n) dıdi. ɦeliqʻi wizir «tʃʻiqʻ tʻɛpʻ kʻijgin, dıdi.» dıbdi, nımigɛ qʻā(r)lapʻ dIdi, dIbdi, bāla tʻorusqʻa qʻā(r)lapʻ, dıdi. ɦeliqʻi jaliŋatʃʻ «χārɛtʻ ɛkʻijgin» dıdi. ɦeliqʻi wizir tʃʻiqʻipʻ χārɛtʻni elipʻ kʻijdi. ɦeliqi jaliŋatʃʻ «ij χārɛtʻ nɛ̄gɛ barisɛ(n) dɛpʻ sō(r)di. χārɛtʻ pʻadiʃa qʻitʃʻirimiʃ dıdi. jaliŋatʃʻ: «sɛn kʻirip, ϕjnyŋ wasisi tʃʻy(ʃy)pʻ kʻɛtkʻɛn oχʃajtʻu, gɛpʻ qʻilmaj ʃuni qʻeχipʻ bırıpʻ tʃʻiqʻsaŋ pʻadiʃa gɛpʻ sō(r)majtʻu» dıdi. χārɛtʻ kʻijipʻ gɛpʻ sō(r)maj wasini qʻeχipʻ bırıpʻ gɛpʻ

q'ilmaj tʃik'ɛtt'i. jini bir wizirni t'amʁa bij q'ā(r)lap' «tʃiq', t'ɛp' kijgin» dıdi. ɦeliq'i jaliŋatʃ' t'urup' «ij wizir nɛ̄gɛ barisɛ̄(n)» dɛp' sō(r)di. wizir t'urup' «p'adiʃa tʃ'iq', t'ɛp' k'ijgin dıdi» dıdi. nımige q'ā(r)lap', dıdi. «t'amʁa q'ā(r)lap'» dɛp' dzuwap' bɛ̄(r)di. ɦazir bir sugaʁtʃ'i ɛkijgin, dıdi. wizir sugaʁtʃ'ini elip' k'iribdi, ɦɛj sugaʁtʃ'i nɛ̄gɛ barisɛ̄(n) dɛp' sō(r)di. sugaʁtʃ'i: «p'adiʃa q'itʃiript'imiʃ» dıdi. sɛn ɦalga lajni ɪtip' gɛp' q'ilmaj k'irip', sugaʁ tʃ'y(ʃy)p' k'ɛtk'ɛn oχʃajt'u, ʃuni sugap birip' tʃ'iq', p'adiʃa sɛndin gɛ̄p' sō(r)majt'u, dıdi. jana bir wizirgɛ saq'ilini bir silidi, beʃini bir silidi, tʃ'iq', t'ɛp' k'ijgin, dıdi. wizir jugrup' t'alaʁa tʃ'iq'ti. ɦeliq'i jalıŋatʃ', «ɦɛj wizir nɛ̄gɛ barisɛ̄(n) dɛp' sō(r)di. wizir t'urup' ejtt'ik'i, p'adiʃa tʃ'iq', t'ɛp' k'ijgin, dıdi. jaliŋatʃ' nımigɛ q'ā(r)lap', dɛp' sō(r)di. saq'ilini bir silidi, beʃini bir silidi, dıdi, ɦeliqi wizir. sɛn tʃ'iq'ip' saqili q'ara, beʃiniŋ t'yk'i aq' ɛdɛmdin bijni ɛk'irgin, dıdi. ɦeliq'i wizir tʃ'ā(r)suniŋ itʃ'ini jugurup' ist'ɛp' k'ılitt'i, bir k'otʃ'idin bir ɛdɛm tʃ'iqt'i. ol ɛdɛmniŋ utʃ'us(i)t'a ʃyk' jydyglyg, q'olida ɦasa, pātʃ'iq'ida tʃ'ūruq'. q'ā(r)lisa u ɛdɛm saq'ili q'ara beʃiniŋ

t'yk'i aq' ɛdɛmk'ɛn· ij ɛdɛm, sizni p'adiʃa q'itʃ'irit'u, dɛp', ɦeliqi ɛdɛmni elip' k'ɛldi. jaliŋatʃ' sō(r)dik'i, ij ɛdɛm siz nɛ̄gɛ barisiz? p'adiʃa q'itʃiriptimiʃ, dɛp' dzuwap' bɛ̄(r)di. siz q'ō(r)q'maŋ, p'adiʃa sizdin gɛp' sorutu: sizniŋ saq'iliŋiz q'arik'ɛn, beʃiŋizniŋ t'yk'i aqk'ɛn: sɛwɛp'nımɛ dɛp', saq'ilimdin beʃimniŋ t'yk'i jigi(r)m(i) bɛʃ jaʃ tʃ'oŋ, dɛŋ, dıdi. ɦeliq'i ɛdɛm ɛssalamu ɛlɛjk'um, p'adiʃaji alɛm dɛp' p'adiʃaniŋ aldiʁa k'ijdi. p'adiʃa t'urup' ejttik'i, ij ɛdɛm sizniŋ beʃiŋizniŋ t'yk'i aqk'ɛn; bu saq'iliŋiz q'arik'ɛn, sɛwɛp' nımɛ dɛp' sō(r)di. ɦeliq'i ɛdɛm dıdik'i, saq'ilimdin beʃimniŋ t'yk'i jigi(r)m(ɛ)bɛʃ jaʃ tʃ'oŋ. sɛwɛp' nımɛ dɛp' padiʃa jana sō(r)di. ɦeliq'i ɛdɛm anamdin t'uʁulʁan waq'timda beʃimniŋ t'yk'i bilɛn tu'ʁuluptimɛnk'ɛn, jana jigi(r)m(ɛ)bɛʃ jaʃq'a k'ijgɛn waq'timda saq'ilim aq'irit'u dɛp' ɦeliq'i ɛdɛm tʃ'i(q'ip)k'ɛtti. p'adiʃa ejtt'iki, ij wizirlā(r)saŋa buni k'im ygyt'yp' q'ojdi? dıbdi, wizirla(r) dıdik'i yzymiz bildyk'. ij wizir sɛn mıniŋ dilimdik'i iʃni q'ajdaʁ bilisɛ̄(n), dɛp' sijasɛt q'ibdi, wizirlā(r) t'urup' ejtti: t'alada bir jaliŋatʃ' olt'urut'u, ʃu ygyt'yp' q'ojdi. p'adiʃa dıdık'i, ɦazir jaliŋatʃ'ni elip' ɛkijgin,

dɛp‘ ɛmir qildi. wizir jugrup‘ jaliŋatʃ‘niŋ qe‘ʃ(i)q‘a tʃ‘iqt‘i. ij ɛdɛm sıni p‘adiʃa q‘itʃq‘irit‘u, dıdi. q‘ajdaʁ q‘i(li)tk‘ɛn p‘adiʃa mıni, mıniŋ q‘uŋamda t‘ambal bō(l)musa, utʃ‘amda k‘ɸŋlɛk‘ bō(l)musa, mɛn jaliŋatʃ‘ p‘adiʃaniŋ jeniʁa k‘ijmɛjtmɛn, dıdi. wizir k‘irip‘ p‘adiʃaʁa aŋlatt‘i. p‘adiʃaʁa aŋlitibdi, p‘adiʃa ij wizir, ʁɛzinigɛ k‘irip‘ igin ɛtʃ‘iq‘ip‘ k‘ijgyzyp‘ ɛk‘ijgin, dɛp‘ ɛmir q‘ildi. wizirlā(r) ʁɛzinigɛ k‘irip‘ birsi aldi alt‘un nɛ‘lɛj yt‘ɛk‘, birsi aldi q‘oluʁa alt‘un t‘adʑ, bijsi aldi jaχʃi bir t‘on, birsi aldi q‘oluʁa alt‘un k‘ɛmɛr, ɛtʃ‘iq‘ip‘ jaliŋatʃq‘a k‘ygyzdi, jaliŋatʃ‘ p‘adiʃa sypɛtt‘ɛ bir jigit boldi. p‘adiʃaniŋ q‘eʃ(i)q‘a k‘irdi. ɛssilamu ɛlɛjkym, ij p‘adiʃaji alɛm, wa ɛlɛjk‘ym ɛssalam, ij adɛm siz nɛ̄din dɛp‘ sō(r)di. ɦeliq‘i jigit‘ dıdiki, mɛn muʃu ʃɛhɛrdin. siz k‘imniŋ balisiʔ dɛp‘ sō(r)di. mɛn p‘alani bij bajniŋ balist‘im, biz ytʃ‘ɛ‘jlɛ(n) bij t‘uqq‘andyk‘, jıgili joq‘, k‘ijgili joq‘, bir ak‘am ʁora jıgili berip ʁoruʁa q‘ej(i)lip‘ ɸlɛp‘ q‘ā(l)ʁan, bir ak‘am yzmɛ jıgili berip‘ yzmigɛ q‘ej(i)lip‘ ɸlɛp‘ q‘ā(l)ʁan, mɛn isliniŋ apt‘apliq‘ oq‘ū(r)da olt‘urubdim dıdi. siz t‘alada olt‘urup‘ mıniŋ dilimdik‘i iʃni q‘ajdaʁ bildiŋiz, dɛp‘ sō(r)di. bāla

torusq'a q'ā(r)lap' tʃ'iq', t'ɛp' k'ijgin dɛbdi, wasisi tʃ'y(ʃy)p' k'ɛtk'ɛn tʃ'aʁwā(r) χārɛt ɛk'ijgin dɛbdim, jana bir wizir t'amʁa q'a(r)lap' tʃ'iq' t'ɛp' k'ijgin dɛbdi, t'amniŋ suwiq'i tʃ'y(ʃy)p' k'ɛtk'ɛngɛ oχʃajt'u, bir suwaʁtʃ'i ɛk'ijgin dɛbdim, jana bir wizir beʃ(i)ni bir silidi, saq'ilini bir silidi, tʃ'iq' t'ɛp' k'ijgin dɛbdi, beʃ(i)niŋ t'yk'i aq, saq'ili q'ara bir adɛm ɛk'ijgin dıdim. p'adiʃa t'urup' dıdi: sɛn najiti eq'illiʁ adɛmk'ɛn, dɛp' ytʃ' wizirniŋ ō(r)nuʁa ɦeliq'i jaliŋatʃ'ni wizir q'ildi. ij wizir sizniŋ et'iŋiz nımɛ dɛp' sō(r)di. miniŋ etim ajas dıdi. wizir bilɛn p'adiʃa bɛʃ - on k'yn bir ɸjdɛ olt'ū(r)di. wizir t'urup' dıdik'i, ij p'adiʃaji alɛm, islɛ jezidik'i ɸ̄(j)gɛ tʃ'iq'ip' bō(l)ʁutʃ'ilɛkk'i bir χot'un ɛp' bɛ̄(r)sɛk' bolamt'ik'i dibdi, p'adiʃa ejtt'iki, najiti jaχʃi bolut'u. wizir bir k'ynlɛ̄(r)dɛ jolʁa tʃ'iq'ti. bir adɛmniŋ ā(r)q'is(i)t'in jɛtt'i. ij ak'a nɛ̄gɛ barisiz dɛp' sō(r)di. ɦeliqi adem ɸ̄(i)gɛ baritmɛ(n) dıdi. billɛ k'ıtili ak'a dɛp' billɛ maŋdi. bir jɛ̄(r)gɛ berip' ak'a bir t'aj - t'ɸk'yn t'ut'up' minip k'ɛtsɛk' dıdi. ɦeliq'i adɛm dıdi: bijɛdɛ igɛ̄(r), jygɛn bō(l)musa ɛlliniŋ k'ɸndɛ̄(r)migɛn t'ejini q'ajdā(ʁ) minip' k'ıt'isɛ(n)? jɛnɛ bir jɛ̄(r)gɛ

bā(r)di, ɦeliq'i wizir t'urup' ejtt'i: ak'a, mijɛ̄(r)gɛ bir k'ɛwryk' se(li)p' q'(oj)ap' k'ɛtsɛk', dıdi. ɦeliq'i adɛm didi: ja bıjɛdɛ tʃ'ot' bō(l)musa, ja k'ɛ̄k'ɛ bō(l)musa, jɛ jeq'inda diraχ bō(l)musa, bijɛgɛ q'ajda(ʁ) k'ɛwryk' se(li)p' q'(oj)ap' k'ıtisɛ(n), dıdi. jɛnɛ bir jɛ̄(r)gɛ bā(r)di. ak'a ϕjyŋizniŋ dımi bā(r)maʔ – dɛp' sō(r)di. ɦeliqi adɛm dıdik'i, ɦoj, bu dımi joq' ϕjmu bā(r)mik'in, didi. jɛnɛ bij jɛ̄(r)gɛ bā(r)di. ak'a ϕjiŋizniŋ tʃ'iriq'i bā(r)ma dɛp' sō(r)di. tʃ'iriq'i joq' ϕjmu bā(r)mik'ɛna, dɛp' najit'i atʃtʃ'iʁlidi. ɦelıq'i adɛm ϕjgɛ bā(r)di. unuŋ najit'i tʃ'irajliʁ bir q'izi bejdi. q'izi sō(r)dik'i, ij dada ɦɛr dajimda bij jɛ̄(r)gɛ bā(r)sila tʃ'irajliʁ kı'litt'ilɛ, bu nowɛtt'ɛ najit'i atʃtʃ'iʁlap' kı(li)pla, bi(j)k'(i)ʃi bilɛn birnımɛ dij(i)ʃip' q'allimik'i dɛp' sō(r)di. dadisi dıdi: bir jɛ̄(r)gɛ k'ɛ̄(l)sɛm, bir oʁri ā(r)q'amdin jɛtt'i. dɛp' wizirniŋ q'ilʁanlirini q'iziʁa dɛbdi, qizi t'urup', ɦa, dada ʃunuŋʁimu atʃtʃ'iʁlap'la, t'aj – t'yk'yn t'ut'up' minip k'ɛtsɛk', dıgini birdin ɦasa elip' t'ej(i)nip' k'ɛtsɛk' dıgini, k'ɛwryk' se(li)p' q'ojsaq' dıgini, siz joʁank'ɛn, mɛn k'itʃ'ikk'ɛn, mɛn jydywalaj digini, ϕjyŋizniŋ dımi bā(r)mu dıgini, jaman sıgiŋiz bā(r)mu, digini,

ϕjyŋizniŋ tʃ'iriqi bā(r)mu, dıgini tʃ'irajliʁ q'iziŋiz bā(r)mu, dıgini, dada dıdi. dadisi gɛp' q'ilmaj k'irip' ϕjdɛ jatt'i. ɦeliq'i qizbaliniŋ bir danɛ dıdik'i bejdi, dıdɛk' bilɛn billɛ jaʁ, goʃ bilɛn jaχʃi bir k'ϕmɛtʃ'ni saldi. k'ϕmɛtʃ'ni ɛ(li)p' q'(oj)ap' bir q'azan tʃ'ϕtʃ'yrini ɛtt'i. ras bij ajaqq'a jyz jeʁidin, tʃ'ϕp'liridin ûssup' bir **nanni** jep'ip, k'ϕmɛtʃ'ni dost'uʁanʁa jϕ̄(r)gɛp', ij dıdɛk', ā jɛ̄(r)dɛ bir adɛm jetip' q'e(li)pt'u, ap'ir(ip)p'ırip' k'ılɛmsɛ(n) dıbdi, ap'ir(ip)p'ırip' k'ilɛj dıdi. gɛp' sō(r)musa gɛp' q'ilmaj bırip' k'ɛ̄(l)gin, nımɛ dɛp', iwɛtt'i dɛp sō(r)sa, ɦawa manam, juldız ʁɛliwɛ, aj p'yt'yn dɛp' bɛ̄(r)gin, dıdi. bilɛmsɛ(n) dibdi, bylytmɛ(n) dıdi. dɛp' baqq'ina q'eni dıbdi, sajiq'i gɛp'lini dıdi. ɦɛ, maŋ, dɛp' dıdɛk'ni jolʁa saldi. dıdɛk' aʃni, k'ϕmɛtʃ'ni k'ϕt'yrɛp' bir jɛ̄(r)gɛ beribdi, dıdɛkniŋ bir adiʃi uʃridi. ɦoj dıdɛk', sıniŋ mɛndin bilɛk' bir nɛ̄(r)sɛŋ bā(r)ʁa oχʃajt'u, dɛp' k'alliʁa ikk'i ɦapp'a, q'oŋʁa ikk'i p'aʃp'a bilɛn urdi. k'ϕmɛtʃ'niŋ p'utʃ'uq'ini jiwaldi, aʃniŋ jyz jeʁini, tʃ'ϕp'ini itʃ'iwaldi. p'utʃ'uq' k'ϕmɛʃ'ni, sujuq' aʃni k'ϕt'yrɛp' wizirniŋ q'eʃ(i)q'a bā(r)di. ɦɛj ak'a, χenim sizgɛ muʃuni iwɛt'ibdi.

ɦɛ̃, ɛk'ɪlɪŋ, xeniŋiz nɪmidɛp' iwɛt'ti? dɪdɛk t'urup' dɪdik'i, ɦawa manam, julduz ʁɛliwɛ, aj p'ayt'yn dɛp' iwɛtt'i. χeniŋizʁa iwɛtk'ili ɦeʃ nɛ̄(r)sɛm joq', aʃu sɸgɛtt'in biɾ siq'im ʃiwiq' ɛk'iliŋ dɪdi. dɪdɛk' berip' bir siq'im ʃiwiq'ni elip' k'ɛldi. dost'uʁanʁa jɸ̄(r)gɛp', χeniŋiz gɛp' q'ilmisa, gɛp' q'ilmaj ɸ̄(j)gɛ ɛk'irip' q'ojaŋ, dost'uʁanni nɪmidɛp' bɛ̄(r)di, dɪsɛ, ɦawa otʃ'uq', julduz tʃ'otʃ'uq', aj p'utʃ'uq' dɛp' bɛ̄(r)di, dɛŋ dɪdi. ɦoj dɪdɛk, sɛn k'ɸmɛtʃ'niŋ p'utʃ'uq'ini, aʃniŋ jyz jeʁi bilɛn tʃ'ɸp'ini nɛ̄gɛ bɛ̄(r)diŋ, dɛp' dost'uʁandiki ʃiwiq'ni elip' ɦeliq'i dɪdɛk'ni ū(r)di. dadisi uχluʁan jɛ̄(r)din q'op'ap' aritʃ'iliwatt'i. u wiziɾ jenip' ʃɛ̄(r)gɛ k'i(ri)p' k'ɛtt'i. p'adiʃa t'urup' ejtt'ik'i, ij wizir nɛ̄gɛ bā(r)diŋiz? wiziɾ: siligɛ χot'un gɛp'lɛʃk'ili beribdim, dɪdi. mɛn bō(l)sam bir k'att'a p'adiʃa bō(l)sam, siz bō(l)siŋiz ytʃ' wizirniŋ ō(r)nuʁa bō(l)ʁan, bir wizir bō(l)siŋiz, mɪniŋ at' – āwujumni buzup' p'ijadɛ tʃ'iq'ip'siz, bunuŋ bijni ɦɛrgiz andā(ʁ) iʃni q'ilmaŋ, dɪdi. jana bɛʃ – on k'yn ɸtt'i, wizir t'urup' χot'unni bir gɛp'liʃip' k'ijsɛm bolamt'ik'i dɪdi. p'adiʃa, t'oχt'aŋ, dɛp' yzi minit'q'an jaχʃi at'ni t'oq'up'

bɛ̄(r)di. wizir atq'a minip' q'izniŋ q'eʃ(i)q'a tʃ'iq'ip' t'ojluq'ni ytʃ' danɛ goɦɛrgɛ gɛp'liʃip' k'ijdi. p'adiʃa ejtt'i, ij wizir tʃ'iq'ip' k'ɛldiŋizmuʔ waj tʃ'iq'ip' k'ɛldim. ij wizir at' jaχʃi, abdan at'mik'ɛnʔ wizir: waj p'adiʃaji alɛm, najit'i jaχʃi, bılɛn atk'ɛn, ʃuʁunisi, bir k'ala imip' semmidik'i dɛjtmɛ(n) dıdi. p'adiʃa ejtt'i: ɦazir at'ni ā(l)ʁan adɛmni q'itʃ'irip' elip' k'ijgin, dıdi. u at'ni ā(l)ʁan ɛdɛm k'ɛldi. ij adɛm, at'ni q'ajdā(ʁ) beq'ibdiŋiz dıdi. ol adɛm ejtt'ik'i, waj p'adiʃaji alɛm, bu at'niŋ anisi ɸlɛp' q'elip', bir zat'liʁ k'alimiz bejdi, ʃuni imit'ip' beq'ibdyk', dıdi. p'adiʃa ejtt'i, ij wizir bunuŋ k'ala ɛmgin(i)ni q'ajda(ʁ) byldyŋ, dıdi. wizir ejtt'i: ij p'adiʃaji alɛm, sudin tʃ'iq'ip' bolap' ā(r)q'a p'ātʃ'iq'ini silk'ijtk'ɛn, ʃuŋa k'ala imip' semmidik'i dıdim. p'adiʃa mijɛgɛ nan ɛtʃ'iqiŋlā(r) dıdi. nanni jɛp' olt'urup' wizir: ij p'adiʃaji alɛm, islɛ bir nawajniŋ balisimidilik'in dıdi. eʁizdin tʃ'iq'ā(r) ɦaman p'adiʃa ɦazir anamni q'itʃ'(i)riŋlā(r) dıdi. anisi jıt'ip' k'ɛldi. p'adiʃa: ij ana! mɛn k'imniŋ balisi, dıdi. anisi: waj balam, siz mıniŋ balam, dadiŋiz p'alani p'adiʃa dıdi. p'adiʃa rasti'ŋizni dɛŋ, mɛn sizni ɸlt'rytmɛ̄(n), dıdi. anisi

waj balam, mɛn p'adiʃadin bir k'am q'ex danɛ q'iz t'uqq'an, jana eʁi(r) q'att'im, p'adiʃa iʃk'arʁa maŋdi, ɛmdi sɛn q'iz t'uʁsaŋ, yzɛŋnimu k'ɸmytmɛ(n), balaŋnimu k'ɸmytmɛ(n) dɛp' ɛmir q'ilʁan. p'adiʃa iʃk'ardin k'ɛ̄(l)gytʃ'ɛ q'iz t'uʁdum, aʁiz(i)ʁa ɛmtʃ'ɛk' sā(l)maj bazā(r)niŋ itʃ'ini baχsam, bir nawajniŋ χot'(u)ni oʁal tuʁupt'u. ʃunuŋʁa t'ɪgiʃip' baqq'an. sizniŋ ɛsli t'ɸrɛlgɛn jɪriŋiz nawajniŋ balisi, aʁziŋizʁa ɛmtʃ'ɛk' selip' baqq'an aniŋiz mɛn, dadiŋiz p'alantʃ'i p'adiʃa, dɪdi. p'adiʃa ejtt'i: ij wizir, mɪniŋ nawajniŋ balisiliq'imni q'ajdaʁ bildiŋ dɪdi. wizir ejtt'i: ij p'adiʃaji alɛm, nanniŋ oŋ jyzigɛ bij, t'ɛt'ȳ(r) jyzigɛ bij q'ā(r)lap' beqip' jɛjtlik'ɛn, ʃuŋa nawajniŋ balisimik'in dɛbdim dɪdi. bɛʃ – on k'yn ɸtt'i. wizir: ij p'adiʃaji alɛm, χot'unni ɛk'ɛ(l)sɛk' bolamt'ik'i, dɪdi. p'adiʃa: jaχʃi bolut'u, dɛp' ʁɛzinidin ytʃ danɛ goɦɛr ɛpp'ɛ̄(r)di. p'adiʃa: ij wizir goɦɛr jaχʃimik'ɛn dɪdi. wizir waj p'adiʃaji alɛm, najiti jaχʃi, bilɛn goɦɛrk'ɛn, muʃu bijsiniŋ itʃ'idɛ bij dʐandā(r) bā(r)mik'i dɛjtmɛ(n) dɪdi. p'adiʃa goɦɛrni tʃ'eq'iŋlā(r) dɪdi. wizir: ij p'adiʃaji alɛm, goɦɛrni tʃ'aq'misaq', bir goɦɛr dɪgɛn bir ʃɛɦɛrniŋ baɦasi, dɪdi. p'adiʃa: jaq',

tʃ'eq'iŋlā(r) dıdi. goɦɛrni tʃ'aqt'i. itʃ'idin bir danɛ q'urut' k'ɸk' majsa tʃ'iʃlɛglig tʃ'iqt'i. p'adiʃa: ij wizir, ja dɛzi bō(l)musa, ja tʃ'ek'i bō(l)musa, bunuŋ itʃ'idɛ dʐandā(r) bā(r)liq'ini q'ajda(ʁ) byldyŋ, dıdi. q'olamʁa issiʁ urunubdi, ʃuŋa dʐandā(r) bā(r)mik'i dıbdim dıdi. p'adiʃa bılɛk' jɛnɛ bir goɦɛr e(li)p' bɛ̄(r)di. p'adiʃa: ij wizir, χot'unni ɛk'ilɛmsiz, dıdi. wizir: ɛk'ilɛj dıdi. p'adiʃa: ɛmisɛ. χot'unni ɛk'iliŋ, ıginma k'ijmysyn, jaliŋatʃ'ma k'ɛ̄(l)misyn, p'ijadima maŋmisun, ulaqq'ima minmisyn, syk'igima tʃ'iq'misun, p'alt'ukt'ima t'ū(r)misun dıdi. wizir jaχʃi bolut'u dɛp' q'assap' baziriʁa bā(r)di, bɛʃ - t'ɸt' q'ojnuŋ t'aʃ ıt'ini sojdā(r)di, sɛjp'uŋ q'eʃ(i)q'a bā(r)di, ytʃ' - t'ɸt' jɛ̄(r)din q'adap' bij tʃ'ap'an t'ɛjjā(r) q'ildi. χārɛt' q'eʃ(i)q'a bā(r)di, bir p'ɛlt'ɛŋni t'ɛjjā(r) q'ildi. q'izniŋk'idɛ bā(r)di, q'izniŋ itʃ'igɛ ɦɛr t'yrlyg ıgin - ajaʁlā(r) k'ijgyzdi, t'eʃ(i)q'a goʃ tʃ'ap'anni k'ijgyzdi. q'izni p'ɛlt'ɛŋgɛ aldi, wizir ikk'i t'ırɛpt'in t'ut'up' k'ɸt'ɛ̄(r)di. ap'irip' p'adiʃaniŋ p'alt'uk'is(i)t'a q'ojdi. p'adiʃa ʃundaʁ q'ā(r)lidi, q'epq'izil goʃ k'ɸrɛndi, jana bir q'ā(r) lidi ɦɛr q'isma ıgin bilɛn k'ɸrɛndi, jana bir

q‘ā(r)lidi, ja syk‘ygɛ tʃ‘iqmapt‘u, ja p‘ut‘i p‘alt‘ukt‘a t‘ū(r)mapt‘u. ʃuni k‘ɸ(r)di. wizir q‘izni p‘adiʃaʁa nik‘a q‘ildi, ulā(r) boluʃap ʃu ɸjdɛ. q‘aldi.

× × ×

paltuk — تاپسا.
sykɛ — سۇپا.
pɛltɛŋ — بەلدىڭ.

خوتەن ئېلچى ناھىيە ئاقتاش رايونى، سەيدى مەممەت (ياغ) دىن خاتىرىلەنگەن قوشاقلار:

1956 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى

ɸst‘ɛŋ bojida k‘āt‘u,
ajimχan dut‘ā(r) tʃ‘āt‘u. (<tʃ‘alit‘u)
ajimχan dut‘ā(r) tʃ‘ā(l)sa,
jaʃ ballā(r) ɦɛj(r)an q‘at‘u (<q‘alit‘u).

mɛn bu jɛ̄(r)gɛ k‘ɛlmɛjttim,
baʃlap‘ k‘ɛ(l)gɛn ʃul jarim,
aʃiq‘ bilɛn mɛʃuq‘ni,
ariwɛtk‘ɛn xudajim.

bɛʃ - alt‘ɛ zaman boldi,
alɛm tʃ‘ɸ̄(r)gilɛj dɛjt‘u.

jyrɛkt'ik'i zɛrdap su,
q'anʁa ɸ̄(r)gilɛj dɛjt'u.

ɸst'ɛŋ beʃ(i)t'in ʃaχ k'ɛssɛm,
sajliʁili bā(r)ʁum joq'.
ot' k'ɛtsun ʃu mɛllɛŋgɛ,
ojniʁili jarim joq'.

bir baqq'a anā(r) saldim,
bir baqq'a jalaŋ t'āʁatʃ'.
tʃ'ɸ̄(r)gylyp' k'ɪt'ɛlmijsɛn,
k'ɸŋlyŋni eliwalʁatʃ'.

sɪniŋ mɛna, sɪniŋ mɛn,
sɪniŋ ɛmɛs k'imniŋ mɛn.
ʃɛɦidanɛ χot'ɛndɛ,
set'iwalʁan q'uluŋmɛn.

iʃik' aldi julʁunluq',
tʃ'ɸrisi q'izil gulluq'.
aʃina t'ut'aj dɪsɛm,
jandʑuq'umda bij p'ul joq'.

latʃ'in soqq'an t'oʃq'anniŋ,
dʑaŋgalda uwasi bā(r).

χot'εnlig jïgit'lε̄(r)niŋ,
ʃu ʃε̄(hε)rdε nımεsi bā(r).

anam mıni t'illajt'u,
beq'ip' ā(l)ʁan balis(i)t'εk'.
t'illap' bolap' aldajt'u,
jeŋi baʁniŋ almis(i)t'εk'.

maŋsaq' jollā(r) tʃ'amʁuluq',
tʃ'amʁuluqtʃ'ε maŋʁuluq'.
jeŋi t'utq'an jarimniŋ,
bij q'ā(r)liʃi jambuluq'.

t'εlp'ik'im sεkk'iz t'ala,
t'ϕt'i ala, t'ϕt'i q'ara.
sεkk'iz aj ot'uŋda k'ϕjsεm,
bilmigεn k'ϕŋli q'ara.

ojniʁili uz jaχʃi,
t'eriliʁili muz jaχʃi, (t'ejilʁili)
bolā(r) – bolmas ʃol jā(r)din,
jandzuqt'ik'i p'ul jaχʃı.

aq' tʃ'εk'mεn, q'izil tʃ'εk'mεn,
jεŋdε(<rεŋdε) boriʁan(<bojiʁan) tʃ'εk'mεn.

jaʃ ballidin bi χɛwɛ̄(r),
tʃʻokʻanlā(r) bolā(r) dɛtmɛn.

iʃ(i)kʻ ajliŋdin ɸtkʻɛngɛ,
kʻɸrɛpʻ qʻalitʻu dɛmsɛn.
mɛndin baʃqʻa jari joqʻ,
ɸlɛpʻ qʻalitʻu dɛmsɛn.

atʻim atqʻa oχʃajtʻu,
jarim jatqʻa oχʃajtʻu,
jā(r)niŋ kʻɸŋli siŋājan,
jā(r) tʻutqʻanʁa oχʃajtʻu.

1956 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى خوتەن قارا
قاشتا ئابدۇسايىت ۋە ئايۇپئاخۇن، مەمتئاخۇنلاردىن خاتىرى-
لەنگەن قوشاقلار:

iʃ(i)kʻajliŋʁa mɛn bā(r)dim,
sɛglɛriŋgɛ jalwā(r)dim,
tʃʻiqmajsɛ(n) tʻala - tʻyzgɛ,
zɛpʻirɛŋdɛj saʁā(r)dim.

aqʻ tʻɛlpʻɛkʻ qʻara tʻɛlpɛkʻ,
mɛn kʻɛjsɛm jaraʃamtʻu,

t'aʃiliʁ ƙaramzadɛ,
jarimni t'alaʃamt'u?

eriq'iŋʁa su k'ɛldi,
azma – azma ʃā(r)q'irap',
mɪniŋ jarim saj k'ɛldi,
t'olan ajdɛj p'ā(r)q'irap'.

• t'aʃiliʁ — ياقا يۇرتلۇق.
azma — شارقىراتما.
saj — هېلى

eriq' beʃ(i)q'a ɸj saldim,
itʃ'i – t'eʃ(i)ni suwatmaj
tʃ'ok'anlā(r) sɸjɛj dijt'u,
aʁzi – beʃ(i)ni juwatmaj.

aq' q'utʃq'atʃ' q'ara q'utʃq'atʃ',
aq' budajʁa t'ojdaŋmu?
χot'ɛnniŋ sɪtɛŋliri,
jaʃ balliʁa t'ojdaŋmu?

mak'uj ɸst'ɛŋ bojida,
ynypt'u ɛ̄(r)mɛn jap'ilaq',

χot'ɛnni ist'isɛm joqt'uɾ,
mıniŋ jaɾimdɛj jumulaq'.

ɸt'yk'ɛm majmaqq'a k'ɛtt'i,
sim bɛχīniŋ dē(r)digɛ.
on dʐenimniŋ bijsi joq',
sɛn χenimniŋ dē(r)digɛ.

mɛn bazā(r)ʁa bā(r)misam,
ɦɛpt'idɛ k'ɛlmɛjt'u bazā(r).
sɛn χenimni k'ɸ̄(r)misɛm,
gelimdin ɸtmɛjt'u ʁiza.

q'ōʁun t'eridim t'oŋda,
sojma tʃ'yʃyt'u oŋda.
ojanni t'ola ojnap',
t'ambal q'ā(l)midi q'oŋda.

waj χenim mut' k'ɛtmisyn,
ɸgzɛŋgɛ ʃūt'uŋ jɛtmisyn.
sɛn yzɛŋ ɦajat' t'urup',
k'ɸjgɛnliɾim mut' k'ɛtmisyn.

mɛn bu joltʃ'ɛ maŋmajtt'im,
maŋsam ɦɛ(r) t'ırɛpt'ɛ jol.

dost'un t'olīk'ɛn dyʃmɛn,
jā(r) yzɛŋgɛ agā(h)bol.

a t'ɪrɛpt'ɛ bij tʃ'omtʃ'aq'.
ma t'ɪrɛpt'ɛ bij tʃ'omtʃ'aq',
ʃu k'ɛmdik'i sɪt'ɛŋlɛ̄(r),
dɛlgydɛ* q'ā(l)ʁan k'ɸk' q'omtʃ'aq'.

aq' saɾajdin χot'un aldim,
osmisi ō(r)ʁaqtʃ'ɛ bā(r).
q'ejnat'am zɛ̄(r)dā(r) ɛdɛm,
k'ɛtmini t'ā(r)ʁaqtʃ'ɛ bā(r).

ɸzi k'ɛ(l)syn dɛmmit'u,
sɸzi k'ɛ(l)syn dɛmmit'u.
q'aɾiq'aʃ dɛjjasida,
eq'ip' ɸlsyn dɛmmit'u.

aq' saɾajʁa k'ijgytʃ'ɛ,
t'oqq'azni aldim janʁutʃ'ɛ.
bā(r) - joq'amni jɪwalaj,
t'uʁmas χot'unʁa q'alʁutʃ'ɛ.

---

* دەلۆە — كۆز ئېيى

ɦaraq‘ itʃ‘sɛm mɛs ɛmɛs.
mɛjzɛp‘ itʃ‘sɛm mɛs ɛmɛs.
baldij sφjgɛn jarimni,
ɛmdi sφjmɛk‘ t‘ɛs ɛmɛs.

p‘ijalminiŋ joli joq‘,
jol salā(r)niŋ ō(r)ni joq‘.
k‘ɛ̄(l)sɛ k‘ɛ̄(l)syn k‘ɛ̄(l)misɛ joq‘,
mɛn barā(r)niŋ ō(r)ni joq‘.

itʃ‘mɛjmɛn musɛllɛsni,
mɛs q‘ilmajtk‘ɛn k‘iʃ(i)ni.
φzidin. tʃ‘oŋni jā(r) t‘utsa,
k‘φzigɛ ilmajtk‘ɛn k‘iʃ(i)ni.

bā(r)sam iʃik‘ dɛmlɛglig,
jan jaʁatʃq‘a jɛmlɛglig.
jarim bɛ̄(r)gɛn t‘amak‘u,
k‘φz jaʃida nɛmdɛglig.

mɛn barajmu bā(r)majmu,
q‘ojtʃ‘i bajniŋ gɛ̄(r)mis(i)k‘ɛ.
jarimni t‘ɪgiʃmɛjmɛn,
χot‘ɛnligniŋ ɦɛmmis(i)k‘ɛ.

eɾiq'iŋʁa su k'ɛldi,
tānijiŋdin ϕt'mɛjt'u.
mɪniŋ jaɾim ϕjdɛ joq',
ajlimʁa jolaq'majt'u.

k'ɪt'ibdiŋ k'ɛlmidiŋ jaɾim,
jolaŋʁa bā(r)ʁudɛj boldum.
q'olamʁa q'oʃ p'itʃ'aq' alip',
jyɾɛk'ni jā(r)ʁudɛj boldum.

jaɾim bazā(r)ʁa bā(r)majt'u,
ɦɛɾgiz bazā(r)din q'ā(l)majt'u.
biɾ dʑiŋ goʃma a(l)majt'u,
ɦɛpt'ɛ goʃsiz q'ā(l)majt'u.

otʃ'uq'aŋniŋ dɛpt'i joq',
q'oʃ k'ϕt'ɛk' salʁan χenim.
tʃ'ap'iniŋniŋ jɪŋi joq',
awīʁa q'ol salʁan χenim.

atq'a mindim p'uʃt'aŋsiz*,
at'ni t'oq'up' mingɛnsiz.
χot'nini mɛndin k'ynlɛptu',
ɛ̄ʃɛdik'i iʃt'ansiz.

---

* پۇشتاڭ — تولاڭ،

sɪni dɛjmu sɪni dɛjmu,
sɪni k'ϕ̄(r)mij ϕlɛɾmɛnmu?
sɪni k'ϕ(r)mij ϕlɛp' k'ɛtsɛm,
miɾadimʁa jɪt'ɛɾmɛnmu?

bizniŋ ϕjni sō(r)sila,
q'aq'liʁdijaq', q'ājaʃdijaq',
jeniʃimni sō(r)sila,
ʃɛnbi k'yni p'ɪʃindijaq'.

aq' tʃ'ogunʁa tʃ'aj saldim,
tʃ'aj tʃ'ogunʁa tʃ'aj nɛ̄dɛ.
aʃnaŋ talaʁa tʃ'iq'ipt'u,
sizdɛj jā(r)ʁa ɛ̄(r) nɛ̄dɛ.

tʃ'inini sunuq' dɪmɛŋ,
k'ϕŋnɛm tʃ'iniɗin sunuq'.
jā(r) q'eʃimda bolmusa,
alɛm maŋa q'aɾaŋʁuluq'.

iʃʃiq'lima guɾundʑi,
daɾask'alma guɾundʑi.
ʃu k'ɛmdiki tʃ'ok'anlā(r),
ϕt'yk'ɛmgɛ oɾundʑi.

ɦawɾis(i)niŋ oq'i k'ymyʃ,
jā(r) nımiʃq'a k'ɛlmɛjmiʃ.
jā(r) ɸzi k'ılij dısɛ,
ɸjdiki majmaq' q'ojmajmiʃ.

t'ɸginiŋ balisi t'ajlaq',
t'alniŋ utʃ'ini jijt'u.
q'aɾiq'aʃniŋ lıwɛnlɛri,
k'ɸzniŋ jeʁini jijt'u.

ɸgzigɛ tʃ'iqt'im ʁɛm bilɛ̄(n).
p'atʃ'aqq'a saldi dɛm bilɛ̄(n).
aʁɾiʃi bɛk' aʁɾidi'
mɛn ɦedʐijip' t'ū(r)ʁan bilɛ̄(n).

ʃapt'ulumniŋ ʃaχi pɛs,
ıgip' baq'sam ıgilmɛs.
aʃnam gujniŋ k'ɸŋli pɛs'
k'im gɛp' q'ilsa jaq' dımɛs.

1956 - يىل 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى خوتەن قارـ
قاشتا نىزامدىن خەلپىدىن خاتىرلەنگەن قوشاقلار:

ɾawip'imniŋ k'āsisi,
k'ɛk'lik' q'eʃi, jilan beʃi.

ist'isɛm t'ep'ilʁudɛj,
sek'ilɛkniŋ mundɛk' beʃi.

ıltʃ'iniŋ ijanida,
q'ātʃ'i bilɛn t'usalla.
baʃ bɛ(r)migɛn sek'ilɛk'ni,
joʁan k'alt'ɛkt'ɛ ɾusalla.

t'ynygɛn tʃ'yʃ waq't'ida,
t'ynykk'ɛ k'ɛldi ʁorulaj.
bu mɛɦɛl ʃumdaʁ mɛɦɛl,
ʃuŋq'ā(r)ni aldi ʁorulaj.

mɛn ɸ̄t'ɛŋgɛ bā(r)majʔmɛ(n),
ot' q'ojwɛ(r)dim ɸ̄t'ɛŋgɛ.
dzuwan aʃna t'utmajʔmɛ(n),
dzigdɛ saldi bɸ̄k'ɛmgɛ.

q'ejnat'am abdan gadaj,
hap'atʃ' ıt'ip' baqq'um k'e(li)t'u,
q'izini q'oʃap' b ɛ̄(r)misɛ,
tʃ'iʃliɾini tʃ'aqq'um k'e(li)t'u.

tʃ'ogun bō(l)sa dzodzaʃliʁ,
tʃ'aj itʃ'itu' q'ajnaʃliʁ.

ʁeq‘idaʃliʁ jaɼiŋ bō(l)sa,
tʃ‘āq‘ ajlist‘a q‘ā(ɼ)laʃliʁ.

mɛn k‘ɪt‘ɛ(ɼ) boldum χenim,
dɛʃ(t)mu dɛʃ(t) q‘umni sanap‘.
anda jaɼim q‘ā(l)ʁudɛj,
aj bilɛ(n) k‘ynni sanap‘.

k‘ɸŋnik‘ɛ̄ŋ joq‘mu χenim‘.
k‘ɛjsɛŋtʃ‘u k‘ɸŋnɛk‘ jāq‘ilap‘.
adiʃiŋ joq‘mu dʐuwan,
jyɼysɛ̄(n) ɸst‘ɛŋ jāq‘ilap‘.

ɸtmigɛn jollā(ɼ) bilɛn,
ɸtt‘i jeʃil t‘onlaʁ χenim.
bu jyɼɛkk‘ɛ ot‘ni sā(l)ʁan,
ʁuntʃ‘ɛ bojlaʁ ʃu χenim.

ɼawip‘im t‘iɼiŋ – t‘iɼiŋ,
itʃ‘idɛ maʃ bā(ɼ)mikinʔ
bizni k‘ɸjdɛɼgɛn χenimniŋ,
baʁɼida t‘aʃ bā(ɼ)mikinʔ

p‘aχt‘a baj – a p‘aχt‘a bā(ɼ),
k‘omzɛk‘ tʃ‘oɼaŋda p‘aχt‘a bā(ɼ).

**ɸst'ɛŋge ʁaʃā(r) tʃ'yʃse,**
jyz beʃimʁa p'ajda bā(r).

aqsu jolida k'ɸ̄(r)dɛŋmu,
ʃalʁa jajʁan tʃ'ɛk'mɛnni.
ʃu χot'ɛndɛ kɸ̄(r)dɛŋmu,
sɛndɛj, mɛndɛj dɛtmɛnni.

tʃ'ilan k'alt'ik'i nɛ̄dɛ,
tʃ'ilan k'āliʁan jɛ̄(r)dɛ.
ojnuʁili q'ojmamsɛn,
k'ɸŋnɛm χāliʁan jɛ(r)dɛ.

iʃ(i)k' ajlist'a naχʃ(a)ejtsam,
dawz(a)ajlist'a t'iŋʃajt'u.
ā(r)q'ida maɾap' t'urup',
baʁ suŋgutʃq'a baʃlajt,u.

eɾiq'iŋni oj ojma,
bɸk'ɛŋni q'iŋā(r) q'ojma.
mɛn sɪniŋ χiliŋ ɛmɛs,
χiliŋni t'ep'ip' ojna.

tʃ'oŋ tʃ'iɾaʁni janduɾup',
k'itʃ'ig tʃ'iɾaʁni tʃ'anduɾup'.
ɛmdi dɛ̄(r)diŋ tʃ'iqt'imu,
q'araŋʁuda jol maŋduɾup'.

# پايدىلىنىلغان ئەسەرلەر


س. يې. مالوۋ: «قۇمۇل شېۋىسى» 1954 - يىل، موسكۋا - لېنىنگراد.

«لوپنۇر دىئالېكتى» 1956 - يىل، فرونزې.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» 1961 - يىل، موسكۋا.

«سېرىق ئۇيغۇر تىلى» 1957 - يىل، ئالمۇتا.

گ. ياررىڭ: «ئۇيغۇرچە - ئىنگلىزچە لۇغەت» 1964 - يىل، لوند.

ئە. ر. تېنىشېۋ: «شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى»، 1963 - يىل، «سوۋېت تۈركولوگىيە تەتقىقاتى».

«ئۇيغۇرچە تېكىستلار» 1984 - يىل، موسكۋا.

«دولانلار ۋە ئۇلارنىڭ تىلى» 1965 - يىل، «ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى».

«تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا كىرىش»، خەنزۇچە نەشرى، 1982 - يىل، بېيجىڭ.

ئىمىن تۇرسۇن: «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئۇنىڭ ئاتالغۇلىرىنى ئىشلەش» (دوكلات)، 1956 - يىل، ئۈرۈمچى.

ئامىنە غاپپار: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ۋە مىللىي ئەدەبىي تىلىمىزنىڭ ئاساسىي دىئالېكتى هەم نورمال تەلەپپۇزى»، «民族语文» ژۇرنىلى، 1980 - يىل.

لى سېڭ: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىئالېكتى هەم ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، قوشۇمچە: هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسىي دىئالېكتى» «中国民族语言论文集» 1986 - يىل، سىچۇەن.

چېن زۇڭجېن: «ئۇيغۇر تىلى چەرچەن شېۋىسىدىكى شېۋىگە خاس

سۆزلەر»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، جەنۇبچە، 1985 - يىل.

جىن شاگيى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى كېرىيە شېۋىسىنىڭ تەلەپپۇزى توغرىسىدا»، 1984 - يىل.

ئارسلان ئابدۇللا: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل شېۋىسى توغرىسىدا»، 1985 - يىل.

گاۋ شىجيې: «لوپنۇر دىئالېكتىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا»، 1985 - يىل.

گاۋ شىجيې: «ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى بۆلۈش مەسىلىسى توغرىسىدا (تۈركىي تىللار ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 4 - قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا سۇنۇلغان ماقالە، 1985 - يىل)»

مەمەتئىبىم سايىت: «خوتەن دىئالېكتىدىكى زۆرۈرىيەت رايى توغرىسىدا» 1986 - يىل.

ئابلەھەت مامۇت: «كەلپىن شېۋىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا»، 1985 - يىل.

لى جىڭۋېي: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت سۆزلىرىنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭ دىئالېكتلارنى ئايرىشتىكى ئەھمىيىتى»، 1985 - يىل.

مۇھەببەت قاسىم: «مۆرتۇق شېۋىسى توغرىسىدا» 1985 - يىل.

ن. ئا. باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللار»، 1986 - يىل، بېيجىڭ. مىللەتلەر نەشرىياتى.

ر. ف. خەن: «تۆت تۈرلۈك يېڭى تەتقىقات باھا»، 1986 - يىل.

ف. د. سوششور: «ئومۇمىي تىلشۇناسلىق دەرسلىكى»، 1980 - يىل، بېيجىڭ.

گاۋ مىڭكەي، شى ئەنشى: «تىلشۇناسلىق مۇقەددىمىسى»، 1979 - يىل.

ما شۆليالا، «تىلشۇناسلىق مۇقەددىمىسى»، 1981 - يىل.

مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» I، I، II توم، 1981 — 1984 - يىل.

جاڭ خۇئيى، مىن داگېڭ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇش فونېمىسى [i] ۋە ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرى توغرىسىدا «民族语文» ژۇرنىلى، 1982 - يىل، 5 - سان.

مۇھەممەد ھەيدەر كورگان: «تارىخى رەشىدى»، 1985 - يىل، ئۈرۈمچى، خەنزۇچە نەشرى.

ئۆمەرجان روزى: «ئىپارخان ۋە ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى — قوشۇمچە ئاق تاغلىق خوجىلار نەسەبنامىسى»، 1986 - يىل. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال).

ئىچكى موڭغۇل داشۆسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن موڭغۇلچە - خەنزۇچە لۇغەت، 1976 - يىل.

ۋ. ۋ. بارتولد: «يەتتەسۇ تارىخىنىڭ ئوچېركلىرى (موغۇلىستان ۋە قالماقلار قىسمى)»، ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمىسى.

ۋ. ئى. روبوروۋسكى: «شەرقىي تىيانشان بىلەن نەنشەنگە ساياھەت»، 1949 - يىل، موسكۋا.

ماچاڭشۇ: «تۈركۈتلەر ۋە تۈركۈت خانلىقى»، 1957 - يىل.

سېن جۇڭمىيەن: «ئومۇمىي تۈركۈت تارىخى».

لىيۇ يىتالاڭ: «ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەتقىقات».

ئەندۇجيەنفۇ: «غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» 1985 - يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شۇي بەيفۇ تەرجىمىسى.

گۇ باۋ: «قەدىمكى كۇچا مۇزىكىسىنىڭ زور تۆھپىسى ۋە ئۇنىڭ چوڭقۇر تەسىرى» 1979 - يىل، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى خەۋەرلىرى» 9 - سان.

ئا. م. شېرباك: «X — XII ئەسىرلەردىكى شەرقىي تۈركىستان يېزىق يادىكارلىقلىرىنىڭ گىراماتىكىسى»، 1961 - يىل، موسكۋا - لېنىنگراد.

ھازىرقى زامان «ئۆزبېك تىلى گىراماتىكىسى»، 1957 - يىل، تاشكەنت.

دۇرۇۋگۇن، بەي سۈيچېك: «غەربىي موڭغۇل تارىخى تەتقىقاتى»، 1986 - يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

سائادەت چاغاتاي: «تۈرك لەھجەلىرى ئۆزەرىنە دىنەمەلەر»، 1978 - يىل، ئەنقەرە.

| | |
|---|---|
| ۋ. كارلگرېن: | خەنزۇچە - ياپونچە لۇغەت. |
| ئەختەم ئۆمەر: | «دولان مەشرەپىدىكى دراماتىك خۇسۇسىيەتلەر توغرىسىدا، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1985 - يىل 4 - سان. |
| رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا: | «تۇرپان شېۋىسى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987 - يىل. |

**现代维吾尔语方言学**（维吾尔文）
米尔苏力唐 著
编辑：安沙尔丁
责任编辑：乌斯满

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市建设路九号）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米 32开本 8.875印张
1989年6月第1版 1990年7月第1次印刷
印数：1——1,700

ISBN7—5371—0423—9/H·4 定价：2.00元